# تارىم

5

1992

# ئەدىب ۋە يول

نۇتۇق ئەدەبىياتىمىزنىڭ يولىنى يورۇتماقتا، ئەدىبلىرىمىز نۇتۇق كۆرسەتكەن يولدا ئۆزلۈكسىز ئىلگىرىلىمەكتە، ئەدەبىياتىمىز بارغانسېرى گۈللەپ ياشنىماقتا.



1956 - يىلى تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ياش ئىجادىيەتچىلەر يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر
1 - رەت ئوڭدىن سولغا: ئەلقەم ئەختەم. لىۋ بەنبوي. خۇ ياڭ. جاۋ شۇلى. ساۋ كۇڭلىيا
2 - رەت ئوڭدىن سولغا: 1 - رەھمىتۇللا ئەيشە. 3 - ئۆمەر ئىمىن. 4 - تېيىبجان ئېلىيېۋ.
6 - ئەرشىدىن تاتلىق. 7 - ئۆمەر عارى. 3 - رەت سول تەرەپتىن 2 - مەھەممەتجان سادى



نىمشېھىت ئارمىيە (سولدىن 1 - كىشى) مۇقامچى تۇردى
ئاخۇن ئاكا. تېيىجان ئېلىيېۋ ۋە سىراجىدىن زوۋبەر بىلەن بىللە.



ئەھمەد زىيائى (سولدىن 2 - كىشى) ئابدۇرېھىم
ئۆتكۈر، مەمتىلى زۇنۇن قاتارلىق ئەدىبلەر بىللە.



زۇنۇن قادىر (سولدىن 2 - كىشى) ياش ئەدىبلەر بىلەن بىللە.



ئەلقەم ئەختەم، ياسىن خۇدابەردى، ئابلىز نازىملار.



www.uyghurkitap.com

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

5

1992

42-يىل نەشرى

# بۇ سانىدا

## نەسرىي ئەسەرلەر


ئا. ئوسمان.............. ئۈزۈلمەس ئىقىن (ئەدەبىي ئاخبارات) .... ............... 12

پ. قادىر................ تاغ ئىچىدىن چىققۇچە (ھېكايە) ........................ .. 23

م. مۇھەممەت........... ئىككى ھېكايە ............................. ........... 26

ئە. ئەھەت................ بولۇمسىز ئەر (ھېكايە) ...... ............................. 31

ئو. قاۋۇل................. ئەپىيۈنگۈل (نەسىر) ............. ......... ....... ..... ....... 45

پ. ئەلياس.............. ئارمانلار يېلىنجايدۇ (پوۋېست) ............. ............. 57


## شېئىرلار


ت. داۋامەت........... جۇخەي ئۈنچىلىرى ............................... 4

ئا. تۇنىياز............ كەتتى بىر قىز نىلۇپەر بولۇپ ........................ 5

س. كېرىم............ ... ناخشامغا قېتىۋالدىم ............................. 8

ت. تۇرسۇن............ ئانا سەھرا، سۆيىمەن سېنى ......................... 9

ئە. پەتتارى........... سېنىڭ سۈرىتىڭ .............................. 10

ئا. ئابدۇخېۋىر........ مەنلىك قاراشلار .. .................................. 10

ر. سايىت................ غەزەللەر ....................................... 49

ھ. رەجەپ.............. ئوخشاپ قالدىم قەلبىمدىكى ئۆزۈمگە ............... 52

ن. ئېلاخۇن............. ئەجداد ۋە ئەۋلاد ................................... 53

ج. مەھەممەت........... جاۋاب ................... ........................ 55

ئۆ. شاۋۇدۇن........... چاكقىغان يۈرەك .............................. 55

ئە. داۋۇت.............. گۈزەللىنسۇن تەبىئەت ............................ 55

ت. ناسىرى ............. ئاي ۋە ياپراق ................................ 56

ئۆ. مۇھەممدى........ سۆيگۈ ۋە ياشلىق ............................. 56

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


ئە. ئابدۇرېھىم...... ئەدەبىيات ۋە خەلق ............................................... 120
ئارسلان............ لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ھايات مەشئىلى ................................ 130
م. ئىمىن............ چىنلىق، ماھىيەت ۋە خاھىش .................................... 141
ئە. قاسىم............ «ئاقساق بۇغا» ھەققىدە مۇلاھىزە ................................ 148


## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن


ف. كارگو ............ گۈل ساتقۇچى قىز (ھېكايە) .................................... 156
س. مولۇسېكو.......... بىر پۇقرانىڭ تەقدىرى (ھېكايە)...................................... 157


*    *    *

بۇ سانىنىڭ رەسىم ۋە ھۆسن خەتلىرىنى م. ئايۇپ ئىشلىگەن.


باش مۇھەررىر: مەھەممەت شاۋۇدۇن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ئارسلان
مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىز نازىرى، ئەلقەم ئەختەم

تەھرىر ھەيئەتلەر (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئارسلان، ئابدۇروسۇل ئۆمەر، ئابلىكىم باقى، تۇرغان شاۋۇدۇن، تۇرسۇنئاي دۈسەيىن، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت شاۋۇدۇن، مەھەممەت زونۇن، مەھمۇد زەيىدى، ئىمىن تۇرسۇن، ئىمىن ئەخمىدى، زوردۇن سابىر.

تۆمۈر داۋامەت

# جۇخەي ئۈنچىلىرى

## جۇخەي نەزمىسى

ۋەتەنىنىڭ شەرقىدىكى
گۆھەرسەن جۇخەي،
پارلىغان نۇرلىرىڭ قىلار مەھلىيا.
ساياھەت ـ سەيلىنىڭ قۇتلۇق جايى سەن،
پاراغەت بېغىسەن شەھەرلەر ئارا.

جۇخەي سەن
دىللارنى مەست قىلغان دېڭىز،
نەم خۇش، ساپ ھەم خۇش بۇي سەندىكى ھاۋا.
كوچىلار ـ رەستىلەر سۈرەتتەك گۈزەل،
دېڭىزغا ياندىشىپ تۇرار تاغ ـ قىيا.

جۇخەي سەن
پورۇقلاپ قاينىغان دېڭىز،
بىنالار قەد كۆتەرگەن يۆلىنىپ تاغقا.
ئۇ گويا قاراۋۇل تاغ بېلىدىكى
ھەم ئاسمان شوتىسى تۇرغان قىرغاقتا.

جۇخەي سەن
قۇچىقى بىپايان دېڭىز،
چەت ئەللىك دوستلارغا ئوچۇق دەرۋازاڭ.
شىاڭگاڭنى، تەيۋەننى، ئاۋمېنىنى باغلار
قاتناش تەك تۇتىشىپ ھەر ياققا راۋان.

جۇخەي سەن
كەشتىدەك چاقنىغان دېڭىز،
ئىسلاھات، ئېچىشنىڭ مەزمۇت قەدىمى
ياشلىقنىڭ كۆچىنى ئەيلەر نامايان.
داڭقىڭ ھەر تەرەپكە كەڭرى تارالغان.

جۇخەي مەن
سۆيىمەن قەلبىمدىن سېنى،
كۈيلەيمەن شەنىڭنى يېزىپ كۈي ـ داستان.
گۈل كەبى گۈزەللىك باركەن ئۆزۈڭدە،
دېڭىزدەك كۆڭۈل بار ئادەملىرىڭدە،
ياغاركەن ئىشىڭدىن زەپەر، شەرەپ ـ شان.

ئۆزگەرگەن ھۆسنۈڭگە ئېيتتىم ئاپىرىن!
ئۇرغۇدى قوينۇڭغا كەلسەم ھاياجان.
ئىشەندىم ئەتەڭنىڭ پارلاقلىقىغا،
سەن ۋەتەن دەرۋازىسى،
بەستىڭدە مەڭگۈ
سوتسىيالىزم نۇرلىرى قىلىدۇ جەۋلان.

## سۈپسۈزۈك دېڭىز

يۈز ئاچتىڭ ئالدىمدا سۈزۈلۈپ دېڭىز،
دولقۇنلار قىلىدۇ تەزىم قاتلىشىپ.
شامىلىڭ يەلپۈيدۇ تاراپ چېچىمنى،
سەكرەر كۈن نۇرلىرى دولقۇن ئاتلىشىپ.
چۆللەرنىڭ سالىمىنى ئەپكەلدىم ساڭا،
قۇملارنىڭ جىلۋىسىنى، غەملىرىنى ھەم.
ئۇ جىلۋە رەڭگارەڭ دۇنيا مىسالى،
ئۇ غەمگە چاڭقاشلار، ئىنتىلىشلەر جەم.
ئاستىغا مۆكۈنگەن بايلىقى چەكسىز،
تەشنالىق شۇ كۆچتىن كەلگەندۇر بەلكىم.

بېلىقنىڭ ھېدى يوق، گۈلنىڭ ھىدى بار
بار نېفىت ئوكيانى ئاققان بىتىنىم.
قۇملۇقلار ئالتۇنلۇق، كۈمۈشلۈك ھېكمەت،
بىپايان يۇلغۇنلۇق، توغراقلىقمۇ بار.
ئۇنىڭمۇ بوراندا كېلەر غەزىپى،
قۇملارنىڭ كۆچۈشى دەھشەت بىقارار.
سەندىنمۇ كۆردۈمەن ئاشۇنداق كۆچنى،
ئىلگىرىلەش نەرسى تارتقان چوڭ دېڭىز.
سەھەردە پارلىدىڭ سەنمۇ غايەمدەك،
ئەركىن،پاك،سۈپسۈزۈك،كەڭرى، تىنىمسىز.
1992 - يىل 1 - يانۋار، جۇخەي.

ئادىل تۇنىياز

# كەتتى بىر قىز نىلۇپەر بولۇپ

## مۇزىكىنىڭ سۈرىتى

لەيلەپ چۈشتى ئالتۇن رەڭ ئاۋاز،
شىلدىرلايدۇ تامدا بۇلاقلار،
قالدى بىر قىز نىلۇپەر بولۇپ.

قاراپ باقساڭ بولماي تۇرۇپ مەست،
دۇنيا ئۇنچە چىرايلىق ئەمەس.
ھايات بىزنى چارچاتتى بەكمۇ،
كەل، مۇزىكا تىڭشايلى بىر پەس.
بىز ئەسلىدە دىلداش ئىكەنمىز،
بىلىشمەستىن يۈرۈپتۇق سەن، مەن.
شەرتى ئەمەس مەيلا كۆڭۈلنىڭ،
مەيدە ئەمەس كەيپىلىك دېگەن.

ئۈنئالغۇدىن تونۇش بىرسىنىڭ
بارماقلىرى سىيلار يۈزۈمنى
كىم ئۇ كەلگەن ئاي شولىسىدەك؟
ئەپقاچقىنى كىم ئۇ كۆزىنى؟
پۇت - قولۇمغا قاراپ باقىمەن،
قانات چىقىپ قالدىمۇ نېمە،
ئۇچۇپ كېتىپ قالماي ئاسمانغا.

ئەتىيازنىڭ ئاۋازى بىلەن
قىنچقارماقتا سازاڭلار بىزنى.
شەھەر بىر تال نۇر تامچىسىدۇر
كۆز يامغۇرى توختىغان كۈنى.

www.uyghurkitap.com

كەل مۇزىكا، كەلگىن، قاراپ باق،
پورەكلەپتۇ شەپەق ئوتلاقتا،
ماياقلايدۇ قوزىلار ئوماق.
پەرىزاتلار چۈشسە مۇنچىغا،
قويۇپ كېتەر خۇش پۇرىقىنى
قەلبىمىزدە قىزلار ياشايدۇ،
كۆرسەتمىدۇق ھېچكىمگە ئۇنى.

مۇزىكىلار تولماقتا ئۆيگە،
سەنمۇ، مەنمۇ بولدۇق پەرىشتە.

ئىككىمىزلا قالدۇق دۇنيادا،
قالدى پەقەت ئىككى مۇزىكا،
مەۋجۇت ئەمەس باشقا ھېچنېمە!

كەتتى بىر قىز نىلۇپەر بولۇپ،
شىلدىرلايدۇ تامدا بۇلاقلار،
ئۆرۈمچى،
مەن ئۈچۈن ئەڭ يېقىملىق
مۇزىكا سەن يەر شارىدىكى.

## قار ياغقان كۈنى

ئاق گۈل دەستە كۆتۈرگەنچە قىش
ورمانلىقتا كۈتمەكتە بىزنى.
يۈر، باشقىلار كۆرۈپ قالمىسۇن،
چۆچۈپ تۇرغان كۆزلىرىمىزنى.

ئىككى قۇلان ماڭدى ئوتلاققا،
ئىككى قەلئە چاقنار ئۇزاقتا.
قانداق قىلار كەمبەغەل شائىر
ئۇچراپ قالسا قار ياغقان كۈنى
ئۈۋدىن قايتقان گۈزەل خانىشقا.

يۇمشاق تاشلىق يالىلىق چىغىريول،
ئېھ، نەقەدەر ئامراق مەن ساڭا.
ئامراق بولۇپ قالدىم مەن بۈگۈن،
قىش پەسلىدەك سوغۇق ھاياتقا.
قار ئۈستىدە قىزچاقتەك شەھەر،
قار ئۈستىدە ئۇخلايدۇ گۈللەر.
سەن قەيەردە، ئەي چىرايلىق مەست،
سەن قەيەردە ئالمىلىق كەنتىم،
ئاي شولىسى پارلىغان مەسچىت،

سېغىنغۇم بار خۇداغا جىمجىت.
كەل تەبىئەت، ساقى بولۇپ بەر،
ئىچكۈم كەلدى ئۈلپەت بولۇشۇپ،
ئىت ۋە يۇلتۇز بىلەن ئولتۇرۇپ
ئىچىشەيلى مەست بولغۇچە تۈن،
جېنىم ساقىي، قۇيغىن تولدۇرۇپ!

قارىغىنا ئۇچماقتا شارپاڭ،
كەلمەكتە قىش دەسسەپ ئاق قارغا.
ئېسەدىسۇن مۇزىكا مەيلى،
ئۆتمىلغۇنى ئېچىپ قوي چوڭراق.
كۆڭلىمىزدە بىر يىغا بارغۇ،
قېنىپ - قېنىپ يىغلىمىغىلى
بولۇپ قاپتۇ بىزگە بەك ئۇزاق.

ئارىمىزدا تىنىق جىمجىتلىق،
ھېچ كىشى يوق قار ياغقان كۈنى.
دەل - دەرەخلەر ئوراپ ئاق شارپا،
قارلىق يولدا كۈتمەكتە بىزنى.

## لىپاپ ئىچىدە

ئادرېسىنى يازدىم قۇياشىنىڭ

كەچكى قۇياش پاتتى ئورمانغا،
ئۇ تولىمۇ ئوخشار دادامغا.
ئۇزۇن - ئۇزۇن خەت يازغۇم كېلەر،
بېقىپ تۇنۇدە يېنغالىگىنۇ شامغا.

ئەپەندىلىك قىلىپ ئۇزۇن يىل
چۆشۈپ قالدىڭ ھاسىغا ھازىر.
كۆز پەسلىمۇ كەتتى پەرۋاسىز،
يوق قېشىڭدا ئوغلۇڭمۇ ئاخىر.

ساقاللىرىڭ ئۆسۈپ كەتكەندۇ،
ھويلىمىزنى كۆمگەندۇ ئاق قار.
جىمجىت تۈندەك، توپىلىق يولدا
سەھەر كەبى مېڭىپ كېلەتتىڭ،
ئەكىلەتتىڭ كەنتكە باھار.

قىش پەسلىدەك جىمغۇرسەن بۈگۈن،
ئۈمىدۋار سەن ھاياتتىن ئەمما.
جېنىم دادا، ئېزىلەر باغرىم،
نېچۈن دەردمەن يارالدىم مەنلا؟

ئۇزۇن بولدى پوچتالىيون يوق،
ئۇزۇن بولدى چۈشۈم قۇپقۇرۇق،
يۈرىكىمنى سالدىم لىپاپقا.

## ھۇجرامدىكى سەھەر

ئېرىپ كەتتى سۆزۈك بىر قەغەز

ئۆي ئارقىسىدىن ئاڭلىنار تېڭى
چۈشۈمدىكى قىزنىڭ تىۋىشى.

تۆشىكىمدە ئۇ تاشلاپ قويغان،
بىر تال ئوتىنىڭ خۇش پۇراقلىرى.

مۇشۇ يولدىن قايتقان بايىلا،
ساتالمىغان چامغۇرنى بېسىپ،
توختىكامىنىڭ ئېشەك ھارۋىسى.

جىگدىلىكتىن تۇل چوكان،
چىققان ئىدى پەم بىلەن ئايدەك.
قېقىۋېتىپ كۆڭلەكلىرىنى.

يۇلتۇزلاردىن تىزىپ گۈل دەستە،
قويۇپ قويغان تەكچەمگە كېچە.

ئانام ئۇزۇپ سالدى سېۋەتكە،
گۆھەر كەبى نۇر چېچىپ تۇرغان
مېۋىسىنى تۈن دەرىخىنىڭ.

پەنجىرىدىن كىرىپ ھۇجرامغا،
چاڭگا تىزدى مەرۋايىت قۇشلار.

## فابرىكا

ئۆمۈچۈكلەر توقۇيدۇ كەشتە،
قۇياش موماي توقۇيدۇ كەشتە.
شەھەردىكى توقۇمىچى قىزچاق،
كەپ باقمىدىڭ بىزنىڭ كەنتكە.

ئېي، ئەتىرگۈل ئەگىنىڭ چىرايلىق،
بېرەلەمسەن كەيشكە بىردەم،
بېرىدۇ السۇن تويلارغا ھەدەم.
يۇمشاق چاپان كىيىپتۇ قۇشلار،
ئۆتكۈزىدۇ سوغۇقنى بىغەم.

بۇرۇن - بۇرۇندا
يېڭى كىيىم كىيىپ پادىشاھ،

www.uyghurkitap.com

تۇتۇپ كەتمەك بولغان ۋاقىتتا،
كەنتتىكى توقۇمىچى قىزلار
چىقىپ كەتكەن ئىكەن ئاسمانغا.

تۆت پەسىلنىڭ فابرىكىسىدىن
ساڭا كۆڭلەك چىقتىمۇ ئانا؟
شەپەق بۇ رەت بەرسە رەڭدار يىپ،
توقۇپ بەرگىن پوپايكا ماڭا.

## كۈن چىققاندا

ماشىنىسى فېرمىنىڭ
ئېلىپ كەلدى سۈتتەك كۈندۈزنى.

ئۇچرىشىمىز كۈن پاتقان چاغدا.

كۆنۈپ كەتكەن قوللىرىم بۈگۈن
گالستۇكنى چىگەلمەس ئەپلەپ.
نېمە بولدى ئۈستىلىم ئەجەب،
ئۆي ئىچىدە يۈرىدۇ لەيلەپ.
ئاپلا،
پارۋاي توغرا ئورنىتىلماپتۇ،
تەشتەك ئەسلى بۇ يەردە ئەمەس،
ئىشىك دېرىزە ئالمىشىپ قاپتۇ.
قانچە ئالساڭ ساتقۇچى ئايال

سېتىۋالدى كېرىم

سېتىپ بەرگىن ئەڭ خۇش پۇراق چاي،
ئويلىمىغان كىنو چولپىنى،
كۆرەرمەن دەپ كوچىدا سېنى.
چوقۇنسامىمۇ ساڭا ئەزەلدىن،
بۈگۈن پېقىر سەندىن ئالدىراش،
بۈگۈن مەنمۇ ئاتاقلىق ئەرباب.
پىۋا ئاداش، كەچۈرگىن مېنى،
مەست بولغىلى مەيلىم يوق ھازىر.
ئېھ، جاڭگالدا قالغان قويلىرىم،
قورۇنماڭلار، ئەمەسمەن شائىر،
مەن ھېلىمۇ پادىچى ئادىل.

خۇش بۇي ئەتىر چېچىۋالغان قىز
ئالما ئەمەس، ئالۇچىغۇ سەن.
گۈل سەيلىسى قىلىمىز بىرگە،
قىش شەھەردىن كېتىش بىلەن تەڭ.

كۆزلىرىمدە ئاڭلاپ تۇرىمەن،
قۇلىقىمدا كۆرۈپ تۇرىمەن،
ماشىنىلار ماڭار توختىماي.
كەچ كىرگۈچە ئېچىلىپ تۇرار
يېشىل گۈلدەك كوچا چىرىغى.

كۈن شەرققە پاتقان ۋاقىتتا،
سەن كېلىسەن گۇگۇمدەك ئاستا،
ھەممە نەرسە تاپار ئورنىنى.

## ناخشامغا قېتىۋالدىم ناخشىلارنى

يۈرەككە مۇڭلۇق ناخشا ئورۇلغاندا،
تومۇردا شىلدىرلىدى لىرىك ئېقىم.
يۈرىكىم ناخشىلارغا جور بولغاندا،
ناخشىدەك چىقتى گويا تىنىقلىرىم.

ناخشامغا قېتىۋالدىم ناخشىلارنى،
كۆيلىرى ئېقىپ يۈرگەچ تومۇرۇمدا.
كوچىغا چىقتىم مەنمۇ ھەرئاخشىمى،
ناخشىلار كېزىپ يۈرەر دالىلاردا...

* *

«تۇگىمەس ناخشا» تۇۋلاپ كەلدى بىرى،
ناخشىسى يۈرەكلەرگە كىردى ئېقىپ.
كېلىدۇ بۇ كوچىغا ھەر ئاخشىمى،
ئۆتىدۇ دېرىزىنى چېكىپ ـ چېكىپ.

تۈنۈگۈن كەلگەن ئىدى ناخشا ئېيتىپ،
بۇۋامنىڭ ئىشىكلىرى قىلدى غىچ ـ غىچ.
كوچىغا چىقتى بۇۋام پەشنى قېقىپ
ۋە لېكىن بىردەمدىلا بولدى تىنچ.

بۈگۈنمۇ كەلدى ناخشا جاراڭلىتىپ،
ئۇ تېخى مەنزىلىگە يېتەلمىگەچ.
كوچىغا چىقتىم مەنمۇ ناخشا ئېيتىپ،
بولسىمۇ تىلىم كېكەچ، تىلىم كېكەچ.

چىقمىدى بۈگۈن بۇۋام ئىشىك ئېچىپ،
بارمۇ دەپ ماراپ باقتىم پەنجىرىدىن.
بۇۋاممۇ ئولتۇرۇپتۇ ئاستا غىڭشىپ،
بىر مۈڭلۈق كۈي تارايدۇ كونا ئۆيىدىن...

تاھىر تۇرسۇن

# ئانا سەھرا، سۆيىمەن سېنى

## شېرىن ئەسلىمە

مەھەللىدىكى كونا سوقما تام
بۆلەكچىلا تۇرىدۇ مەزمۇت.
بالىلىقنى ئەسلىتىپ ماڭا
تۇتاشتۇرىدۇ يۈرىكىمگە ئوت.

مەن ئوينىغان شۇ تام تۈۋىدە
قوشنىمىزنىڭ شوخ قىزى بىلەن،
ياسىشاتتۇق كۈندە يېڭى «ئۆي»،
ئۇ ئەقىللىق ئىدى ھەم لېۋەن.

بىز ياسىغان «ئۆي» نىڭ تۆرىگە
ئۇ سالاتتى بەقەسەم «كۆرپە».
دەيتتى مېنى ئەتىۋار قىلىپ،
ھېرىپ كەتلە، ئۆتسىلە تۆرگە.

ھەي دادىسى بالىنى بېقىپ،
تۇرسىلىچۇ مەن ئاش ـ پاش ئېتەي.
ئاپئاق قوزام يىغلىسا بىر دەم،
باش ـ كۆزۈڭدىن ئۆرگىلۈپ كېتەي.

دەپلا ماڭا لاتا قورچاقنى
تۇتقۇزاتتى ئاستا ئاۋايلاپ.
تېگىپ قويسام بەزەن زىتىغا،
كېتەر ئىدى «ئۆي» دىن يامانلاپ.

ھەر رەت قورچاق ئوينىغان چاغدا
ئۇ ئانىسى، مەن دادا بولغان.
راست بولدى ئۇ مېھرىبان ئانا،
دادا بولۇش ئەمەسكەن يالغان.

شۇنداق قىلىپ بىزگە سوقما تام
ئۇۋا بولۇپ قانات قاققۇزدى.
ئالداپ ئېلىپ بىزنىڭ «ئۆي» لەرنى،
بالىلارغا تەگلەپ تۇتقۇزدى.

بىز چوڭ بولدۇق ھەم بولدۇق ئۆيلۈك،
ئەمما باشقا ـ باشقا ئۆيىمىز.
گەر ئۇچراشساق ئانا سەھرادا،
سەبىيلىكنى ئەسلەپ كېتىمىز.

تۇرار مەزمۇت كونا سوقما تام
بىزگە بولۇپ شېرىن ئەسلىمە.

تەگمە بوران، ئۇپراتما يامغۇر،
ئۇنى ئۆرۈشنى ھەرگىز قەسلىمە.

## سەھرا قىزى، سۆيىمەن سېنى

قۇياش سۆيگەن ئالمىدەك يۈزۈڭ
يۈرىكىمنى قاچان يايرىتار.
نىگاھىڭدىن سۆيگۈ سورىسام،
ئوت چاقنىتىپ يەرگە قارىتار.

سەھرا قىزى گۈزەلسەن شۇنچە،
ئىشچان ھەمدە باتۇر، ئەقىللىق.

پېشانەڭدىن تۆككەچكە ئۇنچە،
كۆرۈنىسەن گۈلدەك يېقىملىق.

شۇڭا دىلدىن سۆيىمەن سېنى،
ئوتۇڭدا مەن ئاشىق - پەرۋانە.
گۈللىتەيلى ئانا سەھرانى
ئىش - ئەمگەكتە بولۇپ مەردانە.

ئەكبەر نىياز پەتتارى

## سېنىڭ سۈرىتىڭ

— جۇدالىقتا ئەسلەپ تۇرارسەن،—
دېدىڭ، سۈرەت بەردىڭسەن ماڭا.
سۈرىتىڭنى ئالماستىن بۇرۇن
ئەسلى كۆڭلۈم چۈشكەنتى ساڭا.

بىز ئايرىلغان قىسمەت تۇپەيلى،
خەير - خوش، دەپ كۆزلەرنى ياشلاپ.
ئاھ، سۈرىتىڭ بولدى سىردىشىم
ماڭا ئاشۇ مىنۇتتىن باشلاپ.

زەنجىرسىمان ئۆتتى بۇ كۈنلەر،
خىيالىمدىن كەتمىدىڭ ھەرگىز.
كۆلۈپ تۇرغان ھۆسنۈڭگە باقسام،
قىينار مېنى بىر ئازاب چەكسىز.

ئېيتالمىغان يۈرەك سۆزۈمنى،
ئەينى چاغدا قىزچاق مەن ساڭا.
سۈرەت ئەمەس قەلبىڭنى ئۇچاغ
زادى ئايان قىلمىغان ماڭا.

ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر

# مەنىلىك قاراشلار

## ئاتامغا ئىلتىجا

يىللار ئۆتتى چاچلىرىڭنى ئاقارتىپ،
كۆزلىرىڭنىڭ نۇرى كۆچتى كۆزۈمگە.
قەددىم ھەتتا قەددىڭ بىلەن تەڭشىلىپ.
مەنە تاپتىم سۆزلىرىڭدىن سۆزۈمگە.

پەرۋىشىڭدە يەتتىم قىران پەسلىمگە،
دېمەك، ئۆتتى، ماڭا جەسۇر ياشلىقىڭ.

مەندىن ۋايىم يېمەي ئەمدى ئارام ئال،
ئاشسۇن ماڭا ئۈمىدلىرىڭ، ئىشەنچىڭ.

قېرىلىقتىن ئاستىلىدى قەدىمىڭ،
ماڭا ئۈمىد، يۈرۈشۈمگە يول بەرگىن.
سەن كۆزلىگەن نىشان ئۈچۈن ياشايمەن،
ساڭا سادىق يۈرىكىمنى چۈشەنگىن.

### لەۋلەردىن لەۋلەرگە ئاقتى مۇھەببەت

نىگاھلار ئۇچراشتى ئوتلۇق بېقىشتا،
سۆيگۈڭ بار، ئويلۇپ تۇرسەن مېنى.
تارتىنىش تۇيغۇسى نېمانچە دەھشەت،
سۆيەلمەي تۇرسەن مەنمۇ ھەم سېنى.

ئۈنسىز شۇ سىردىشىش قىلماقتا داۋام،
كۆزلەردە ئىشقنىڭ نۇرلىرى چاقنار.
ئېچىلىپ شادلىقتىن زىناقلاردا گۈل،
قەلبىمىز ۋىسالدىن قۇچماقتا باھار.

مەنىلىك قاراشلار تاقەت قىلالماي،
لەۋلەردىن لەۋلەرگە ئاقتى مۇھەببەت.
تويۇندى سۆيگۈگە تەشنا كۆڭلىمىز،
تۆكۈلدى كۆكتىنمۇ سۆيگۈدىن شەربەت.

ئاقماقتا شاۋقۇنلاپ دەريا مۇشۇ تاپ،
شوخ كۈيلەر ياڭرىتىپ، بىزگە قۇت تىلەپ.
ھەر گىياھ، ھەر ياپراق يېنىك تەۋرىنەر
پاك سۆيگۈ ئەۋجىگە ئاپىرىن ئېيلەپ.

### يېشىللىق كۈيى

كۆز ئوڭۇمدا يېشىللىقنىڭ جۇلاسى
زېمىن ياتار يېشىل نۇرغا پۈركۈنۈپ.
سۆيۈپ ئۆتەر گۈللەرنى تاڭ ساباسى،
ياپراقلاردىن تۇرار زىيا تۆكۈلۈپ.

شېرىن ئۇيقۇ قاچقان پەقەت ئورماندىن،
ئىزگۈ كۈيلەر ئەگىپ يۈرەر باغلاردا.
ۋىسال تاپقان يېشىللىقمۇ ئارماندىن
كەڭ تەبىئەت باھار تۇغقان چاغلاردا.

يېشىللىقتىن كىيدى دالا يېشىل تون،
يېشىل تۇيغۇ بېرىپ كۆڭۈل قېتىغا.
خۇشاللىقتىن كەتتى ياڭراپ يېشىل ئۈن
قوشۇپ مەزمۇن ھاياتلىقنىڭ ئېڭىغا.

ئاھ، يېشىللىق ھۇزۇرىغا بارچە جان،
ئىنتىزارلىق كۆزلىرىدە تىكىلگەن.
بۇلبۇللارمۇ چېكىپ ھەتتا مۇڭ پىغان،
يېشىل دۇنيا بەزمىسىگە ئىنتىلگەن.

### بۇلاق ۋە قىز

ئەگەشتۈرۈپ تالاي نۇرلۇق يۇلتۇزنى،
ئۈزەر زۇمرەت بۇلاق ئىچرە تولۇن ئاي.
بۇلاقتىكى ئايغا بېقىپ مۇڭلىنار
شەھلا كۆزلۈك بىر گۈزەل قىز توختىماي.

ئۇ خىيالدىن ئۈزمەي پەقەت مېھرىنى،
ئاھلىرىنى تۆكەر شۇدەم بۇلاققا.
ئۇقچۇپ تۇرغان بۇلاق غەمكىن پىچىرلار،
ئۆرۈپ كۆكرەك قىرغاقتىكى قىياققا.

قىز بۇلاقتىن تېپىپ كۆپلەپ تەسەللى
ئاستا مېڭىپ كەتتى مەشرىق ئۇپۇققا.
ئاخشامقى توي ناۋاسىنى ئۇنتۇپ ئۇ،
قەدەم باستى شادلىق ئىزدەپ يىراققا.

### ئەل قەلبىگە يېزىلدى ئېتىم

ئۈمىدلەردىن ياڭراتتىم ناۋا،
مەنزىللىرى قۇشتەك ئىنتىلىپ.
ئۆرۈپ توسقۇن بېلىگە پەشۋا،
يوللىرىمنى كېڭەيتىپ ئېچىپ.

سۈكۈتلەرگە بېرىپ خاتىمە
توسقۇن بولغان ھېستىن قۇتۇلدۇم.
چۈشكۈنلۈكتىن ئارتىلغان يۈكنى،
ھورۇنلارغا پەقەت ئۆتۈندۈم.

ئىرادىنى قىلىپ تىل تۇمار
چېلىشلاردىن قاچمىدىم ئۈركۈپ.
پاتقاقلارغا قالسامۇ كىرىپ،
يۈردۈم ئارمان ۋەسلىنى كۈتۈپ.

يىقىلمىدىم ئۇرسىمۇ ھەسەت
تولدى كۈچكە ياشلىق قامىتىم.
ئۈمىد بېغىم گۈللىنىپ ئاخىر،
ئەل قەلبىگە يېزىلدى ئېتىم.

ئابلىز ئوسمان

# ئۈزۈلمەس ئىشق

(ئەدەبىي ئاخبارات)

ئايرىلىش ئالدىدا ئۇ ئۆزىنى دەرۋازا ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىققان يېزا ئىگىلىك 1 - دىۋىزىيە دوختۇرخانىسى بەش ئەزا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لاۋجاڭ بىلەن مەسئۇل دوختۇر لاۋمانىڭ قولىنى مەھكەم سىقتى، كۆزلىرىدە غىل - غىل ياش ئەگىتتى.

— خەير - خوش، ئۆزىڭىزنى كۆپ ئاسراڭ، — دېدى لاۋجاڭ.

— سالامەتلىك ئەھۋالىڭىزدا ئۆزگىرىش بولۇپ قالسا بىزنى ئىزدەشنى ئۇنۇتماڭ جۇمۇ، — دەپ ئەسكەرتتى لاۋمامۇ.

شۇ تاپتا ھايات ئۇنىڭغا ئاجايىپ سۆيۈملۈك تۇيۇلماقتا ئىدى. ئۇ يېشىللىق باھار شامىلىنى قېنىپ - قېنىپ سۈمۈرگىنىچە ئەتراپتىكى ياپيېشىل ئارچا - قارىغايلارغا، ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەرگە تويماي قارايتتى. ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا ئەجەل ئۇنىڭغا خىرىس قىلىپ كەلگەنىدە ئۇ مۇشۇ مەنزىرىلەرنى — ئاسمانىنى، قۇياشىنى، ئاي، يۇلتۇزلىرىنى، ئۆزى ئۆسۈپ يېتىلگەن ئانا يۇرتىنىڭ ھەر بىر تۈپ گۈل - گىياھىنى، ئۇچار قۇشلىرىنى بىرمۇ بىر كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن، كېسىلى ئېغىرلىشىپ، ھاياتتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن چاغدا ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا، خىزمەتداشلىرىغا، دېھقانلارغا يۈرەك سۆزلىرىنى ئىزھار قىلىپ، ۋەسىيەت قالدۇرغانىدى. بىراق ئۇ ئۆلمىدى. ھايات ئۇنىڭغا يەنە كۈلۈپ باقتى. تومۇرلاردىن - تومۇرلارغا تۇتىشىپ كەتكەن قېرىنداشلىق مېھىر - مۇھەببىتىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ئەزرائىل ئۈستىدىن غالىب كەلدى...

## تۇتاش يىلتىزلار

1

1991 - يىلى 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ھاۋا تولىمۇ سوغۇق بولۇپ، نەچچە كۈن ئاۋۋال ياغقان قارنىڭ ئاچچىق سوغۇقى جاندىن ئۆتەتتى. ئۇ خېلىدىن

بىرى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن كەنتمۇ - كەنت، مەھەللىمۇ - مەھەللە قاتراپ ھېرىپ ھالىدىن كەتتى. مانا، ئىككى كۈندىن بېرى قان بېسىمى ئۆرلەپ بېشى زىڭىلداپ ئاغرىپ تۇرۇۋاتىدۇ، شۇ تاپتا ئۇ دوختۇرخانىغا بېرىپ كۆرۈنۈپ، بىرەر ھەپتە ئۆيدە ئارام ئېلىشى كېرەك ئىدى. بىراق ئۇنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن كوممۇنىستلىق بۇرچى ۋە كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ئۇنى لېۋىنى چىشلەشكە مەجبۇر قىلدى. شۇ كۈنى ئەتىگەن سائەت 11 دە ئۇ ناھىيىدىن كەلگەن ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە كەنتلەردە مەدەنىيەت بازىلىرى قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆمىكىدىكىلەرگە ھەمراھ بولۇپ، يېزىلارغا قاراپ يولغا چىقتى.

يېڭىئاۋات يېزىسى ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ تەرىپىنى تەگرى تېغى، بۇ تەرىپىنى توشقان دەرياسى ئوراپ تۇرىدۇ. يەر شەكلى تولىمۇ ئېگىز - پەس بۇ يۇرتنىڭ كەنت - مەھەللىرى تارقاق ئورۇنلاشقان بولۇپ، يوللىرىمۇ دېگەندەك ياخشى ئەمەس ئىدى. ئۇلار چۈشكەن ماشىنا ئىككى قاسىنقىدا دەل - دەرەخلەر قەد كۆتۈرگەن يېزا يوللىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، يېزىنىڭ شىمالىدىكى تاغ ئېغىزىغا جايلاشقان چارۋىچىلىق كەنتى — يېڭىارتىققا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. مانا، بوكىدە باغلار بىلەن قاتمۇ قات تاغلار ئارىسىدىكى پايانسىز كەتكەن كەڭ سايلىق، ماشىنا ساي يولىدا ئېگىزلىككە قاراپ تىنىمسىز ئالغا سىلجىيتتى. بىر پەستىن كېيىن ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا كۆمۈش لېنتىدەك پارقىراپ تۇرغان سۈپسۈزۈك بىر ئېقىن پەيدا بولدى.

ئۇلار ئېقىن بويىغا كېلىپ ماشىنىدىن چۈشتى. يىراقتىن يىپەك ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن كۆرۈنگەن بۇ ئېقىن شۇنچە شاۋقۇنلۇق ۋە چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ يالىدەك دولقۇنلۇق ئىدى.

— ۋاھ، نېمىدېگەن تاتلىق سۇ بۇ، ھەرەمدىكى زەمزەم سۈيىمۇ بۇنچىلىك ئەمەستۇ، — دەۋەتتى ئارىدىن بىرى ئوچۇملاپ سۇ ئىچىپ تۇرۇپ. ئۇلار بىر پەس ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن، سۇ سەل يېيىلىپ ئاققان كېچىك بىلەن ئۇ تەرەپكە ئۆتۈشكە باشلىدى. ماۋۇ چاتاقنى كۆرۈڭ، دەل سۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ماشىنىنىڭ چاقى ئۆز ئورنىدا پىرقىراشقا باشلىدى. شوپۇر بار ھۈنىرىنى ئىشقا سالغان بولسىمۇ، خۇددى كۈچلۈك بىر ماگنىت مەيدانى ئۆزىگە مەھكەم تارتىپ تۇرۇۋالغاندەك ماشىنا ئازراقمۇ ئالغا سىلجىمىدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ھەممەيلەن تەڭلا بىر - بىرىگە قاراشتى.

— چۈشۈپ ماشىنىنى ئىتتىرمەكتىن باشقا ئامال يوق، يولداشلار، — دېدى ئۇ ئايىغىنى سېلىپ، پۇشقىقىنى تۈرۈۋېتىپ، — شالغۇن سۇ ماشىنىنىڭ كۇشەندىسى، چاق پىرقىرىغانسېرى ئورنىغا پېتىۋېرىدىغان گەپ..

سۇنىڭ سوغۇقى جاندىن ئۆتەتتى. بىراق ئۇنىڭ قەلبىدە بىر ئوت ياناتتى. بۇ ئوتنى ھەرقانداق جۇدۇن، سوغۇقمۇ ئۆچۈرەلمەيتتى. ئۇ لېۋىنى چىشلەپ، تىزىغىچە سۇ كېچىپ ماشىنىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتتى ھەم ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ چاقچاق قىلدى

— قېنى يولداشلار، ئاتۇزنىڭ سۈيىگە ئوبدان بىر چىلىشىۋالايلى، يېڭىارتىنىڭ ھاۋاسى سوغۇقراق، توڭلىماسلىققا پايدىسى بار!

— ھا...ھا...ھا...

كەيپىيات بىردىنلا كۆتۈرۈلدى. شوپۇردىن باشقا قالغان بەشەيلەنمۇ بىرلەپ ماشىنىدىن چۈشتى. ماشىنا ماتورى گۈركىرىمەكتە، كۆپچىلىك «ھە-ھۇ» دەپ چۇقان سېلىشقىنىچە بار كۈچى بىلەن ماشىنىنى ئىتتىرمەكتە ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ئوبدان جايلاشتۇرۇپ، بېشىنىڭ چىڭقىلىپ ئاغرىۋاتقىنىغا قارىماستىن «بىر-ئىككى-ئۈچ» دەپ ۋارقىرىغىنىچە جان-جەھلى بىلەن كۈچەپ ئىتتىرەتتى. قوشۇمىسى مەھكەم تۈرۈلگەنلىكتىن، قاش-كۆزلىرى بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ماشىنا ئورنىدىن قوزغالدى. شۇ پەيتتە ئۇ گۆرەن قىسمىنىڭ «زىڭگىدە» قىلىپ قالغانلىقىنى سەزدى. چىدىغۇسىز ئاچچىق بىر سىزىم پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چۇلغاپ، مېڭىسىگىچە ئۆرلىگەن بولسىمۇ غىڭ قىلمىدى...

2

ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ يېڭىئاۋات يېزىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك 1-دىۋىزىيە 4-تۇەنى بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ جايلاشقان قوشنا ئورۇنلاردىن ئىدى. ئازادلىقتىن بۇيان بۇ ئىككى ئورۇندىكى ئۇيغۇر-خەنزۇ خەلقلىرى ئۆزئارا ئىتتىپاق قىلىشىپ، مۈرىنى-مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ، ئىگىلىك يارىتىشتا ئۆزئارا ھەمدەمدە بولۇپ كەلگەنىدى، بولۇپمۇ 4-تۇەننىڭ يېڭىئاۋات يېزىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە ماشىنىلىشىش ۋە پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ دېھقانچىلىق قىلىشقا كۆرسەتكەن ئاكتىپ تەسىرىنى تۆۋەن چاغلىغىلى بولمايتتى. بۇنىڭدىن 10 يىل بۇرۇن يېڭىئاۋات يېزىسى ئېغىر كەلكۈن ئاپىتىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا، 4-تۇەندىكى خەنزۇ قېرىنداشلار يېتەرلىك ئادەم ۋە ماددىي كۈچ ئاجرىتىپ، ئۇلارغا ياردەم قىلدى.

يېڭىئاۋات يېزىسى ناھىيە بازىرىغا يىراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزا دوختۇرخانىسىنىڭ داۋالىنىش شارائىتى ناچار بولغانلىقتىن، بۇ يەردىكى ئۇيغۇر بىمارلارنىڭ كۆپىنچىسى 4-تۇەن دوختۇرخانىسىدا كېسەل كۆرسەتتى. ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغان نۇرغۇن كېسەللەر بۇ دوختۇرخانىدىكى شەپقەت ھەمشىرىلىرى تەرىپىدىن ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قېلىنغانىدى.

4-تۇەن خەلق دوختۇرخانىسى ئۆزىدىكى ئەۋزەل شارائىتتىن پايدىلىنىپ، تەسىرلىك ئىش-ئىزلىرى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس تەسىراتلارنى قالدۇردى. تېخى يېقىندىلا قوچى كەنتىنىڭ مەخسۇس بولۇت ئاتىدىغان خادىمى زەمبىرەكتىن كاشىلا چىقىپ ئوق پارتلاپ كېتىش نەتىجىسىدە ئىككى قولىدىن ئايرىلىپ ھاياتى قىل ئۈستىدە قالغاندا، دەل مۇشۇ دوختۇرخانا ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم ھايات ئاتا قىلدى.

قىرتاغ بويىدىكى بۈككىدە ئورمانلىق ئىچىگە جايلاشقان بۇ ھاۋالىق، خىلۋەت دوختۇرخانا 1991-يىلى 3-ئاينىڭ 26-كۈنى كەچتە بىردىنلا جىددىي ھالەتكە كۆچتى. شۇ كۈنى ئۇلار يەنە بىر ئۇيغۇر بىمارنى كۈتۈۋالدى. ئوتتۇرا بوي، قارامتۇل

كەلگەن بۇ بىمارنىڭ كىيىملىرى قىپ-
قىزىل قان بىلەن بويالغان بولۇپ، قان
بۇرنىدىن گويا تۇرۇبا سۇيىدەك كوركىراپ
ئېتىۋاتاتتى. ئۇ تۈنۈگۈن ئاتۇز ئېتىنىدا ماشى-
نا ئۇتتەرگەن ئەزىمەت — يېڭىئاۋات يېزى-
سىنىڭ باشلىقى ئېزىز جامال ئىدى.

بىمار دەرھال ياتاققا ئېلىندى،
ھەش - پەش دېگۈچە يوتقان - كۆرپە، يەر،
كىيىم - كېچەك قىزىل قان بىلەن بويالدى.
ئاپئاق خالاتلىق جان ھامىيلىرى — دوخ-
تۇرلار ئۇنىڭ بېشىدا پەرۋانىدەك چۆ-
گىلەيتتى.

دوختۇرلار جىددىي تەكشۈرۈش ئار-
قىلىق بىمارنىڭ بۇرنىنىڭ ئىچىدىكى قان
تومۇرنىڭ قاتتىق چىڭقىلىش سەۋەبىدىن
ئۈزۈلگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان بولسىمۇ،
ئۈزۈلگەن تومۇرنىڭ ئۆزىنى تېپىشقا ئامال-
سىز قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار پۈتۈن ھۈ-
نىرىنى ئىشقا سېلىپ، بىمارنىڭ بۇرۇن،
ئېغىز قىسمىنى ھالقىسىمان بوغۇش ئارقى-
لىق قاننىڭ ئېقىشىنى كونترول قىلدى.
ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەن سائەت 6 دە
تىكىلگەن يىپ ئۈزۈلۈپ كېتىپ قان يەنە
ئېقىشقا باشلىدى. دوختۇرلار ئاخىرى ئامال-
سىز قالغانلىقىنى، بىمارنى دەرھال چوڭ
دوختۇرخانىغا يۆتكەش لازىملىقىنى ئېيتتى.
بۇ خەۋەر ئۇنىڭغا چاقماق چاقىغاندەك
دەھشەتلىك تۇيۇلدى. ئۇنىڭ نە-
زەرىدە 4 - تۈەن دوختۇرخانىسىنىڭ ئامال
قىلالماسلىقى ئۆلۈم بىلەن باراۋەر ئىدى.
بۇ يالغۇز ئۇنىڭلا ئەمەس، بەلكى خېلى
كۆپ يېڭىئاۋاتلىقنىڭ ئېڭىدا شەكىللەن-
گەن ھەقىقەت ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ
چاغدا يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ماشىنىسى
سىرتقا خىزمەتكە چىقىپ كەتكەن، 4-تۈەن

دوختۇرخانىسىنىڭ ماشىنىسى بۇزۇلۇپ قال-
غان بولۇپ، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا
تېزدىن يۆتكەشمۇ قىيىن بىر مەسىلە ئىدى.
قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەتىگەندىن بېرى
ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇۋاتقان مۇئاۋىن يېزا
باشلىقى توختى جىددىيلەشكەن ھالدا
ئۇياقتىن - بۇياققا پىرقىرايتتى. خىزمەتدى-
شىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئۇنىڭ كۆڭلى بۇ-
زۇلۇپ، كۆز چاناقلىرى قىزىرىپ كەتكەنى-
دى. شۇ تاپتا ئۇ دەرھال بىر ماشىنا
تېپىپ، يېزا باشلىقىنى ۋىلايەتكە يۆتكەش-
نىڭ ئامالىنى ئىزدەۋاتاتتى، توساتتىن ئۇ-
نىڭ ئېسىگە بىر ئىش كەلگەندەك بولدى - دە،
ئالدىراپلا سىرتقا چىقىپ كەتتى ...

قان چىپىلداپ ئاقماقتا. سېستىرا-
لاردىن بىرقانچىسى بۇ ئەھۋالغا تاقەت
قىلالمىغاندەك باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ
چىقىپ كېتىشتى، ھەمراھ بولۇپ كەلگەنلەر-
دىن بەزىلىرى ئۆزمەي ياشلىرىنى ئېرتات-
تى، ئاياللار توختىماستىن ىشىلداپ يىغ-
لىشاتتى. ئۇ بولسا، ھېچنېمىگە پەرۋا قىل-
مىغاندەك بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە كارىۋاتتا
ياتاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئۆزىنىڭ پار-
تىيىگە كىرگەن كۈنى كەلدى. شۇ كۈنى ئۇ
جۇلالىنىپ تۇرغان قىپقىزىل پارتىيە بايرى-
قىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ: «ئۆمۈرۋايەت كوم-
مۇنىزم ئىشلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن»
دەپ قەسەم بەرگەنىدى، بىردىنلا ئۇنىڭ
چىرايىدا يېنىق تەبەسسۇم پەيدا بولدى.
ئۆلۈممۇ بىر پەستىلا ئەرزىمەس بىر نەر-
سىگە ئايلىنىپ قالدى. چۈنكى ئۇ شۇ تاپتا
ئۆز قەسىمىگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش
قىلمىغانلىقىدىن ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا
چۆمگەنىدى. خىيال ئۇنىڭ كاللىسىنى چۇل-
غىۋالدى، ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ھايات

مۇساپىسىنى، ئۆزى قىلغان ۋە قىلماقچى
بولغان نۇرغۇن ئىشلىرىنى ئويلىدى. ئايالى
ۋە چۆچۈرىدەك ئۇششاق باللىرى كۆز
ئالدىغا كەلگەندە، بوغۇزىغا بىر نەرسە
كەپلىشىپ قالغاندەك، ۋۇجۇدى ئىختىيار-
سىز سىلكىنىدى. خىيال، يەنە خىيال،
ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدا ئۆزى تۇغۇلۇپ
چوڭ بولغان يۇرت، دائىم ماڭىدىغان توپى-
لىق يوللار، ئاق كۆڭۈل دېھقانلار بىر-بىرلەپ
نامايان بولۇشقا باشلىدى. ئۇ سۆيىنى
ئىچىپ چوڭ بولغان، تاغ بىلەن مەھەللىسى
ئارىسىدا ئەسىرلەردىن بېرى توختىماي
ئېقىپ تۇرىدىغان ئاتۇز سۇيىنى كۆز ئالدىغا
كەلتۈرگەندە، ئىختىيارسىز هالدا ئىككى
ئۇنىڭ ئالدىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى
ويلاپ قالدى.
شۇ كۈنى ئۇلار شالغۇن سۇغا پېتىپ
قالغان ماشىنىنى مىڭ تەستە ئىتتىرىپ
چىقارغاندىن كېيىن كەچ سائەت 4 لەر
بىلەن يېڭىارت كەنتىگە يېتىپ كېلىشتى.
يول بويى ئۇنىڭ سالامەتلىكى ياخشى
بولماي، قاتتىق بىئاراملىق هېس قىلغان
بولسىمۇ، كېلىپلا خىزمەتنى باشلىۋەتتى.
يېڭىارت كەنتىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى
تەرتىپكە سېلىش هەم مەدەنىيەت بازىسى
قۇرۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈش
ئارقىلىق ئەلا بولۇپ باهالاندى. شەك-
شۈبھىسىزكى، بۇ ئۇنىڭ ئىلگىرى ئىشلىگەن
خىزمەتلىرىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. شۇ
ئاخشىمى ياتقان چاغدا ئۇنىڭ بۆرىنى
قانىغانىدى. بىراق ئۇ ئانچە ئىرەن قىلماي
ئۇخلاپ قالدى. ئەتىسى ئۇلار بۇ يەردىكى
تەكشۈرۈشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قاراباغ
كەنتىگە قاراپ ماڭغاندا، قاناش يەنە
باشلاندى. ئۇ بىر ئاماللارنى قىلىپ روهىي

كەيپىياتىنى ئۇستۈن تۇتۇشقا تىرىشتى.
قاراباغ كەنتىنىڭ كىچىككىنە يىغىن زا-
لىدىكى دوكلات يىغىنىدا ئۇنىڭ كۆڭلى
ئېلىشىپ، قان تېخىمۇ بەك ئېقىشقا باشلى-
دى. بۇ چاغدا تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر
ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، ئۇنى دەرهال
دوختۇرخانىغا بېرىشقا كۆندۈردى. شۇ
كۈنى چۈشتە ئۇ جىپ بىلەن 30 نەچچە كىلو-
مېتر ئېگىز - پەس يولنى بېسىپ، يېزا دوختۇر
خانىسىغا بارغاندا ئۇلار ئامال قىلالمىغانلىق-
تىن، 4 - تۈەن دوختۇرخانىسىغا كەلگەنىدى...
سىرتتىن كىرگەن ماشىنىنىڭ گۈركى-
رىگەن ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلدى.
مۇئاۋىن يېزا باشلىقى توختى بىر خەنزۇ
شوپۇرنى باشلاپ كىرگەندە، ئۇ ھەممىنى
چۈشەندى. ئەسلىدە 4 - تۈەننىڭ باشلىقى
لاۋچىن ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن
شوپۇرى بىلەن ماشىنىسىنى ئەۋەتكەنىدى.
ئۇ ناهايىتى تېزلا ماشىنىغا جايلاشتۇرۇل-
دى. تۈەن دوختۇرخانىسى تەجرىبىلىك
دوختۇردىن بىرنى ھەمراھ قىلىپ ئۇنى يولغا
سالدى. ئۇلار چىققان ماشىنا سىگنال
بەرگىنىچە توسۇن ئاتتەك تېز سۈرئەت
بىلەن يۈز نەچچە كىلومېتر يىراقلىقتىكى
نىشانغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. شۇ تاپتا
ئۇلار هايات - ماماتلىق مۇساپىسىدە ئەزرا-
ئىل بىلەن مۇسابىقىگە چۈشكەندەك قىلاتتى.
چىپىلداپ ئېقىۋاتقان قان توختاي دېمەيت-
تى. بىرنەچچە لۆڭگە چىلىق - چىلىق قان
بولۇپ قىزىل گۆشكە ئوخشاپ قالدى. ئۇ-
نىڭ كىيىملىرى، ماشىنىنىڭ ئورۇندۇقلىرىمۇ
بىردەمدىلا قىزىل رەڭگە كىردى. ھەمراھ
بولۇپ ماڭغان دوختۇر ئاسما ئوكۇلنىڭ
نورمال چۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلغاچ ئارى-
لاپ - ئارىلاپ مۇداپىئە ئوكۇلىنى ئۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

تۇراتتى. ئۇلار سائەت بىردە يېزا ئىگىلىك 1 - دىۋىزىيە دوختۇرخانىسىغا يېتىپ كەلدى.

كېيىنكى ئىشلارنى ئۇ ئۆمۈر بويى ئۇنتالمايدۇ. ئۇ ھەر قېتىم شۇلارنى ئويلىغىنىدا ھايات ئۇنىڭغا تېخىمۇ گۈزەل ۋە قەدىرلىك تۇيۇلىدۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدى ئىللىق مۇھەببەتنىڭ تەسىرىدە ئېرىپ، كۆزلىرىدە ھاياجان ياشلىرى لىغىرلايدۇ. ئۇ، دىۋىزىيە دوختۇرخانىسىغا كەلگەن كۈنىلا بەش ئەزا يۆلۈمىنىڭ باشلىقى لاۋجاڭ ئەھۋالىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى - دە، ئۇنىڭ كېسىلىگە جىددىي مۇئامىلە قىلدى. دوختۇرخانىدا ياتاق تولىمۇ قىس ئىدى. ئۇ، بىر ئامال قىلىپ كارىۋات ھەل قىلىپ، ئۇنى دەرھال بالنىستقا ئالدى. ئىككى سېستىرانى ئاجرىتىپ، ئۇنىڭغا كېچە-كۈندۈز ھەمراھ قىلدى. مەسئۇل دوختۇر لاۋما باشچىلىقىدىكى داۋالاش گۇرۇپپىسى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنى قۇتقۇزۇشقا كىرىشتى. بىراق ئۈزۈلگەن تومۇرنى تېپىش ئاسانغا چۈشمىدى. ئۇلار يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تاغدەك ئىشەنچ بىلەن تۈرلۈك ئاماللارنى قوللىنىپ ئۇنى قۇتقۇزۇپ قېلىشقا تىرىشىۋاتاتتى. ئارىدىن ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇرنىدىن يەنىلا ئارىلاپ - ئارىلاپ قان ئېقىپ تۇراتتى. دوختۇرلار ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان دورا-ئوكۇللار بىلەن خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ ھاياتى ھېچقانداق خەۋپكە دۇچ كەلمىدى. 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنىگە كەلگەندە قايتا - قايتا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىش ئارقىلىق ئۈزۈلگەن تومۇر ئاخىرى تېپىلدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئوپېراتسىيە قىلىنىپ، ئۈزۈلگەن تومۇر بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇلدى. شۇ چاغدا دوختۇر ئۇنىڭ تېنىدىن ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ چىقىپ كەتكەن قاننىڭ ئۈچ كىلو يەتتە يۈز گىرامغا يەتكەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭغا 500 گىرام قان بېرىلگەندىن تاشقىرى، قان كۆپەيتكۈچى نۇرغۇن قىممەت باھالىق ئوكۇل - دورىلار سەرپ قىلىنغانلىقىنى ئېيتتى. ئادەتتە تەن سالامەتلىكى نورمال بىر ئادەمدە يەتتە كىلوگرام ئۆپچۆرىسىدە قان بولىدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، دېمەك، ئۇنىڭ بەدىنىدىكى قاننىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئېقىپ تۈگىگەنىدى.

ئۇ، بۇ دوختۇرخانىدا تۇپتوغرا ئىككى ئاي يېتىپ داۋالاندى. بۇ جەرياندا ئۇنى يوقلاپ كەلگەن خىزمەتداش، ئۇرۇق-تۇغقان ھەم دېھقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ھاكىم مويدۇن سادىق ئۇچتۇرپان ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن ئۇنى يوقلاپ كېلىپ: «قانچىلىك چىقىم كېتىشىدىن، قانداق دوختۇرخانىدا يېتىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، سالامەتلىكىڭىز ئەسلىگە كەلگۈچە داۋالىنىڭ» دەپ تاپىلىغاندا، ئۇ، ئۆز قەدىر - قىممىتىنى ۋە ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇپ يەتتى. ئۇنىڭ خىيالىدىن مۇنۇلار كەچتى: نېمىشقا بۈك - باراقسان ئورمانلار ئاسانلىقچە قۇرۇپ قالماي، ئەسىرلەر بويى ياپيېشىل كۆكىرىپ تۇرالايدۇ؟ چۈنكى ئۇلارنىڭ يىلتىزلىرى مەھكەم تۇتىشىپ، ئانا تۇپراققا چوڭقۇر ئورناشقان. ئەگەر مېنىڭ ھاياتىم خەۋپ ئاستىدا قالغان ئاشۇ مىنۇتلاردا ھېلىقى قېرىنداشلىرىم بولمىغان بولسا...»، شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا مەھەللىنىڭ سىرتىغىراق جايلاشقان سۈرلۈك قەبرىستانلىق ھەم ئۇنىڭغا يېقىندىن قوشۇلغان قەبرە يېنىدا يىغا - زارە قىلىشىۋاتقان ئايالى بىلەن چۈچۈرىدەك ئۇششاق باللىرى كەلدى.

www.uyghurkitap.com

## تۇپراق مىجەز ئادەم

بىر چاغلاردا بىرسىنىڭ «ئادەمنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئوت، سۇ، هاۋا، تۇپراققا ماس هالدا، ئوت مىجەز، سۇ مىجەز، هاۋا مىجەز ۋە تۇپراق مىجەز دەپ ئايرىلىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالغانىدىم. ئىدراك نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇنداق ئېيتىش ئىدىيالىستىك قاراش ھېسابلانسىمۇ، ھېسسىيات جەھەتتىن بۇلارنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئەجايىبى، سەلبىي مەنىلىرى بار. بۇ يەردە ئۇنى تەپسىلىي شەرھىلەشنىڭ هاجىتى بولمىسىمۇ، تۇپراق مىجەز ـگەن بىزىكىمىنىڭ ئەجايىبى تۇسى ئېھتىمۇ يۇقراق. ئۇ دەل مۇشۇنداق تۇپراق مىجەزلىك ئادەملەر تىپىدىن ئىدى. ئۆمۈر بويى توپا ـ چاڭ ئىچىدە يەر بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتىدىغان دېھقانلاردىكى تۈز-قوپال، سەممىي، ئاق كۆڭۈللۈك ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەنىدى. دېۋىزىيە دوختۇرخانىسىغا كېتىۋېتىپ ماشىنا ئورۇندۇقلىرى قان بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەندە، ئۇ، جىنىنىڭ قايغۇسىنى قىلماي خىجىللىق ئىلكىدە دەرھال تازىلىۋېتىشنى ئېيتقاندا، خەنزۇ شوپۇر يىگىت ھەيرانلىق ئىلكىدە ئۇنىڭغا قاراپ قالغانىدى. ئۇ، كىچىكىدىنلا هاياتنى، ياشاشنىڭ ئەھمىيىتىنى ھەم ئۆزىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. يۇرتداشلىرىنى بېسىپ تۇرغان نادانلىق، نامراتلىق ھەم ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى ھەققىدە دائىم ئىزدىنەتتى. 1974 - يىلى ئۇ، ئەمدىلا 20 ياشقا كىرگىنىگە قارىماي قوچى دادۇي ئاقمەسچىت شاۋدۇيىنىڭ باشلىقى بولدى. بۇ ئانچە چوڭ ھوقۇق ھېسابلانمىسىمۇ، بىرنەچچە يۈز ئادەمنىڭ قورسىقى، كىيىم-كېچەكى ھەم ئىشلەپچىقىرىشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىنتايىن مۇھىم ھوقۇق ئىدى. ئىلگىرىكى يىللاردا مەھسۇلات يىلمۇ ـ يىل كېمىيىپ، دېھقانلار قەرزدىن قۇتۇلالماي كەلگەن بۇ مەھەللە، ئۇ باشلىق بولۇپ بىرنەچچە يىلدىلا كەينى ـ كەينىدىن مول ـ ھوسۇلنى قولغا كەلتۈردى. 1977 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۇ شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردى. كېيىنكى يىلى دادۇي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇ، زىممىسىدىكى يۈكنىڭ ئېھتىمۇ ئېغىرلاشقانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆز ۋۇجۇدىدا يېتىلدۈرگەن يۈكسەك سىياسىي ئاڭ ۋە تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن يېڭى مۇساپىگە قەدەم قويدى. 1979 - يىلى 12-ئايدا دادۇيجاڭ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان ئەھۋالدا ئۇ بىر تەرەپتىن، كەنتنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، قوچى كەنتىنىڭ يۇقىرىقى مەھەللىسىگە يۆتكىلىپ بېرىپ نۇقتىدا تۇردى. 260 نوپۇس، 97 ئەمگەك كۈچىگە ئىگە بۇ مەھەللىدە كىشىلەرنىڭ تەشكىللىنىشى ئاجىزلاپ، ھورۇنلۇق، چېچىلاڭغۇلۇق يامراشقا باشلىغانلىقتىن، مەھسۇلات يىلمۇ-يىل كېمىيىپ، دېھقانلار ئېھتىمۇ نامراتلىشىپ «يۇلتۇز جۇۋۇلىقلار مەھەللىسى» دەپ لەقەم ئېلىپ قالغانىدى. شۇڭلاشقىمۇ بەزى كادىرلار بۇ يەردە خىزمەت ئىشلەشنى تەس دەپ قاراپ، ئۆزىنى قاچۇراتتى. بىراق بۇ ئەڭ جاپالىق مۇھىتنى ئۆزىنى سىناشتىكى مەيدان دەپ قارايدىغان ئېزىز جامال ئۈچۈن ئوبدان نىشان ئىدى. ئۇ دائىم:

كۆپچىلىك بىردەك ئىتتىپاق قىلىشىپ بىرلىكتە كۈرەش قىلسا يەڭگىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىق يوق، دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭدا ئەنە شۇنداق ئىشەنچ ۋە پۇختا ئىدىيىۋى تەييارلىق بولغانلىقتىن، بۇ يەرگە كېلىپلا تەمكىنلىك ۋە دادىللىق بىلەن ئىش باشلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن مەھەللىدىكى پارتىيە ئەزالىرىنى يىغىپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئاۋانگارتلىق، جەڭگىۋارلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى ھەم ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاشقا پايدىلىق بولغان بىر يۈرۈش تۈزۈم - قائىدىلەرنى بېكىتىپ چىقتى، يەنى دادىللىق بىلەن گۇرۇپپا ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى ئورنىتىپ مەسئۇلىيەتنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، تۇپراقنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە ۋە پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى. يەنە بىر تەرەپتىن، مەھەللىدىكى ئەزالارنى ياش پەرقى، سالامەتلىك ئەھۋالى، كەسپىي ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارغا ئاساسەن باغۋەنچىلىك، كۆكتاتچىلىق، باقمىچىلىق، سۈتچىلىك ۋە بوز چىقىرىش قاتارلىق گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ، كۆپ خىل ئۇششاق ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا يېتەكلىدى. بۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقى قوزغىلىپ، ئۇلاردا ئۈمىد تۇغۇلدى. بىراق ئىش ھە دېگەندىلا ئوڭۇشلۇق بولۇپ كەتمىدى. ئۆزگىرىشچان سىياسەت، پىلانسىز ھەم ئۈنۈمسىز ئەمگەك دولقۇنلىرىنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان دېھقانلار ھەرقانداق ئىشقا گۇمان ھەم ئەندىشە بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇ قېتىم ئېزىز جامال قوزغىغان دولقۇنمۇ بەزىلەرنىڭ نارازىلىقىنى، ھەتتا ئوچۇق - ئاشكارا قارشىلىقىنى قوزغىدى.

مەھەللىنىڭ غەربىي قىسمىدا كۆلىمى 120 مو كېلىدىغان بىر پارچە يەر بولۇپ، كۆپ يىللاردىن بېرى «گىياھ ئۈنمەس قاقاسلىق» دەپ قارىلىپ تاشلىۋېتىلگەنىدى. ئۇ بۇ يەرگە كەلگەن كۈنىلا شۇ قاقاسلىققا دىققەت نەزەرىنى ئاغدۇردى. ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنى ئېچىشنى قارار قىلىپ، نوپۇس كۆپ، تېرىلغۇ يەر ئازلاپ كېتىشتەك زىددىيەتنى ھەل قىلماقچى بولدى. بىراق بۇ نۇرغۇن ئەمگەك كۈچى ۋە ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك تەلەپ قىلاتتى.

ئاۋۇت جامال ئىسىملىك ئاچچىقى يامان بىر دېھقان غەزەپلەنگەن ھالدا قايناپ كەتتى:

— نېمە، شۇ قاقاسلىققا ئىشلەيدىكەنمىزما؟ بۇ ئۇخلىماي چۈش كۆرگەنلىك! ئۆمرىمىزدە ئىشلەپلا كېلىۋاتىمىز، لېكىن ئېرىشكىنىمىز نېمە بولدى؟ ئەمدى - زە بىز جاپاسىنى تارتىمىغان ئاشۇ قاقاسلىق قاپتىمۇ؟ بىزنى زادى نېمە قىلماقچى؟ بولدى، بۇ كۈننى كۆرگىچە ئاستا ياقا يۇرتلارغا كەتكىنىم تۈزۈك!

ئېزىز جامالنىڭمۇ ئاچچىقى يېتىپ ئاشقۇدەك بار ئىدى. ئەگەر بىرەرى كۆكەملىك قىلسا، قاراپ تۇرىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. بىراق بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلمىدى. ئۇ شۇ كۈنى كەچتە ھېلىقى دېھقاننىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇزۇنغىچە سىرداشتى ۋە كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى ئېيتىپ ئۇنى قايىل قىلدى. ئەمەلىي ئۈنۈمىنى يىل ئاخىرىدا كۆرۈپ بېقىشقا دەۋەت قىلدى.

دەرۋەقە دېھقانلارنىڭ ئەجرى ۋە جاپالىق ئەمگىكى بىكارغا كەتمىدى، يىل ئاخىرىدا ئاشلىق ۋە مايلىق داندىن ئومۇمىي يۈزلۈك مول - ھوسۇل ئېلىنىپ، ئومۇمىي مەھسۇلات 128 مىڭ جىڭ ئاشتى. قولىغا تۇتام - تۇتام پۇل كۆتۈرۈۋالغان دېھقانلار كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا ئۆز غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىشتى. ئىلگىرى نارازى بولغان ھەم قارشى چىققان بەزى كىشىلەر خىجىللىق ئىچىدە ناۋات، قەنت - گېزەكلەرنى كۆتۈرۈشۈپ ئېزىز جامالنى ئىزدەپ كېلىپ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىدى. ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشىلانغانلىقتىن شۇ يىلى مەھەللىگە 55 ئات كىرگۈچىگە ئىگە اكتۇر ۋە تۆت ئاتلىق چوڭ ھارۋىدىن ري سېتىۋېلىنىپ دەسلەپكى قەدەمدە «يۇلتۇز جۇۋا» دېگەن لەقەم چۆرۈپ تاشلاندى.

1980 - يىلى يېڭىئاۋات يېزىسىدا نەچچە يۈز ئادەم قاتناشقان چوڭ يىغىن ئېچىلدى. ناھىيىلىك پارتكوم بىۋاسىتە ئۇيۇشتۇرغان بۇ يىغىندىكى ئۆزگىچە مۇكاپاتلاش ئۇسۇلى كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلىپ قىلدى. شۇ قېتىم ئېزىز جامال 1000 جىڭ بۇغداي، 1000 جىڭ قوناق ۋە 500 جىڭ زىغىر بىلەن مۇكاپاتلاندى. چۈنكى شۇ يىلى ئۇ مەسئۇل بولۇپ تۇرغان قوچى كەنتىنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتى ئىلگىرىكى يىلىغا قارىغاندا 370 مىڭ جىڭ ئېشىپ، ناھىيىدىكى ئوخشاش دەرىجىلىكلەر ئىچىدە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكەنىدى. ئۇنىڭ سەپدىشى، دادۇي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئىككى يىلدىن بېرى كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانىدى. ئېزىز جامال شۇنى ئويلاپ بىئارام بولۇۋاتاتتى، ئۇ ئانچە ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا ئۆزىگە بېرىلگەن مۇكاپاتنىڭ يېرىمىنى ئۇنىڭغا بۆلۈپ بەردى، شۇنداقلا ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى يەڭگىللەپ، راھەتلىنىپ قالغاندەك بولدى.

ئۇ 1981 - يىلى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كادىرى بولغاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق يۇقىرىقى مەھەللىنى نۇقتىلىق تۇتۇپ ئىشلىدى. تونۇش ئايدىڭلاشتۇرۇلغانلىقتىن دېھقانلارنىڭ روھىي كەيپىياتى ۋە ئاكتىپچانلىقى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. شۇ يىلى ئۇ قوناق سورتىنى ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ «قوش شالغۇت 156» نى كېڭەيتىپ، پۈتۈن يېزىنى تەمىنلىگەندىن تاشقىرى ناھىيىگە 28 مىڭ جىڭ ئۇرۇق يۆتكەپ بەردى. ئاشلىقتىن يەنە مول - ھوسۇل ئېلىنىپ، ئومۇمىي مەھسۇلات 103 مىڭ جىڭ ئاشتى. ھۆددىگەرلىكتىن ئاشقان 28 مىڭ جىڭ ئاشلىقنى مەھەللىدىكى 97 ئەمگەك كۈچىنىڭ ئىش كۈن سانىغا قاراپ تەقسىم قىلىپ بېرىپ، ئۆز لەۋزىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى.

1982 - يىلى 1 - ئايدا ئۇ يەنە ناھىيە بويىچە ئەڭ نامرات كەنتلەرنىڭ بىرى بولغان ياقا ئېرىق كەنتىگە ئەۋەتىلدى. بۇ چاغدا بەزىلەر: «ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرى بەك قالاق ھەم مۇرەككەپ، بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش مۇمكىن بولماسمىكىن؟» دېيىشتى. دېمىسىمۇ ياقا ئېرىق كەنتى يېزا مەركىزىدىن يىراق، قاتنىشى قولايسىز، ئادەملىرى نادان بىر جاي ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سۇ مەنبەسى كەمچىل بولغاچقا يەرلەر قاغجىراپ، ئورمانلار قۇرۇپ كەتكەنىدى. شۇڭلاشقىمۇ بۇ يەردە خېلى يىللاردىن بېرى قەلەمچە كۆچەت تۇتمايدۇ، دېگەن ئەپسانە ھۆكۈم سۈرۈپ كېلىۋاتاتتى.

ئېزىز جامال بۇ يەرگە كېلىپلا ئۆز تەجرىبىسى بويىچە ئالدى بىلەن ئەمەلىي ئەھۋالنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ زىددىيەتنىڭ تۈگۈنى — سۇ مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى ھەمدە دەرھال ئادەم تەشكىللەپ ئۇنى ھەل قىلىشقا ئاتلاندى. بۇ جەرياندا ئۇ باشتىن-ئاخىر دېھقانلار بىلەن بىرگە بولۇپ، ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن ئىشلىدى. ھەتتا 20 كىلومېتىر ئارىلىقتا پىيادە يول يۈرۈپ ئىشلەپ، كونا سۇ يوللىرىنى ئاچتى ۋە رېمونت قىلدى، ھەر خىل تەييارلىق ئىشلىرىنى پۇختا ئىشلىدى. شۇنداق قىلىپ 1983-يىلى تۆرلۈك تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ ھۇجۇمى بولغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ بۇ يېزىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 190 مىڭ جىڭ ئاشتى. ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىمۇ 90% ئورۇندالدى. كېيىنكى يىلى ئۇ، خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن بۇ كەنتتىن ئايرىلىش ئالدىدا دېھقانلار: «بىزگە مانا مۇشۇنداق ئىشلەيدىغان كادىر كېرەك» دەپ چۇقان سېلىشىپ، ئۇنىڭ يەنە بىرەر يىل ئىشلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. شۇ چاغدا دېھقانلار ئارىسىدا مۇنداق بىر قوشاق پەيدا بولدى.

يازدا خامان سورۇيمىز
سالقىن شامالغا.
تەشەككۈر كۆپ يۈرەكتە
ئېزىز جامالغا.

شۇنداق، خەلق ئەڭ ئادىل باھالىغۇچى، ئۇ ئۆزىنىڭ تۆھپىكار پەرزەنتلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. كىمىكى ئاۋام ئۈچۈن جان كۆيدۈرسە، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلسا، مەيلى ئۇ قانداق يەردە ئىشلىشىدىن قەتئىينەزەر، ھامان ھۆرمەتكە، شان-شەرەپكە نائىل بولىدۇ. ئېزىز جامال ئۇن نەچچە يىللىق خىزمەت ھاياتىنى ئەنە شۇنداق زور قىزغىنلىق بىلەن ئۆزىنى ئۇنتۇتقان ھالدا ئەڭ جاپالىق مۇھىتتا ئۈن-تىنسىز ئۆتكۈزدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دولقۇنى قوزغالغاندىن كېيىن ئايرىم كىشىلەر بەزى يوچۇقلاردىن پايدىلىنىپ ئومۇمنىڭ مال-مۈلكىنى قاقتى-سوقتى قىلىش، ئىككى يۈزلىمىلىك بىلەن خەلقنى ئالداپ، يۇقىرىغا خۇشامەت قىلىش ھېسابىغا جان بېقىش يولىغا كىرىۋالغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئۇ قىلچە تەۋرىنىپ قالمىدى. ھامان كوممۇنىستىك بۇرچىنى، خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. مەيلى نەگە بارمىسۇن، ئامما بىلەن ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمەلىي ئىش قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرغانلىقتىن دېھقانلارنىڭ ئالاھىدە ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ تۆككەن ھالال تەرلىرى، سىڭدۈرگەن جاپالىق ئەجرى خەلق تەرىپىدىن قەدىرلىنىپ، ئۇنى تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە قىلدى. ئۇ، ھەر يىلى دېگۈدەك «ئىلغار خىزمەتچى»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» بولۇپ باھالىنىپ، كۆپ قېتىم ناھىيىدە ئېچىلغان قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىغا قاتناشتى.

1990-يىلى 3-ئايدا خەلق ئۇنى يېزا باشلىقى قىلىپ سايلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئادەتتىكى بىر دېھقان بالىسى 15 مىڭغا يېقىن نوپۇسقا ئىگە يېزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا قوماندانلىق قىلىدىغان

قابىل ئاساسىي قاتلام رەھبىرىي كادىرىغا ئايلاندى؛ شۇ چاغدا ئۇ يەنە نېمىلەرنى كۆڭلىگە پۈككەنىكىن؟

مەن ئۇنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن يېڭىئاۋات يېزىسىغا بارغىنىمدا ئۇ، دوختۇرخانىدىن چىققىنىغا ئەمدىلا ئون نەچچە كۈن بولغىنىغا قارىماي خىزمەتكە چۈشۈۋالغانىكەن. ئۇنىڭ چىرايلىرى ياداپ، گۆش-گۆش دەسسەپ ماڭىدىغان قەدەملىرى سەل سىپايىلىشىپ قالغان بولسىمۇ، قويۇق قوشۇما قاشلىرى ئاستىدىكى يوغان كۆزلىرىدە ئىشەنچ، ئۈمىد نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى. بىز ئۇنىڭ ئىشخانىسىدا يېزىنىڭ ئەھۋالى توغرىلىق ئەمدىلا پاراڭلىشىمىزنى باشلاپ تۇرۇۋىدۇق، سىرتتا ماشىنىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ، بىرى ئۇنى چاقىرىپ قالدى.

ئۇ سىرتقا چىقىپ قايتىپ كىرىپ چاقچاق ئارىلاش:

— ئۇكام، بىزگە يەنە ئامەت بار ئوخشايدۇ، نېفىت قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ قەدىمى يېزىلىرىمىزغىمۇ يېتىپتۇ، دەرھال بارمىسام بولمىغۇدەك، — دېدى ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، ئەسلىدە يېزىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كەڭرى كەتكەن سايلىققا كەلگەن نېفىت قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترىتى نەق مەيداندا مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ئۇنى ئىزدەپ كەلگەنىكەن.

ماشىنا ئاپئاق چاڭ-توزان توزۇتۇپ يۈرۈپ كەتتى، مېنىڭ كۆز ئالدىم پاللىدە يورۇغاندەك بولۇپ، خىيال ئېكرانىمدا ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بىر مەنزىرە — مەرۋايىتتەك تامچىلارنى چاچرىتىپ، دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك بىر ئېقىن پەيدا بولۇشقا باشلىدى. يۈرەك بىلەن يۈرەك، زېمىن بىلەن ئۇپۇق ئارىلىقىدا ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان بۇ ئېقىندا ئېزىز جامالىغا ئوخشاش مىليونلىغان ئەزىمەتلەر مۈرىنى-مۈرىگە تىرەپ دولقۇن يېرىپ ئۈزمەكتە ئىدى. بۇ، مەڭگۈ قۇرۇمايدىغان ئۈزۈلمەس ئېقىن...

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

---

(بېشى 25 - بەتتە)

ئەمدىلا خەت تارتقان بۇرۇتلىرى، قىز بالىنىڭكىدەك نېپىز، ھەممىلەشكەن لەۋلىرى ئۇنىڭغا تېخىمۇ سەبىي ۋە غۇبارسىز تۈس بەرگەنىدى. تۇرغۇن خەتكە يەنە بىر قېتىم كۆز يۈگۈرتتى.

«مېنى ئۇ ئۆلتۈرمىدى، تاغدىن تاش غۇلاپ...»

تۇيۇقسىز ئەجەل ئۇنىڭ بۇ خەتتىكى ئىككى جۈملە سۆزنى يېزىپ تۈگىتىشىگىمۇ يار بەرمىدى.

«توۋا، ھېلىلا مەن بىلەن شۇنچە قاتتىق ئېلىشقان بۇ يىگىت ئۆلۈش ئالدىدا يەنىلا مېنى ئويلاپتۇ، مېنىڭ ھاياتىمنى ئويلاپتۇ. لېكىن، مەنچۇ؟ ئاھ، خۇدا!»

تۇرغۇن ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىۋەتتى، نالە قىلدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى قىزىشقا، يۈرىكىدىن يىللىق بىر ھارارەت ئۆرلەشكە باشلىدى. كۆزلىرىدىن توختىماي ئېقىۋاتقان ياش بىلەن ۋۇجۇدىدىكى شەپقەتسىزلىك يۇيۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يىللىق مېھىر-شەپقەت پەيدا بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ شۇ ئان ھېچبىر ئىككىلەنمەي ئەخمەتنىڭ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ يۇمدۇرۇپ، ئۇنى ئاۋايلاپ ھاپاش قىلدى-دە، قەدەملىرىنى تېز-تېز يۆتكەپ شەھەر تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم



پازىل قادىر

# تاغ ئىچىدىن چىققۇچە

(ھېكايە)

تاڭ سۈزۈلگەن چاغ. كىچىچىە ياغقان يامغۇر ئەمدىلا توختىغان، تاغ شامىلى ھەيۋەت بىلەن گۇرۇلدىمەكتە ئىدى. 19 - نومۇرلۇق تاشيولدا ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان ئۈچ چاقلىق ساقچى موتسىكلىتى تاغنىڭ دوقمۇشىدىكى ئايلانمىدا چىپپىدە توختىدى. بىر جۈپ ئاياغ دەل مۇشۇ يەردە يوغان - يوغان ئىز قالدۇرۇپ تاغ ئېتىكىدىكى سايلىقتىن تاغ جىلغىسىغا كىرىپ كەتكەنىدى.

ساقچى ئەخمەت موتسىكلىتتىن سەكرەپ چۈشتى. ئۇ قاشلىرىنىڭ قىزىپ، كۆزلىرىنىڭ چاقناپ، يۈزىنىڭ ئوتتەك يېنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇ تاپتا ئۇنى شىددەتلىك بىر مەيدان يەكمۇ يەك ئېلىشىش كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ رەقىبى سەل چاغلىغىلى بولىدىغان ئادەم رەقىبلەردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆزى بىلەن ھازىرلا ھايات - ماماتلىق ئېلىشىشقا چۈشىدىغان بۇلاڭچى جىنايەتچى قاپلاندەك قاۋۇل، يىلپىزدەك چاققان، ھىيلىگەر ئەبلەخ ئىدى. ئۇنىڭ قەدىمى يەتمىگەن جاي قالمىغان، نەچچە قېتىم تۇتۇلۇپ، نەچچە قېتىم قاچقان، ھەتتا بىر قېتىم مەخسۇس تەربىيىلەنگەن ساقچىلارنىڭ قورشاۋىدىن قاۋانغا ئوخشاش بۆسۈپ چىقىپ كەتكەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەخمەت مۇشۇ خىياللار بىلەن تاغ جىلغىسىغا ئۆرلەشكە باشلىدى. تۇيۇقسىز بىر قورام تاش قومۇرۇلۇپ، تاش، شېغىللارنى سىيرىغىنىچە پەسكە چۈشۈپ كەتتى. ئەخمەت بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۈستى تەرەپكە قارىدى. خۇددى ئېيىقنى ئەسلىتىدىغان تۇرغۇن قان تولغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى. ئىككى رەقىب شۇ تەرىقىدە بىر ھازا ئۈن - تىنسىز قارىشىپ قالدى.

— ھەي سويمەك، — دېدى تۇرغۇن سۆڭەك ساپلىق پىچىقىنى ئەخمەتكە كۆرسىتىپ، — مەن بىلەن تولا ھەپىلەشمەي، ئاستا جېنىڭنى چەتكە ئالساڭ ۋالارمىكىن؟!

— ياۋاشلىق بىلەن ئالدىمغا چۈش! — دېدى ئەخمەت ئۇنىڭغا نەشتەردەك تىكىلىپ تۇرۇپ، — قېچىپ قۇتۇلىمەن دەپ خام خىيال قىلما، ياۋاش بولساڭ كەڭچىلىككە ئېرىشىسەن!

— ئەگەر يەنە يېقىنلاشساڭ پاقلاننى سويغاندەك سويۇۋېتىمەن. ھەقچان ھازىر ماڭا ئاشىڭغا گازىرمۇ كەلمەيدىغاندۇ، ماۋۇ مىڭ يۈەننى ئېلىپ ئۆز يولۇڭغا ماڭ! — تۇرغۇن خۇرۇم چاپىنىنىڭ قوينىدىن بىر باغلام پۇلنى ئېلىپ ئەخمەتنىڭ ئالدىغا تاشلىدى.

— ماڭا پۇل ئەمەس، ئۆزۈڭ لازىم. ئالدىمغا چۈش! — ئەخمەت تاپانچىسىنى چىقاردى. تۇرغۇن كىنايە بىلەن:

— ھەي شۇمتەك، قولۇڭدىكى ئويۇنچۇق ئەمەس، بىلەمسەن، مېنى ئۇنداق ئاسانلا ئېتىۋېتەلمەيسەن، ساڭا ئۆلۈكۈم ئەمەس، تىرىكىم كېرەكقۇ دەيمەن؟ — دېدى. غەزەپلەنگەن ئەخمەت ئەمدىلا بىر-نەچچە قەدەم ئۆرلىۋىدى، تۇرغۇن يېرتقۇچلارچە ۋارقىراپ ئەخمەتنىڭ ئۈستىگىلا سەكرەپ چۈشتى. قوچاقلاشما جەڭ باشلاندى. ھە دېگەندىلا تۇرغۇن ئەخمەتنى ئاستىغا ئېلىۋالدى. ئۇ پىچىقىنى ئەخمەتنىڭ دەل كۆكسىگە ئۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقاندا، ئەخمەت ئۇنىڭ ئاستىدىن پۇتىنى چىقىرىپ جان يېرىگە شۇنداق قاتتىق تىزلىدىكى، تۇرغۇن بوشقىنە ئىڭراپ ئەخمەتنىڭ ئۈستىدىن سىيرىلىپ چۈشتى. ئەخمەت ئىرغىپ قوپقىنىچە دۈم ياتقان تۇرغۇننىڭ بېشىغا تاپانچىنىڭ پاينىكى بىلەن بىرنەچچىنى ئۇرۇۋەتتى - دە، دەرھال ئۇنىڭ قوللىرىغا كويزا سالدى. لېكىن تۇرغۇننى ماڭغۇزۇش مۇمكىن بولمىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن كۆپۈك قايناپ، كۆزىنىڭ قارىچۇقى تارتىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ بىر پەستىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. ئۇ نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى دەرھال ئەسلىيەلمەي، بىردەم ئۇياق - بۇياققا ئەلەڭلەپ قارىدى. قولىدىكى كويزىغا ۋە ئالدىدا قاراپ تۇرغان ساقچى يىگىتكە ھەيرانلىق ۋە ئەلەم بىلەن تىكىلدى. ئۇ ئۆز-ئۆزىگە غودۇردى:

— تووۋا، نېمە بولدۇم، مېنى قارا باستىمۇ نېمە؟ مۇشۇنداق بىر سويمىنىڭ قولىغا چۈشتۈممۇ - ھە؟

تاغ شامىلى ئەدەپ، تېخىمۇ قاتتىق گۇرۇلدەشكە باشلىدى. ئەخمەت تۇرغۇننى كەينىدىن يالاپ تاغدىن چۈشۈۋاتاتتى. تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن بىر سادا تاغ، جىلغىلارنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. كېچىچە ياغقان يامغۇر ۋە سەھەردىن تارتىپ كۆتۈرۈلگەن شىۋىرغاندا

بوشاپ قالغان بىر قورام تاش تاغ ئۈستىدىن جىلغا بويلاپ غۇلاپ، دەل ئۆلارنىڭ ئۈستىگە شىددەت بىلەن چۈشۈپ كېلىۋاتاتتى. تۇرغۇن تاغ ئۈستىدىن چۈشۈپ كېلىۋاتقان تاشقا قاراپ قېتىپ قالدى. ئەخمەت «قاچ!» دېگىنىچە ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى. تۇرغۇن ياندىكى ئويمانغا دومىلاپ چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈزى ۋە بىلىكى سۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئالاقزادە بولغان هالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەخمەتنىڭ يۈز - كۆزى قانغا بويالغان هالدا سۇنايلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئىتتىك ئۇيان - بۇيانغا قارىدى. ئەتراپتا هېچكىم كۆرۈنمەيتتى.

— ياپىر، يەنە قۇتۇلۇپ قالدىما، ئاتا - بوۋامنىڭ روهى يۆلىدى مېنى! — دېدى تۇرغۇن قېچىپ كېتەلەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ.

ئۇ بىهوش ياتقان ئەخمەتنىڭ يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ ئاچقۇچنى ئالدى ۋە ئۇنى چىشلەپ تۇرۇپ قولىدىكى كويزىنى ئاچتى. ئۇ قېچىش مەقسىتىدە ئون قەدەمچە يۈگۈرگەندىن كېيىن نېمىشقىدۇر كەينىگە ئۆرۈلۈپ، هوشسىز ياتقان ئەخمەتكە قارىدى ۋە شۇ هامان پۇتلىرى تىترەپ، يەرگە چاپلىشىپ يېتىۋالدى. بۇ چاغدا ئەخمەت تەسلىكتە مىدىرلاپ، ئۆز يېنىدىن بىر نېمە ئېلىۋاتاتتى. «جان ئاچچىقىدا مېنى ئېتىۋەتمەكچى بولدى، ئۇ تاپانچىسىنى ئىزدەۋاتىدۇ چوقۇم» دەپ ئويلىدى تۇرغۇن. ئۇ مۇشۇ ۋەهىمە بىلەن ئەخمەتتىن كۆزىنى ئۈزمەي مۈشۈكتەك مارىلاپ ياتتى، لېكىن تاپانچىدىن ئوق چىقمىدى. ساقچى تولىمۇ تەسلىكتە هالسىز مىدىرلاپ بىر نېمىلەرنى قىلىۋاتاتتى. بىر چاغدا ئۇ بوشقىنە بىر سىلكىنىپ، بېشى بىر ياققا قىيسايغان هالدا جىمىپ قالدى.

— ئاپلا! ئۆلدىمۇ نېمە؟— تۇرغۇن ئاۋازىنىڭ قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇنىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى.

ئۇ، مەن هازىرغىچە نۇرغۇن جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەن بولساممۇ، بىر قېتىممۇ قاتىللىق قىلمىغانىدىم. ئەمدى... بۇ ساقچى ئۆلۈپ كەتسە مەن ئۆزۈمنى قانداق ئاقلايمەن، مېنىڭ قاتىل ئەمەسلىكىمگە كىم ئىشىنىدۇ؟ مېنى هامان تۇتىدۇ. ئەمدى تۈگەشتىم. ئاه، خۇدا! ساقچى بۇ يەردە ئۆلمىسە بولاتتى. ئۇ هوشىدىن كېتىپ قالدىمۇ - يا؟ ئەگەر راستتىنلا شۇنداق بولسا، قولۇمغا كويزا سېلىپ قاچاي، قولىغا كويزا سېلىنغان كىشىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرەلىشىگە هېچكىم ئىشەنمەيدۇ، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ۋە ساقچىنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، يەر بېغىرلاپ ئۆمىلەپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى. ساقچىنىڭ قولىدا مەهكەم سىقىمدالغان بىر قەلەم تۇراتتى. يېنىدا قىڭغىر - قىيسىق خەت يېزىلغان بىر پارچە قەغەز تاشقا بېسىلىپ تۇراتتى. تۇرغۇن خەتنى تىترەپ تۇرغان قوللىرىغا ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

«مېنى ئۇ ئۆلتۈرمىدى. تاغدىن تاش غۇلاپ...» تۇرغۇننىڭ ئېڭەكلىرى جاقىلداپ كەتتى. ئۇ ساقچىغا قارىدى. 23 - 24 ياشلاردىكى ئەخمەت كۆزىنى يۇمۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي بىپايان ئاسمانغا قاراپ خىيال سۈرۈۋاتقان قىياپەتتە قېتىپ قالغانىدى. قويۇق قوشۇما قاشلىرى

(ئاخىرى 22 - بەتتە)

ماخمۇت مۇھەممەت

# ئىككى ھېكايە

## غەمخورلۇق

يېشى ئاتمىشتىن ھالقىپ، ئالدىغا سەل مۈكچىيىپ قالغان، قاشلىرىغىچە ئاق باسقان ئورۇق بىر بوۋاي دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان رەسۇلۇپنىڭ يېنىغا كېلىپ سورىدى:

— ئوغلۇم، گېزىتخانا مۇشۇمۇ؟

— مۇشۇ تاغا، كىمنى ئىزدەيتتىڭىز؟

— كىمنى ئىزدەيتتىم،— بوۋاي بىردىنلا چېچىلىدى،— مۇشۇ يەردىكى بىر زۇۋاندا مۇخبىرنى...



—ئىسمىنى بىلەمسىز؟— ئەزەلدىن سىلىق قاپاق يۈرۈيدىغان رەسۇلۇپ كۆلكىسىنى تەستە باستى.

— ئىسمى قۇرۇمامدۇ،— بوۋاي كەينىگە قوۋۇشتۇرۇلغان قوللىرىنى كەڭ يايدى،— ئەيتاۋۇر دوغىلاقىسىنە، چوتكىباش بىر بالا.

رەسۇلۇپ بىر پەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ كەتتى.

— كىم بولدى بۇ...— دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە ۋە بوۋايغا قارىدى،— نېمە بولدى تاغا، ئۇ بالا سىزگە بىرەر زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈپ قويمىغاندۇ؟

— زىيان - زەخمىتىڭىز نېمىسى، غەمخورلۇق قىلدى، غەمخورلۇق!— دېدى بوۋاي سەپراسى تېخىمۇ ئۆرلەپ بوغۇلغان ھالدا.

رەسۇلۇپ بولۇۋاتقان گەپلەردىن بېشى تۆرگەندەك ئالدىغا بىر، كەينىگە بىر قەدەم باستى— دە، كېيىن بوۋاينىڭ قۇلتۇقىدىن تۇتۇپ، يېنىدىكى تامنىڭ تۈۋىگە تارتتى.

— تاغا، چېچىلماي بىر باشتىن سۆزلەڭا قېنى، زادى نېمە ئىش بولدى؟

— ماقۇل سۆزلەي،— بوۋاي تام

تۈۋىگە زوڭزىيىپ، بېشىدىن ئۆڭۈپ كەتكەن بېغىررەڭ مالچېستىر دوپپىسىنى ئېلىپ، تىزىغا كىيدۈردى - دە، ئۇقارەڭ شالاڭ چاچلىق بېشىنى ئارىدەك بارماقلىرى بىلەن تاتىلاپ تۇرۇپ گېپىنى باشلىدى:

— قاراڭ، مەن بارغۇ ئۇكا، ئاۋۇ پاختا بازىرىنىڭ بېتىنىدىكى ياشلار ماگىزىنى بارغۇ، بىلەمسىز، ھە، شۇ يەردە كۆزەتچىلىك قىلاتتىم. ئۈچ يىلدەك بولۇۋېدى دەڭ، خاتىرجەم جاھاندارچىلىق قىلىۋاتتىلى. ياشلىتىمىزدا بىرەر ئوقەتنىڭ پېشىنى تۇتماپتىكەنمىز. باققالچىلىق بىلەن ئۆمرۈم ئۆتۈۋىدى. قېرىغاندا بارغۇ، ئوقەتتىن قالىدىغان گەپكەن. ياشلاردىن ئوقەت ئاشامدۇ دەيسىز ئۇكا...

بوۋاي بىر يولى شۇنچىۋالا جىق گەپ قىلىۋەتكەنلىكتىن ھاردىمۇ، ياكى ئاچچىقى يەنە غۇژژىدە تۇتتىمۇ، تېز - تېز ھاسىراپ، جىم بولۇپ قالدى. رەسۇلۇپ جاپاكەش بوۋاينىڭ قورۇقلار بىلەن تولغان يۈزىگە ھېسداشلىق بىلەن سەپسالدى. شۇ تاپتا ئۇ ساقلاۋاتقان ئادىمى، قىلماقچى بولغان ئىشىنىمۇ ئۇنتۇغانىدى.

بوۋاي گېپىنى داۋام قىلدى:

— شۇنداق قىلىپ ئۇكا قاراڭ، كەمپىر بىلەن ئىككىيلەن بىر ئوبدان تىرىكچىلىك قىلىپ كېتىپ باراتتۇق دەڭ، ھېلىقى چوتكىباش ئالدىراڭغۇ نەدىن ئارا پەيدا بولدى، پېشكەلچىلىك باستى.

— ئۇ نېمە ئىش قىلدى؟— رەسۇلۇپنىڭ ئاۋازىدا قىزىقىشتىن كۆرە تولىراق ئالدىراشلىق سېزىلەتتى.

— نېمە قىلاتتى، ئاۋۇ كۈنى شەيتانچىلىقنى غىرقىرىتىپ، ماگىزىنغا كەپتىمۇ دەڭ، جۇرپىنى سورىدى، ماگىزىنىڭلارنىڭ بۇ يىللىق كىرىمى ئېشىپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم، يازىمەن دېدى، ھە دېدىم، جۇرپىن ئىدارىدە يوق ئىدى، سەل ساقلاپ تۇرامسىز - يا؟ دېسەم، ماقۇل دېدى. كۆزەتخانىدا ئولتۇرۇپ ئۇياق - بۇياقتىن گەپ ئېچىپ، ئەھۋالىمنى سورىدى، مەنمۇ ماگىزىنىڭ ئىشىنى بىرەر قۇر ماختىغان بولدۇم، ئاندىن ئۆزۈمنىڭ كېچىسى كۆزەتچىلىك قىلىدىغانلىقىمنى، كۈندۈزى مال توشۇيدىغانلىقىمنى دەپ بەردىم، بار گەپنى دېدىم، «ئىشىڭىز جاپالىقكەن چوڭ دادا، سىزگە غەمخورلۇق قىلىش كېرەككەن» دېدى، «ھە» دېدىم. بولغان گەپ شۇ. ئەتىسى ئىشقا كەلسەم جۇرپىن مەمتىلاخۇن: ئاكا، سىزنى كۆزەتچىلىككە قويىمىز دەپ يېشىمىزغا بالا تېپىۋالىدىغان ئوخشايمىز، خاپا بولماي ئۆيگە بېرىپ دەم ئالسىڭىز، ئورنىڭىزغا ياشراق بىر كۆزەتچى تېپىۋالارمىز، دەيدۇ قاراڭ. يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ قالدى...

— ماۋۇ گەپنى قاراڭ،— دېدى رەسۇلۇپمۇ چۆچۈگەندەك،— نېمىشقا دېدىڭىزمۇ؟

— نېمىشقا دېمەي قالامدۇ دەيسىز ئۇكا،— دېدى بوۋاي تىزىغا كىيگۈزۈۋالغان دوپپىسىنى بېشىغا شارتتىدە كۆمتۈرۈپ كىيگىنىچە چىڭقىلىپ،— دېمەي قالامدۇ، ئۇقسام بايىقى مۇخبىر جۇرپىنغا ياشلار ماگىزىنى تۇرۇپ، كۆزەتچىلىك، مال توشۇشتەك ھەممە ئېغىر ئىشنى بىر قېرىغا ئارتىپ قويغىنىڭىز نېمىسى، گېزىتكە يازىمەن، دەپ پوپوزا قىپتۇدەك. ھوي، ماڭا قىلغان غەمخورلۇقى شۇما؟ ئەمدى كەمپىر ئىككىيلەننىڭ قارنىنى قانداق

باقمەن دەيمەنا! ئۇكا، ئاشۇ چوتكىباش زادى مەشەدە بارمۇ-يوق، بولسا بىر تېپىشىپ بېرىڭا. كېزىتخانا دېگەندىن بىر شەھەردە بىرىلا بولار؟...

رەسۇلۇپنىڭ يۈرىكى ئالدىقانداق ھېسلار تۆپەيلى سىقىلىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئاجايىپ غەمخورلۇقتا مۇيەسسەر بولغان ئاق قاشلىق، مۆكچەيگەن بوۋاي يەنە دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرى باردەك ئۇنىڭغا قاراپ، ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇراتتى.

## خۇشمەمەتنىڭ خۇشاللىقى

— ھەي ئۇكا، شۇنداق قىلىپ شۇنداق ئىشلار دەڭ! ھە، گەپ قىلىڭ، — دېدى بويىنىغا قارىغاندا توغرىسىغا تەن قويغان، شۇڭلاشقىمۇ بىر قارىغان ئادەمگە چاتقاللىق ئارىسىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان ئېيىقنى ئەسلىتىدىغان ساقاللىق خىزمەتدىشىم خۇشمەمەت. ئۇ ئۈستىلىمىنىڭ ئالدىغا كېلىپ كەمدىن كەم كۆرۈلىدىغان خۇش خۇيلۇق بىلەن ئالقانلىرىنى بىر-بىرىگە سۈركىدى.

نېمە دېيىشىمنى دەماللىققا بىلەلمەي،



تەييارلاۋاتقان ماقالەمنى يېرىم يولدا توختاتتىم-دە، قەلىمىمنى بارماقلىرىم ئارىسىدا پىرقىرىتىپ ئوينىغىنىمچە مۇراجىئەتچىسىگە قاراپ كۈلۈمسىرىدىم. كېزىتخانىغا يۆتكىلىپ كەلگىنىمدىن تارتىپ، مەزكۇر بۆلۈمدە بەت مەسئۇلىنى ھېسابقا ئالمىغاندا دائىمىي مەسلىھەتداش ئادىمىم شۇ كىشىلا ئىدى. «تاشيوللارنى باشقۇرۇش»، «شىنجاڭ ئورمانچىلىقى» دېگەندەك ژۇرناللاردا ئاندا-ساندا شېئىرى چىقىپ قالىدىغان بۇ خىزمەتدىشىمنىڭ مىجەزىنى تازا ئېنىق چۈشىنىپ كېتەلمىگەنىدىم. ئادەتتە ئۇ تولا ۋاقىتلاردا قاپىقىنى سېلىپ، بىر كىمدىن رەنجىگەندەكلا زۇۋان سۈرمەي يۈرەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ دەسلەپكى كۈنلەردە «مەندىن رەنجىپ قالغانمىدۇ» دەپ نەچچە قېتىم ئۆز-ئۆزۈمدىن خۇدۇكسىنىپ يۈرگەنىدىم. كېيىنچە بۇ ئۇنىڭ دائىملىق مىجەزى ئىكەنلىكىنى سېزىپ قالدىم ۋە بەلكى ئۇ يېزىلغۇسى شېئىرلىرىنى ئاشۇنداق ھالەتتە يۈرۈپ كاللىسىدا پىشۇرسا كېرەك دېگەن خىيالغا كېلىپ تىنچلاندىم.

— گەپ قىلمايسىزغۇ بالا، گەپ قىلىڭ! — دېدى خۇشمەمەت خۇددى مېنى گەپ قىلغۇزمىسا ھازىرلا بىر پالاكەت يۈز بېرىدىغاندەك ئەلپازدا جاھىللىق

بىلەن. ئۇ مېنىڭ داۋاملىق ئۈن - تىنسىز ئىلتىجا بىلەن ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتكىنىمدىن رازى بولمىغاندەك كۈلۈمسىرىگىنىچە بېشىنى توختاۋسىز لىڭشىتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ كۆڭلۈمدە بۇ كىشىدە خۇشال بوپكەتسە كۆرۈلىدىغان ئىككى ئالامەت بارىكەن، بىرى، ئالقانلىرىنى توختىماي بىر - بىرىگە سۈركەپ، ئىشقىلايدىكەن. ئىككىنچىسى، «گەپ قىلىڭ» دېگەن سۆزنى تولا تەكرارلايدىكەن، دەپ ئويلاپ ئولگۇردۇم.

— بۈگۈن سىز بىر نېمىگە خۇشالغۇ؟— دېدىم ئاخىرى ۋە سۆھبەتدىشىمنىڭ چېقىر كۆزلىرىگە ئىچكىرىلەپ قاراپ كۈلۈمسىرىدىم،— تاپتىمغۇ دەيمەن؟

— تاپتىڭىز!— دېدى خۇشمەممەت ئالقانلىرىنى بىر - بىرىگە سۈركەپ ئىشقىلاشنى تەكرارلاپ،— مەن بۈگۈن خۇشال... ئادەم دائىم مۇشۇنداق خۇشال يۈرسە، خۇشال يۈرىدىغان ئىشلار دائىم بولۇپ تۇرسا... ھەي... ي، شۇنداق قىلىپ، شۇنداق ئىشلار دەڭ ئۇكا، ھە، گەپ قىلىڭ!

ئۇ شۇ گەپلەرنى قىلدى - دە، ئۇسسۇل ئوينىغاندەك پىررىدە بىر پىرقىرىۋېتىپ بۆلۈمدىن چىقىپ كەتتى. ئالدىنقى بىرنەچچە قېتىملىق ئوخشاش ھالەتلەرگە ئاساسەن، مەن ئۇنىڭ باياتىن قىلغان پاراڭ ۋە ھەرىكەتلىرىنى تەكرارلاش ئۈچۈن ھەر بىر بۆلۈملەرگە بىر باشتىن كىرىپ چىقىدىغانلىقىنى، بۇنىڭغا كەم دېگەندە يېرىم سائەت ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى قىياس قىلدىم. شۇڭلاشقا جاھاننىڭ تىنچ ۋاقتىدا تەييارلاۋاتقان ماقالەمنىڭ چالىسىنى تۈگىتىۋېلىش ئۈچۈن، ئۈستىلىمدىكى قەغەزلەرگە ئېڭىشتىم.

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن بىلمەيمەن، قولۇمدىكى ماقالەمنىڭ ئاخىرقى بېتىنى تۈگىتەي دەپ قالغانىدىم. ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلدى - دە، خۇشمەممەت كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن بايىقى خۇشاللىقىنىڭ بەلگىلىرى ئۆچمىگەن، ئەكسىچە تېخىمۇ كۈچەيگەنىدى.

— ئىشلەۋەردىڭىزمۇ بالا؟— دەپ ئۇ ماڭا قاراپ خۇش خۇيلۇق بىلەن باش لىڭشىتتى،— تىرىشچان جۇمۇ سىز، ئەمما لېكىن دەم ئېلىپ، دەم ئېلىپ ئىشلەڭ ھوي! جان تۈگەپ كېتىدۇ، ئىش يەنە ئېشىپ قالىدۇ... ھە، گەپ قىلىڭ!

بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ئۇ ئالقانلىرىنى بىر - بىرىگە سۈركەۋېتىپتۇ.

خۇشمەممەت ئىككىنچى قېتىم بۆلۈمدىن چىقىپ كېتىشىگە، بەت مەسئۇلىمىز كىرىپ كەلدى.

— خۇشمەممەت كۆرۈنمەيدىغۇ؟— سورىدى ئۇ مەن بىلەن ھەر كۈندىكىدەك يىللىق سالاملاشقاندىن كېيىن، بۇلۇڭ تەرەپتىكى بوش ئۈستەلنى ئېگەكدەپ.

— ھېلىلا بار ئىدى. پەيدا بولۇپ قالىدۇ،— دېدىم ۋە ھەيرانلىقىمنى يوشۇرالماي بەت مەسئۇلىدىن سورىدىم:

— خۇشمەممەتكام قىزىقلا ئادەمكەنغۇ، ئادەتتە قاپىقىنى سېلىپلا يۈرىدىكەن، ئارىلاپ - ئارىلاپ ئاجايىپ ئېچىلىپ كېتىدىكەن.

بەت مەسئۇلى گېپىمنى ئاڭلاپ چۆچۈگەندەك سورىدى:

— نېمە، ئۇ بۈگۈنمۇ خۇشال يۈرەمدۇ؟

— شۇ ئەمەسمۇ،— مەن قىزىقچىلىق بىلەن كۈلدۈم،— ئەتىگەندىنكىياقى ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ، بۆلۈممۇ بۆلۈم كىرىپ يۈرىدۇ.

بەت مەسئۇلى گېپىمنى تىڭشاۋېتىپ ئىشنى توختىتىپ بېشىنى كۆتۈردى - دە، تېڭىرقاپ تۇرۇپ كەتتى. كېيىن ئۆز - ئۆزىگە پاراڭ سالغاندەك سۆزلىدى:

uyghurkitap.com

— ئۇ خۇشال يۈرىدىغۇ، دەڭ...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھەيران بولدۇم. توغرىسىنى ئېيتسام، گاڭگىراپ قالدىم. شۇ ئارىدا ئىشىك يەنە تاراقلاپ ئېچىلىپ قالدى - دە، خۇشمەممەت كىرىپ كەلدى. ئۇ بۆلۈمگە كىرىپلا ماڭا بىر نېمە دېمەكچى بولدى - يۇ، بەت مەسئۇلىنى كۆرۈپ قېلىپ ئۈنچىقماستىن ئۈستەلى تەرەپكە ماڭدى. كېتىۋېتىپ قىيا بۇرۇلدى - دە، كۈلۈمسىرىدى. ئالقانلىرى بولسا توختىماي بىر - بىرىگە سۈركىلىپ، ئىشقىلانماقتا ئىدى.

شۇ كۈنى كەچكىچە خۇشمەممەتنىڭ خۇشال ھالىتى، ئالقانلىرىنى بىر - بىرگە سۈركەپ «ھە، گەپ قىلىڭ!» دېيىشلىرى ۋە بەت مەسئۇلىنىڭ ئاخىرى چۈشمىگەن ھېلىقى پارىڭى زادىلا كاللامدىن نېرى كەتمىدى، ئىشتىن چۈشۈش ئالدىدا يەنە ئۆزۈم بۆلۈمدە يالغۇز قالغاندىم. نەرسە-كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ قايتاي دەپ تۇرسام، ئىشىكنى تاراقلىتىپ ئېچىپ خۇشمەممەت كىرىپ كەلدى.

— قايتمىدىڭىزمۇ بالا؟ ئاپىرىن! — دېدى ئۇ كەچكىچە نامايىش قىلغان خۇشاللىقىنىڭ ئاخىرقى شوللىرىنى چاچقىنىچە، — مانا شۇنداق ئىشلار، ھە، گەپ قىلىڭ!

ئىچىمنى تاتىلاپ تۇرغان سوئالنىڭ دەۋىتىگە ئاخىر ئەل بولدۇم.

— بۈگۈن قالتىس خۇشالغۇسىز ئاكا، راستمۇ؟ — دەپ گېپىمنى ئەگىتىپ مۇددىئاغا يېقىنلاشتىم.

— ئەتىگەن دېدىمغۇ بۈگۈن خۇشالمەن دەپ ئۇكا، — خۇشمەممەت شائىرانە ھېسسىياتقا كەلگەندەك قوللىرىنى شارت - شۇرت سىلكىدى، — بۈگۈن بىر سېكىل يېزىۋالغاندەك خۇشالمەن، ئۇقتىڭىزمۇ؟

— خۇشاللىقىڭىزغا مەستلىكەم كېلىۋاتىدۇ، بىراق شۇ خۇشاللىقىڭىزنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە بولامدىكىن؟

سوئالىمنى ئاڭلاپ خۇشمەممەت سەل تېڭىرقاپ تۇرۇپ كەتتى-دە، كېيىن ئۈنىنى پەسەيتىپ:

— ئاغزىڭىز چىڭمۇ؟ — دەپ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قاراپ كەتتى، — يەنى، سىر ساقلىيالامسىز دېمەكچىمەن.

— چا... چاتاق يوق، — دېدىم گاڭگىرىشىمنى سەزدۇرمەي.

— ئەمىسە قۇلىقىڭىزنى بۇيانغا تۇتۇڭ، — خۇشمەممەت راستتىنلا مېنى، يېنىغا چاقىرىپ، ئۈچىنچى بىر كىشى بولمىغان بۆلۈمدە ئاغزىنى قۇلىقىمغا چاپلاپ دېگۈدەك تېز - تېز پىچىرلىدى، — بەت مەسئۇلىمىز بارغۇ، سەزدىڭىزمىكىن، ئۆتكەن كەتكەن ئىچى قوتۇر بىر ئاداش... ھەي، سىز تېخى بۇ يەرگە يېڭى كەلدىڭىز، كېيىنچە ئىچ - سىرىنى ئېلىپ قالسىز... شۇزە ژۇرنالغا ئۇزۇندىن ئۇزۇن بىر ئىلمىي ماقالە ئەۋەتكەنىدى. بىچارە شۇنىڭ تەمەسىدە پوچتىنى تىك - تىڭلاپ يۈرىدىغۇ ئۆزىچە. ئەتىگەن ئىشەنچلىك بىر ئادەمدىن خەت ئالدىم، ئۇ ماقالە ئۆتمەي قاپتۇ، يارىماپتۇ!...

گۇپپىدە قىلىپ بەت مەسئۇلىنىڭ ئەتىگەنكى ئايىغى چۈشمىگەن پارىڭى يادىمغا چۈشتى. پىچىرلاشتىن توختىمىغان ئېغىزىدىن قۇلىقىمنى ئىختىيارسىز تارتىۋالدىم. بۇ چاغدا خۇشمەممەت پىچىرلاشتىن ئۈنلۈك خىتابقا ئۆتكەنىدى:

— ھەي، ئۇكا، شۇنداق قىلىپ شۇنداق ئىشلار، دەڭ! ئادەم دائىم مۇشۇنداق خۇشال يۈرسە ھە، قېنى گەپ قىلىڭ!

مەن خۇشمەممەتكە قارىدىم، ئۇ ئالقانلىرىنى بىر - بىرىگە ئىشقىلاپ، مەززە قىلىپ تۇرۇپ سۈركەۋاتاتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل



ئەسئەت ئەدەت

# بولۇمسىز ئەر

(ھېكايە)

## 1

ياش يىگىتنىڭ بۇ ئىدارىگە قەدەم قويۇپلا تۇنجى ئۇچراتقىنى ئىنتايىن چىرايلىق بىر قىز بولدى. ئۇ بۇنى ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى دەپ ئويلىدى. قىز سەمىمىي بىر نەزەردە قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ھال يىگىتنىڭ قەلبىدە قانداقتۇر بىر چاغلاردا دولقۇنلاپ، ئاخىرى پەسىيىپ قالغان غەيرىدي تۇيغۇلارنى ئويغاتتى. بولۇپمۇ قىز ئىنتايىن تونۇشتەك تۇيۇلۇپ ئۇنى خۇشال قىلىۋەتتى.

ئۇ خىزمەت رەسمىيىتىنى ئۆتەپ بولۇپ، دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ ناھايىتى ھاياجانلىنىپ قالدى. ئۇ بۇ كۈننى خاتىرىلەش نىيىتىگە كەلدى.

ئۇ ئىدارىنىڭ ئالدىدىكى ئاچا يولنى كېسىپ ئۆتۈپ، كىشىنى گاراڭلاشتۇرۇپ قويىدىغان ئەزمە مۇزىكا ئاڭلىنىپ تۇرغان بىر قەھۋەخانىغا كىردى. قەھۋەخانىنىڭ ئىچى پاتىپاراق بولۇپ كەتكەن، بىر توپ ياشلار تۇساقنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر ئۈستەلنى چۆرىدەپ راسا ئەپسانە گەپلەرنى قىلىشىپ ئولتۇراتتى.

بىر قىز ئېگىز پەشتاختىنىڭ ئۇ تەرىپىدە ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلىمايۋاتقاندەك بىر خىللا چەكچىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى ھەددىدىن زىيادە سېرىق بولۇپ، ھەم گۈزەل ھەم سولغۇن كۆرۈنەتتى.

ئۇ پەشتاختىنىڭ ئالدىدا بىردەم تەمتىرەپ تۇرۇپ قالدى. قىز ئۇنى كۆرمەيۋاتقاندەك بىر خىللا ئولتۇراتتى. يىگىت قىزنى نېمىدەپ چاقىرىشنى بىلەلمىدى. ئۇ قىزغا پات-پات قاراپ قويۇپ پەشتاختىنىڭ ئالدىدا داڭ قېتىپ تۇرۇۋەردى. ئاخىر ئۇ بەكمۇ سىقىلغاندەك بولدى،

ئەمما دەرھال چىقىپ كېتىشكە جۈرئەت قىلالمىدى.

ئۇ ئەزەلدىن ھەممە ئىشقا ئۇدۇللا قارايتتى. ئۈن ـ تىنسىز ياشايتتى. ئۇنى ساۋاقداشلىرى «مۆك» دەپ ئاتايتتى. ئەمما ئۇنى يەنىلا ھەممىسى ياقتۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇربان بېرىشنى خالىمىدى.

ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. سەت گەپلەر كىشىنى سەسكەندۈرگۈدەك دەرىجىگە يەتتى.

يىگىتنىڭ بوغۇزىدىن ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا تۇيۇقسىز غەلىتە بىر ئاۋاز چىقىپ كەتتى. قىز ئىپادىسىز نەزەرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ قورۇما ۋە ئىچىملىكلەر تىزىملىكىنى ئۇنىڭغا سۇندى. ئۇ گاڭگىرىغان ھالدا بىرنېمىلەرگە بەلگە قويۇپ قىزغا قايتۇرۇپ بەردى، قىز ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. قايتىپ چىقىپ ئۇنىڭ يەنىلا پەشتاختىنىڭ يېنىدا قېتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئىلاجىسىز:

— ئاۋۇ يەرگە بېرىپ بىرئاز ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن ھازىرلا ئېلىپ كېلىمەن، — دېدى.

ئۇ كېتىۋېتىپ بىر ئورۇندۇققا پۇتلىشىپ، يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. ئۇ، بۇلۇڭدىكى ئۈستەلگە بېرىپ ئولتۇردى. يانچۇقىدىن قول ياغلىق ئېلىپ پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتتى. بۇ ھالىمنى كۆرۈپ قىز نېمىدەپ قالغاندۇ، لېكىن مەندە نېمە ئامال، بېشىم دائىملا بۇرۇقتۇم بولۇپلا تۇرىدۇ. بۇ قىز چوقۇم مېنى تازا بىر مۆك نېمىكەن دەپ ئويلاپ قالدى. مەن ئۇنىڭ بۇ تەسىراتىنى ئۆزگەرتىشىم كېرەك، دەپ ئويلىدى.

ئۇ، قىزچاق تېزرەك بولسىكەنچۇ، دېگەن سۆزنى ئىچىدە بىرنەچچە قېتىم تەكرارلاپ، تىلىنى كۆلدۈرۈۋالغاندىن كېيىن، پەشتاختا تەرەپكە قاراپ تووۋلىماقچى بولىۋېدى، ئۇڭغىچە قىز پەتنۇسقا تىزىلغان قورۇما ۋە ئىچىملىكلەرنى كۆتۈرۈپ بۇياققا كەلدى، ئۇ گېپىنى يۇتۇۋېتىشكە مەجبۇر بولدى.

ئەمدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرمەي غىزالىنىشقا، ئىچىشكە باشلىدى. بېشى سەل ئايلىنىشقا باشلىغاندىن كېيىن تىك ئولتۇرۇپ، قىزغا قارىدى. قىز ئېگىزكىنە جەينىكىنى تىرەپ ئىشكتىن سىرتقا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئەمدى ھودۇقمىدى. بېشى سەل سەگىگەندەك بولدى. ئۇ قانچە يىللاردىن بېرى چېكىپ ئادەتلىنىپ قالغان موخۇركىسىنى تېيوم ئوراپ، قېنىپ ـ قېنىپ شورىدى. بىر توپ مەستلەر دەلدەڭشىپ پەشتاختا ئالدىغا كەلدى. قىزغا بولمىغۇر چاقچاقلارنى قىلدى. قىزمۇ ئۇلارغا كېلىشتۈرۈپ بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلدى. ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈشكىنىچە چىقىپ كېتىشتى.

يىگىت كۆك تاماكىسىنىڭ ئىسىنى پۈرقىرىتىپ، قىزغا چەكچىيىپلا ئولتۇراتتى. ئۇ ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ قىزنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ بۇ جۈرئەتنىڭ نەدىن پەيدا بولغىنىنى بىلەلمىدى.

— قىزچاق، — دېدى ئۇ خېلى راۋان ئاۋازدا، — مەن ئىنتايىن بەختلىكمەن... بەخت دېگەن شۇنداق نەرسە، سەن ئۆزۈڭنى بەختلىك ھېس قىلدىڭمۇ، بەخت دېگەننىڭ ئۆزى شۇ.

— مەن سىزنى تەبرىكلەيمەن، — دېدى قىز ئۇنىڭغا قاراپ باش لىڭشىتىپ،

www.uyghurkitap.com

— مەيلى، مۇۋاپىق بولسا بىر رومكا...

قىز ئۇنىڭغا قاراپ سۇس كۈلۈمسىرەپ قويدى. بۇ خىل كۈلۈمسىرەش بىلەن ئۆز يېقىنچىلىقىنى ئىپادىلىدى. ئەمما قىز تەمكىن بولۇپ يىگىتنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنمەكتە ئىدى. يىگىت بۈگۈنكى غەلىتە خاتىرە كۈننى ئۇنتۇپ قېلىشنى، (ئۇ شۇ تاپتا ئۇنتۇپ قېلىشقا تاسلا قالغانىدى) ئەڭ مۇھىمى بۇ كۈننىڭ ئەھمىيىتىنى يوقىتا چىقىرىۋېتىشنى خالىمىدى. ئۇ قىز ئۇزاتقان رومكىنى كۆتۈرۈپ، ئۆز ئورنىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ خاتىرجەم ئولتۇرۇپ ھېلىقى قىزنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەكچى ۋە ئۇنىڭ بىلەن خىيالىي مۇڭداشماقچى بولدى. ئەمما ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەشتاختىدا يېنىدىكى قىزنىڭ سىماسىدىن باشقا ھېچقانداق كۆرۈنۈش پەيدا بولمىدى. ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ قىزنىڭ قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەي ئاۋارە بولدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئىچى سىقىلدى. ئۇ رومكىنى كۆتۈرۈۋېتىپ، يەنە پەشتاختىدا ئالدىغا باردى. قىز ئۇنىڭغا يەنە بىر رومكا قۇيۇپ بەردى.

بىر قىز ئۇنىڭ ئالدىدىكى غۇۋا بوشلۇقتا مەيۈس كۈلۈمسىرەپ، ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. بۇ يەنىلا پەشتاختىدا يېنىدىكى قىز، ئۇنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ پاراكەندە بولۇپ كەتتى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، پۇلنى تۆلىۋەتكەندىن كېيىن قىزغا قاراپمۇ قويماي، دەلدەڭشىپ ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

2

ئۇنىڭ مىجەزى مۇنداق ئىدى: ئۇنىڭ بىرەر ئۈمىدى بېسىمغا ئۇچرىدىمۇ بولدى، ئۇ بىر ماشىنا ئادەمدەك ئۆز ئىشىغا بېرىلىپ كېتەتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق تىنماي ئىشلەشكە باشلىدى.

سائەت بەش بولماستىنلا ئىشخانا ئۇنىڭغا قالدى. ئۇ بۇرۇن قايتىسىمۇ، ۋاقىچە قايتىسىمۇ ئوخشاش بولۇپ، ياتاق، ئىشخانا ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى.

بىر چاغدا ئىشىك يېنىك ئېچىلدى. ئۇنىڭ دىمىغىغا ئۆتكۈر ئەتىر پۇرىقى ئۇرۇلدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، قولىدا گۈللۈك باغاق تۇتقان، ئۆزى ئۇنتۇپ قېلىشقا ئازلا قالغان ھېلىقى قىزنى كۆردى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. قىزغا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدى. قىز ياندىكى بىر ئورۇندۇققا ئولتۇردى:

— مۇنداق بىر ئىش بار ئىدى ئۆگۈنلۈككە تويۇم بولىدۇ. ئىشخانىدىكىلەر بۇ باغاقلارنى بېرىپ قويۇڭ، ئىسمىڭىز نېمە؟ — قىز ئۇنىڭ ئىسمىنى بىر باغاققا يازدى، — مانا بۇ سىزنىڭ.

— تويي قىلامسىز؟ — ئۇ زورۇقۇپ مۇشۇنداق بىمەپ بىر سوئالنى سوراپ سالدى. بۇ سوئالنى ئوشۇقچە سوراپ قويغىنىغا ئۆزىمۇ خىجىل بولۇپ قىزىرىپ كەتتى.

— مېنى توي قىلمايدۇ دەپ ئويلىغانمىدىڭىز؟ — قىز غەلىتە بىر كۈلۈمسىرەش بىلەن سورىدى.

— ياق... ياق، — ئۇ تەمتىرەپلا قالدى، — مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەسمەن، كەچۈرۈڭ، مەن...مەن تەبرىكلەيمەن.

ئۇنىڭ پېشانىسىدىن تەر چىقىپ كەتتى. نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ ئاڭقىرالماي قالدى. ئۇ بوشلۇقتا

لەيلەپ قالغان نەزەرىنى نەگە تىكىشنىمۇ بىلمەيتتى. ئەمما ئۇ كاللىسىدا ھېچ نەرسە قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. بىر ئازدىن كېيىن، ئۇ نەزەرىنى يەنە قىزغا ئاغدۇردى. ئۇ ھېچقاچان قىزنى توي قىلار دەپ ئويلىمىغانىدى، ھەم توي قىلىشنىڭ ھېچقانداق تاسادىپىيلىق ئەمەسلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغانىدى. ئۇ ئۆزىدە قانداقلارچە بۇنداق بىر خاتا تۇيغۇ پەيدا بولۇپ قالغىنىنى بىلەلمىدى. ئەجەبا ئۇ مۇشۇ قەدەر دۆت ئادەم بولسا...

قىز ناھايىتى سەمىمىي كۆرۈنەتتى. مىجەزىنىڭ ئوچۇق ـ يورۇقلۇقىمۇ كىشىنى تەسىرلەندۈرەتتى.

يىگىت ئەمدى نېمە دېيەلىشى مۇمكىن؟ ئۇنىڭ ئاغزىغا «ئۇ ياخشىمۇ» دېگەن سۆز كەلدى. شۇنداق، ئۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بولسىمۇ جۈرئەت قىلىشى كېرەك. ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپ بۇ سۆزنىڭ ئاخىرىغا يەنە «سىزنى ياخشى كۆرەمدۇ؟» دېگەننى قوشۇپ قويدى. ئۇنىڭ ئاۋازى خېلىلا سالماق چىقتى. نېمىشقىدۇر مۇشۇ بىر ئېغىز سۆزنىڭ كۆڭلىدىكىدەك چىقىشى ئۇنىڭ روھىنى خېلىلا كۆتۈرۈپ قويدى.

ـ توي قىلىش بەربىر كىشىلەرنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئىش، نېمە چارە، كۆڭۈلدىكىدەك كىشىلەرنى تاپالمىساقمۇ ياخشى كىشىلەر ئاز ئەمەس.

ئۇنىڭ بېشى يەنە بۇرۇقتۇرۇم بولۇشقا باشلىدى. قىز قولىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى.

ـ مېنىڭ توي ئىشىمغا كۆڭۈل بۆلگىنىڭىزگە رەھمەت، بۇ سوئالنى مەندىن ھېچ كىشى سورىمىغان.

ئۇ قىزنىڭ نازۇك، ئەمما مۇزدەك قولىنى سىقتى، ئالقىنىدىكى قولىنىڭ ئۆزىنى تېخىمۇ بىسەپ بىر ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ بۇ قولىنى تېزلا قويۇۋەتتى. قىز ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا:

ـ چوقۇم بېرىڭ! ـ دېگىنىچە چىقىپ كەتتى.

ئۇ ئىشخانىدا يالغۇز قالدى. ئۇ بۇ يەردە مەندىن باشقىمۇ ئادەم بارمىدۇ، دەپ ئەتراپىغا ـ بوش تۇرغان ئۈستەل، ئورۇندۇقلارغا بىرمۇ بىر قاراپ چىقتى. ئەمدى ئۇنىڭ ئالقىنى قىزىشقا باشلىدى. نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىۋاتىدۇ؟ ئۇ راستلا توي قىلامدىغاندۇ؟ توي قىلمىسا باغاق تارقىتامدۇ؟ ئۇنىڭ مېڭىسى ئەنە شۇنداق ئەخمىقانە خىياللارغا تولۇپ كەتتى. ئەجەبا ئۇ توي قىلسا ـ ھە! ئۇنىڭ بۇ ئىشقا زادى ئەقلى يەتمەيتتى. ئۇ قانداقلارچە توي قىلىش نىيىتىگە كېلىپ قالغاندۇ؟ ئۇنىڭ ئۈچۈن توي قىلىش بىر چىقىش يولىدۇر بەلكىم... ئەمما بۇ قانداقلارچە چىقىش يولى بولۇپ قالىدۇ؟ ئۇ باغاققا چەكچىيىپ قاراپ قالدى.

ئۇ قىزنىڭ ئالقىنىنى تۇتقان ئالقىنىنىڭ بارغانسېرى قىزىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئاخىر مېڭىسى بىر ئاز ئىشلىگەندەك قىلدى: بۇ بىر مەغلۇبىيەت، بۇ مېنىڭ مەغلۇبىيىتىم.

ئۇ بۇ كۈننى يەنىلا ھېلىقى قەھۋەخانىدا كەچ قىلدى. پەشتاختا ئالدىدىكى قىز ئۇنىڭ قەلبىدىكى قىزغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. ئۇ بۈگۈن قانچە قىلىپمۇ پەشتاختا ئالدىدىكى قىزنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى كۆرەلمىدى.

3

ئۇ بۇنداق ئازابنى تارتقۇدەك نېمە
گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىنى چۈشىنەلمەيتتى.

ئۇ ھەقىقىي بەختتىن بەھرىمەن بو-
لالارمۇ؟ ئۇنىڭ بەختلىك بولۇشىدا گەپ
يوق، دەپ ئويلىدى ئۇ. چۈنكى قىز ئۇنىڭ
نەزىرىدە ھەممىگە قادىر. دۇنيادىكى بەخت،
لەززەت، شاد-خۇراملىقلارنىڭ ھەممىسى
ئۇنىڭ ئۈچۈنلا يارىتىلغان بولۇپ، ئۇ،
دۇنيادىكى ئالاھىدە ئىمتىيازلىق كىشى
ئىدى.

ئۇ قىز بىلەن خىيالىدا ئۇنىسىز
خۇشلاشتى.

ئۇ توي راسا قىزىشقا باشلىغاندا
يېتىپ كەلدى. كەڭ زال ئادەمگە لىق
تولغان — ئەرلەر بىر تەرەپتە، ئاياللار بىر
تەرەپتە ئولتۇراتتى. ئۇ ئىشىكتىن كىر-
گەندە ئىختىيارسىز ئۇدۇلدىكى قىز-
يىگىتكە كۆزى چۈشتى. ئۇلارنىڭ ئۈستى-
بېشىغا چېچىلغان كۈمۈش چاچقۇلار ئال-
يېشىل چىراغ نۇرىدا يالتىراپ كۆزنى
قاماشتۇرۇۋەتتى. ئۇ قىزغا قارىدى. چى-
رايى ئۇيىلىشتىن قىزىرىپ كەتكەن قىز
بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇراتتى. ئۇ ئۆزى-
مۇ كۈتمىگەن ھالدا قىزنىڭ يۈزىدىكى
سۈس تەبەسسۇمنى سېزىپ قالدى-دە،
ئىچى ئېچىشىپ كەتتى.

ئۇ يىگىتكە باشتىن-ئاخىر قاراپ
چىققان بولسىمۇ ھېچقانداق ئېيىبىن تاپال-
مىدى. بۇلۇڭغا بېرىپ ئولتۇرغاندىن كې-
يىنمۇ ئۇلاردىن كۆزىنى ئۈزمىدى.

مۇزىكا ياڭرىدى. ساھىبخانىنىڭ
قىسقا نۇتۇقى بىلدۈرۈشىمۇ ئاخىرلاشتى.
ئۇ ئەمدى ھېچ نەرسە ئويلىماسلىق، ئۇلار-
غا قەتئىي نەزەر سالماسلىق نىيىتىگە
كەلدى ھەم شۇنداق قىلدى.

ئۇ كۆزۈمگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي
قالغۇچە كۈتۈرەي، دەپ ئويلاپ، ئالدىغا
كەلگەننى ئىچىۋەردى. بىراق، ئىچكەنسې-
رى مېڭىسى سەگەكلىشىشكە باشلىدى.

جاز مۇزىكىسى ۋە ناخشا ئاۋازى
ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپمۇ قويمىدى. ئۇ
بىر چاغدا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالدىغا قا-
رىدى، ھەم شۇئانلا ئورنىدىن تۇردى.
ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي
قالدىمۇ؟ ئەمەلىيەتتە ئۇ بۇ قەسەمنى
ئۇنتۇپ قالدى.

كىشىلەر تانسا ئويناۋاتاتتى. ئۇ
دەلدەڭشىگىنىچە كىشىلەر توپىنى كېسىپ
ئۆتۈپ، قارشى تەرەپتىكى ئاياللار ئول-
تۇرغان جايدىن ئۇدۇل كەلگەن بىر قىزنى
تانسىغا تارتتى. قىز ئىككىلەنمەيلا ئورنى-
دىن تۇردى. ئۇنىڭ كالامپايلىشىپ كەت-
كەن پۇتى تانسىغا كېلىدىغاندەك ئەمەس
ئىدى.

ئۇ تانسىنى ناھايىتى مۇشەققەتتە
ئۆگەنگەنىدى. بۇگۈن ئۆگەنسە ئەتىسى
ئۇنتۇپ قالاتتى. ئۇ قايتا-قايتا مەشىق
قىلىپ يۈرۈپ ھەر ھالدا مەيدانىغا چۈ-
شەلەيدىغان بولغانىدى.

ئۇ قىزنىڭ پۇتىغا ئىككى قېتىم
دەسسىۋالدى، قىز ئۇنىڭ قايتا-قايتا،
تىنماي ئېيتىۋاتقان «كەچۈرۈڭ» دېگەن
سۆزىدىن زادى بىزار بولىدىغاندەك ئەمەس
ئىدى. قىز ئاچچىقلانماي، ئەكسىچە كۈ-
لۈمسىرەپ ئۇنىڭغا قاراپ-قاراپ قوياتتى.
ئۇ شۇ تاپتا بۇ قىزنى قانداقتۇر
بىر يەردە كۆرگەندەك ھېس قىلدى، ئەم-
ما دەرھال ئېسىگە ئالالمىدى. ئۇلار نا-
ھايىتى يېقىن تۇرۇپ پىرقىرىشاتتى.

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



قىزنىڭ تولغان كۆكسى ئۇنىڭ مەيدىسىگە 3 - قېتىم ئۇرۇلغاندا، ئۇنىڭ كۆڭلىدە بۇ قىزنى باغرىغا بېسىش ئىستىكى پەيدا بولدى.

— يۈرۈڭ، سىرتنى بىللە سەگىدەپ كىرەيلى.

— قانداق بولدۇ؟ — قىز ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ قويدى. ئۇنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا بەكمۇ گۈزەل كۆرۈنۈپ كەتتى.

— يۈرۈڭ، ھېچ نەرسە بولمايدۇ.

مۇزىكا ئۇلارنىڭ سۆزى بىلەن تەڭ ئاخىرلاشتى. ئۇلار كىشىلەرنىڭ كۆزىچىلا چىقىپ كېتىشتىن خىجىل بولۇپ، يىگىت ئالدىدا چىقىپ كېتىۋېرىدىغان، قىز سەل ئۆتۈپ چىقىدىغان بولۇپ كېلىشتى.

مۇزىكا باشلىنىش بىلەن قىز ئىشىكتىن تېز چىقىۋالدى. ئۇلار ياندىشىپ بىر خىلۋەت جايغا كەلدى. ئۇلار بىردەم ئويان - بۇياندىن پاراڭ سېلىشتى. يىگىت ھەقىقىي ئەخلاق دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ. بىر ئادەم ئازابلانسا، ئۇنىڭ دەردىگە يېتىشنىڭ ئۆزى ئەخلاقتىنمۇ يۈكسەك تۇرىدۇ، دەپ قاراپ ئۇ قىزنى ياقتۇرۇپ قالدى ھەم قەلبىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— بىلەمسىز، بۈگۈن مەن ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان قىزنىڭ تويىغا قاتنىشىۋاتىمەن، بۇ ماڭا ئاسانمۇ. مېنىڭ ئىسمىم «ئازاب». مېنىڭ باشقا نېمىمۇ ئىسمىم بولسۇن ھەم بولغان تەقدىردىمۇ مەن بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. ئۇنىڭ بەختى مېنىڭ بەختىمەمۇ؟ ئۇنىڭ تويى مېنىڭ تويۇممۇ؟ ھەممىسى قۇرۇپ كەتسۇن... «ئازاب» دېگەن مانا مەندەك بولىدۇ.

ئۇلار بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتتى. ئۇ:

— قىزچاق، مەندەك ئازابلارنىمۇ تېتىپ كۆرۈڭ، — دېدى.

قىز ئۇنىڭدىن چەكسىز مىننەتدار بولغاندەك قىلاتتى.

— دۇنيادا خۇشاللىق دېگەن نېمە قىلسۇن، — دېدى قىزمۇ.

يىگىت بىر چاغدا:

— نەدە ئىشلەيسىز؟ — دەپ سورىدى قىزنى ھېلىلا يالماپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك ئەسەبىيلەرچە سۆيۈپ.

قىز تويۇقسىز ئۆزىنى ئۇنىڭ قۇچىقىدىن تارتىۋالدى.

— باياتىن بېرى مېنى تونۇمايمۇ مۇشۇ ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈپسىز - دە، كەچۈرۈڭ.

ئۇنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىپ كەتكەندەك بولدى.

ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ چىرايى سولغۇن، لېكىن گۈزەل كۆرۈنىدىغان بۇ قىزنى ئېسىگە ئالالمىدى. ئۇ نەزەرىنى ئەسلا بىر نۇقتىغا يىغالمايۋاتاتتى.

ئۇنىڭ بىر شاپىلاق يەۋالغىنىنى قالدى. قىز مەيدىسىنى كېرىپ ھاكاۋۇرلۇق بىلەن زالغا — ئادەملەر تويغا كىرىپ غايىب بولدى.

ئۇ بۇلۇڭدا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ھاڭ - تاڭ بولغىنىچە قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاياغلىرى يەرگە پېتىپ كېتىپ بارغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ شاپىلاقتا مۇناسىپ نېمە ئىش قىلىپ قويغىنىنىڭ تېگىگە قانچە قىلىپمۇ يېتەلمىدى. ئاخىر ئۇ بۇ قانداقتۇر بىرەر قىزنىڭ ئەمەس بەلكى خۇدانىڭ شاپىلىقى دەپ ئويلىدى ۋە

ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان قىزنىڭ تويى بولغان كۈندە بىھۇدە شاپىلاق يېگىنىگە چىداپ تۇرالماي ھۆكۈرەپ يىغلىۋەتتى.

4

ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى ئۈمىد دەيدىغان نەرسە قالمىدى. بىراق ئۇ مەندە ئەسلىدىنلا بۇنداق نەرسە بولغان ئەمەس، دەپ ئويلايتتى. خىزمەتنىڭ بېسىمى ھەممە ئىشنى ئۇنتۇلدۇرغاندەك قىلدى. ۋاقىت ئۆتۈۋەردى.

بىر كۈنى ئۇ تەرجىمە قىلىدىغان ئۇزۇندىن ئۇزۇن ھۆججەتلەرنى كۆتۈرۈپ بىنادىن چۈشۈۋاتاتتى. پەلەمپەيىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىغا كەلگەندە بېشىنى كۆتۈرۈۋىدى ھېلىقى قىزنى كۆرۈپ قالدى. گەپ قىلماي ئۆتۈپ كېتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، قەدەملىرى ئىختىيارسىز توختاپ قالدى. ئۇ نېمە دېيىشنىمۇ بىلمەي گاڭگىراپ تۇراتتى.

— ياخشىمۇسىز؟ — قىز ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە دەپ جاۋاب بەرگىنىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇنىڭ بوغۇزىدىن چىقىپ كەتكەن بۇ غەلىتە ئاۋۇشنى قىزلا ئەمەس، ئۆزىمۇ چۈشىنەلمىدى. ئۇ يەنىلا ئۈن-تىنسىز تۇراتتى. ئۇ قىزنىڭ چىرايىنىڭ تېخىمۇ تولۇپ، ئاجايىپ مەپتۇن قىلارلىق تۈسكە كىرگەنلىكىنى، كىرپىكلىرىنىڭ تېخىمۇ ئۇزىراپ، كۆزلىرى تېخىمۇ تىنىق بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

— سىز بەكمۇ گۈزەل بولۇپ كېتىپسىز، — ئۇ ئۆزىنىڭ قانداقلارچە ئاياللار بىر-بىرىگە دېيىشىدىغان بۇ گەپنى دەپ سالغىنىنى چۈشىنەلمىدى. بۇ گەپ ئۇنىڭ ئېسىدە يوق ئىدى.

— ئىشخانىدىكىلەرمۇ شۇنداق دېۋىدى، — دېدى قىز ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويىدى.

— قاچان ئىشقا چۈشتىڭىز؟

— بىر ھەپتە بولدى. ھەي، ئەسلا توي قىلىش نىيىتىم يوق ئىدى.

— بۇنداق دېيىشنىڭ ئەمدى نېمە ھاجىتى بار؟! — ئۇ نېمە ئۈچۈن توي قىلىش نىيىتى يوقلۇقىنى ماڭا دەپ بېرىدۇ. بۇ خەقنى ھېچ چۈشىنىپ يەتكىلى بولمىغۇدەك دەپ ئويلىغاچ يۇقىرىقى گەپنى قىلدى.

— توي قىلمىسام بولمايدىغاندەك بىر خىل بېسىم ھېس قىلىپ قالدىم. خۇددى چوقۇم مۇشۇنداق قىلىشىم كېرەكتەك، ئۆزۈممۇ ھېچ چۈشىنەلمىدىم، — يىگىتنىڭ كەيپىياتى سەل ئوڭشالغاندە بولدى. قىز سۆزىنى داۋام قىلدى، — لېكىن ھازىر ئۆزۈمنى خېلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك سېزىۋاتىمەن. يەلكەمدىكى بىر مەجبۇرىيەتتىن قۇتۇلغاندەكلا...

— بۇ قانداقسىگە مەجبۇرىيەت بولۇپ قالىدۇ؟ ئەخمەق ئىكەنسىز. مەن سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بولسام ھەرگىز ئۇنداق ئويلىمىغان بولاتتىم.

— سىز توي قىلمامسىز؟

— بۇ ماڭا شەرت ئەمەس.

— ھەممە ئادەم ماڭا ئوخشاش ئويلايدۇ، دەپ يۈرۈپتىمەن، سىز بىلەن ئۇرۇنراق تونۇشسام بوپتىكەن. ئوي-خىيالىڭ خاتا بولۇپ قالسا سەنمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ كېتىپ قالىدىكەنسەن.

ئۇ قىزنىڭ چىرايىدىن ئۆكۈنۈشكە

uyghurkitap.com

ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ھالەتنى كۆردى. قىزنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشىش ئۈمىدىدىن ئېغىز ئاچقىلىمۇ بولمايتتى. ئەمما ئۇ ئورۇنسىز شاد - خۇراملىقتا چۆمدى. ئۇنىڭ بۇ بىھۇدە ھاياجىنى — قىزنىڭ غەمكىنلىكىدىن ئۆز غەلىبىسىنى ھېس قىلىپ ئورغۇپ چىققان ھاياجان ئىدى، ئۇ ئاخىر:

— ئادەم ھامان بىر كۈنى توي قىلىدۇ، — دېدى.

— مەن ئەمدى بۇنداق بىمەنە تەسەللىگە موھتاج ئەمەس، لېكىن ياخشى نىيىتىڭىزنى چۈشەندىم. رەھمەت سىزگە، — قىز ئۇنىڭغا قاراپ مەيۈس كۈلۈمسىرەپ قويدى.

ئۇنىڭ كەيپى يەنە بۇزۇلۇشقا باشلىدى. چۈنكى ئۇ قىز يۇقىرىقى گەپلەرنى تۇز كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ تۇرۇپمۇ غەيرىي بىر گۇماندىن، يەنى بۇ قىزدا ماڭا مەلۇم دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈش بار، دېگەندىن خالىي بولالمايۋاتاتتى. قىز ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. ئۇ قىزنىڭ قەدەملىرىگە دەپتۇن بولۇپ، كەينىدىن بىر ھازا قاراپ تۇرۇپ قالدى. قىزنىڭ قارىسى يوتكەندىلا ئاندىن قىز بايىلا دېگەن، ئەمما ئۆز ۋاقتىدا نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا ئاڭلانمىغان بۇ سۆزلەر قۇلىقىغا كىرىشكە باشلىدى: مەن سىزنى ئۆزۈمگە بەكلا يېقىن، كونا سىرداشلاردەك سېزىۋاتىمەن، غەلىتىلا ...

يىگىت ئۆزىنىڭ ئىدارىسىگە تۇنجى قەدەم قويۇپ، بۇ قىزنى ئۇچراتقاندا خىيالىدا نېمىلەرنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ بىراقلا ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئادەمنىڭ تۇيغۇسىمۇ شۇ قەدەر ئوخشاش يەردىن چىقىپ قالسا - ھە؟ ئۇ مەستخۇش ھالەتتە پەلەمپەيدىن چۈشۈشكە باشلىدى. يولدىمۇ ئۇ ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ماڭدى، خۇددى سەللا بىخەستەلىك قىلىپ قويسا مېڭىسىدىكى تۇيغۇلىرى بىراقلا تۇزۇپ كېتىدىغاندەك ...

ئۇ قىزنىڭ توي قىلىپ بولغىنىنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى.

## 5

ئۇ شۇ قېتىمدىن كېيىن قىز بىلەن بىرنەچچە قېتىم ئۇچرىشىپ قالدى. قىزنىڭ مۇئامىلىسى بارغانسېرى قىزغىنلىشىپ باراتتى، ھەتتا قىزنىڭ ئۇنى يېقىن كۆرۈپ ئېيتقان سۆزلىرى ئۇنى نېمە قىلىشىنى بىلەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئەيمەندۈرۈۋەتتى. قىز ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ، كۆزىگە تىك قاراپ سۆزلەيتتى. قىزنىڭ ئۇزۇن - ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى غىدىقلاپ، يېڭىدىن يېڭى ھېس-تۇيغۇلارنى ئويغىتاتتى. يىگىت ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنىڭ خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ نېمىلا بولمىسۇن ئۆزى سۆيگەن قىزنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشەلىگەنىدى. ئۇ ئۆزىچە كۈلۈمسىرەپ قوياتتى، ئەمما ھېچقانداق ۋىسال دەيدىغان نەرسىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىدى. ۋىسالنىڭ نېمە ھاجىتى بار. ئۇ ئۆزىچە ھاياجانلىناتتى، ئۇنىڭ ئىچ - ئىچىدىن شاد - خۇراملىق ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ ھەسسىلەپ ئاشقانىدى.

ئۇ قىزغىنلىق بىلەن ۋاقىت توشقىچە ئىشلەپ، قايتىش ئۈچۈن ئورنىدىن

تۇرغانـدا كارـدور پـۇتـۇنـلەي جـمـ
جـت بولۇپ قـالـغانىدى. ئۇ خىـلـۋەت
كاردوردا گاھ ئۇيانغا، گاھ بۇيانغا بىر-
نەچچە رەت ماڭدى، تاماكىنى ئىشتىياق
بىلەن شوراپ مەغرۇر كىدىيىپ قويدى،
ئارقىدىن مېنى بىرەرى كۆرۈپ قالمىغان-
دۇ دېگەندەك قىلىپ ئەتراپىغا دىققەت
قىلدى. پەلەمپەي تەرەپتىن يېنىك قەدەم
تىۋىشىنى ئاڭلىدى. ئارقىدىن بىر قىزنىڭ
يۇقىرىدىن چۈشۈپ ئۆزى تەرەپكە كېلى-
ۋاتقىنىنى كۆردى. ئۇ قىزغا قاراپ كۈ-
لۈمسىرەپ قويدى. قىز سۇس تەبەسسۇم
بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ
ئارىلىقى پەقەت بىر قەدەملا قالغاندا
قىز توختاپ سورىدى:
— كاردوردا نېمىش قىلىۋاتىسىز؟
ئۇ بۇ قېتىمقى ئارىلىقنىڭ بۇرۇن-
قىدىنمۇ يېقىن ئىكەنلىكىنى ئويلىدى.
— قايتاي دەپ تۇراتتىم.
ئۇ شۇلارنى دېگەچ قىزنىڭ ئاپئاق
بويىنىغا ۋە خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ چىققان كۆك-
سىگە ئىختىيارسىز قاراپ سالدى-دە،
يۈزى ئوت بولۇپ ياندى. نېمىشقىدۇر
ئۆز-ئۆزىدىن يىرگىنىپ كەتتى. ئەجەبا
مەن شۇنچە ياربماس ئادەممۇ؟
ئۇ ئوڭايسىزلىناتتى، چۈنكى ئارى-
لىقنىڭ بۇ قەدەر يېقىن بولۇپ قېلىشى
ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويغانىدى. ئۇ يان
تەرەپكە قاراپ بىر هازا تۇردى، ئاندىن
يەنە بىر تەرەپكە قارىدى. ئەمدى قاراي-
دىغان تەرەپمۇ قالمىدى. نېمىشقىدۇر
قىز مەيۈس كۆزلىرى بىلەن ئۇن-تىن-
سىز ئۇنىڭغا قاراپلا تۇراتتى.
— يۈرۈك، بىللە قايتايلى، — قىز
ئاخىر ئېغىز ئاچتى.

ئۇ ئۆزىنى خېلىلا يېنىكلەپ قالغان-
دەك هېس قىلدى. ئۇلار پەلەمپەيدىن
چۈشتى. بىنانىڭ ئىشىكىدىن چىققاندىن
كېيىن قىز:
— بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى. سىزگە تا-
ماق ئېتىپ بېرەي. — دېدى.
— رەھمەت، مەن بۈگۈن دوس-
تۇمنىڭ ئۆيىگە بارماقچى، — ئۇ
يالغان ئېيتقانىدى. ئۇ بۇنىڭ
يالغانلىقىنى چىرايىدىن چاندۇرۇپ قويدى.
شۇنىڭ بىلەن قىزنىڭ تەكلىپىنى رەت
قىلىش هوقۇقىدىن مەهرۇم بولدى. ئەمدى
ئۇ، ئۇنىڭ ئېرى نېمىدەپ قالار، دې-
گەننى ئويلاشقا باشلىدى. ئۈگىمچە قىز:
— يولدىشىم خىزمەت بىلەن سىرتقا
چىقىپ كەتكەن، بىز ئەمدى ئازادە پاراڭ-
لىشىدىغان بولدۇق، — دېدى.
— بىز پاراڭلاشقۇدەك نېمە گەپ
بولسۇن؟
— گەپ دېگەن ۋاقتى كەلگەن-
تېپىلىدۇ.
ئۇلار ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ تېزلا
ئۆيگە يېتىپ كېلىشتى.
— سىز تېلېۋىزور كۆرۈپ تۇرۇڭ،
مەن تاماقنى هازىرلا تەييار قىلىمەن، —
دېدى قىز ۋە ئالدىرىغا پەرتۇق تار-
تىشقا باشلىدى.
— مەن ياردەملىشەيمۇ ؟
— بولدى، ئۆزۈم يېتىشىمەن، — قىز
كۈلۈمسىرەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.
تېلېۋىزور ئېكرانىدا بىر ئايال
ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تېلېۋىزورنى
ئۆچۈرۈۋەتكۈسى كەلدى. ئەمما يەنە كۆ-
رۈۋەردى. هەيرانىمەن، — دەيتتى ئۇ ئىچىد-
دە، — بۇ ئايال بۇ ناخشىنىڭ كىشىلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

نەزەرىدىن ئاللىقاچان چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدۇ. يەنە نېمىشقا خىجىل بولمايدىغاندۇ، — ئۇنىڭ بۇ ئىشقا زادى ئەقلى يەتمىدى، — بۇ ناخشىنىڭ كىشىلەرنى بىزار قىلىشى تەكرار - تەكرار بېرىلۋەرگەنلىكىدىندۇر، بەلكى ...

تاشقىرىدىكى ئۆيدىن قورۇما قورۇۋاتقان ئاۋاز ئاڭلىناتتى. تېلېۋىزور ئېكرانىدا ئەر پەيدا بولدى...

ئۇ ئىچى سىقىلغان هالدا خېلى ۋاقىت تېلېۋىزور كۆرۈش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلدى.

بىر چاغدا قىز ئۆيگە كىرىپ ئوتتۇرىدىكى ئۈستەلنى رەتلىدى. ئارقىدىن بىر تەخسىدە لەڭمەن ئېلىپ كىردى.

— تاماقنى دېگەندەك ئېتەلمەيمەن.

— پۇرىقىدىنلا ياخشىلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۇلار بىر - بىرىگە ئۇدۇل ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشتى. تاماق ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېتىپ كەتتى. ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق ئوخشىغان تاماقنى ئەسلا يەپ باقمىغاندەك هېس قىلدى. قىزغا ئىچ - ئىچىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈردى. هەم بۇ قىزنىڭ بەختلىك ئېرىنى ئويلىدى. قىزنىڭ تامىقى ئۇنى دائىم مۇشۇنداق لەززەتلەندۈرىدىغاندۇ، ئۇ بۇنىڭ قەدرىگە يېتەمدىغاندۇ؟

بۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئۇنىڭ راسا هەۋىسى كەلدى. بۇنى ئۇنىڭ هەسەتخورلۇقى قوزغالدى، دېيىش بەكمۇ ئادالەتسىزلىك ئىدى.

تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن قىز تەخسىلەرنى ئېلىۋېتىپ، ئۈستەلگە يەنە ئۈچ تەخسە قورۇما تىزدى. ئەينەكلىك ئىشكاپتىن هاراق ۋە رومكا ئېلىپ كېلىپ ئۈستەلگە قويدى. يىگىت ئۇنىڭ ئۈن - تىنسىز قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا قاراپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى.

— مەن ئەمدى قايتسام مىكىن ...

— ئولتۇرۇڭ، سىز تاماقتىلا كەلمىگەنسىز، بىزنىڭ پاراڭىمىز ئەمدى باشلىنىدۇ.

ئۇ هېچ نەرسە دېيەلمىدى. ئەمما بۇنىڭمۇ يامىنى يوق ئىدى، سەل قىزىۋالسا كۆڭۈل كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ.

— سىز قۇيۇڭ، — قىز رومكىسىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئۇلار جىمجىت ئولتۇرۇپ ئۈچ رومكىدىن ئىچىشتى ۋە كەيپىيات جانلىنىشقا باشلىدى.

— مەن بەزىدە ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇنداق ئىچىشىپ قويىمەن، مېنى تازا ئەخلاقسىزكەن، دەپ ئويلاپ قالماڭ. هاراق ئىچمىگەنلەرنىڭ هەممىسىنى ئەخلاقلىق دېگىلى بولمايدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟! — دېدى قىز.

— ئۇنداق ئويلىغىنىم يوق، بىز ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان چاغدا بىر قىز ساۋاقدىشىمىز بىز بىلەن ئاق هاراق ئىچكەن، ئەمما ئۇ ياخشى قىز ئىدى.

— ئۇنى ياخشى كۆرەمتىڭىز؟

ئۇنىڭ يۈزى ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى.

— ئانچىلا ئەمەس.

ئۇلار يەنە بىر نەچچە رومكىدىن ئىچىشتى. هاراق قىزغا تەسىر قىلىشقا باشلىدى.

— بىلەمسىز، مېنىڭ زادىلا تويى قىلىش نىيىتىم يوق ئىدى. ئەمما مەن بېسىم هېس قىلىپ قالدىم، چوقۇم شۇنداق قىلىشىم كېرەكتەك.

ئۇ يەنە بىر رومكا ئىچتى. ئۇلارنىڭ كەيپىياتى ئىنتايىن نازۇك تەڭشەلگەنىدى. قىزنىڭ ئاھ ئۇرۇشلىرى ئۇنى ئازابلايتتى، قىزنىڭ كۈلكىسى ئۇنى ھاياجانغا سالاتتى.

— مەن ئۇنىڭدىن بىر ھەپتە ئۆتمەيلا بىزار بولدۇم، مېنىڭ يەنە چىدىۋېرىشىم كېرەكمۇ؟

— لېكىن سىز توي قىلىشقا رازى بولغان.

— ئۇ خېلى بولىدىغاندەك قىلاتتى.

— ئۇ نېمىشقا سىزنى بىزار قىلىدۇ؟

— چۈنكى ئۇ ماڭا قانداقتۇر بىر ئۆچى باردەكلا مۇئامىلە قىلىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا مېنىڭمۇ ئۆچلۈكىم قوزغالدى.

— مەن سىزنى ناھايىتى بەختلىك دەپ ئويلايتتىم.

قىز ئۆزىگە ئۇزىتىلغان رومكىنى كۆتۈرۈۋېتىپ تۇيۇقسىز ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

— ئەسلىدىلا كۆڭلۈم تارتمىغان ئىشنى قىلمىسام بوپتىكەن. مەن پۈتۈنلەي گاڭگىراپ قالدىم. بۈگۈننىڭ قانداق ئاخىرلىشىشىنى، ئەتىنىڭ قانداق باشلىنىدىغانلىقىنى زادى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. مەن ئەسلىدىنلا بىر چىدامسىز قىز ئىدىم.

قىز ھەدەپ بۇقۇلداپ يىغلايتتى، چاچلىرى يۈزىنى توسۇۋالغانىدى.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قىزنىڭ يېنىدا ئولتۇردى ۋە ئۇنىڭ قولىنى تارتىپ تەسەللى بېرىشكە باشلىدى:

— بەخت دېگەن زادى نېمە. سىز ئۆمرىڭىزدە بىرەر بەختلىك ئادەمنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ ئەمەلىيەتتە مەنمۇ سىزنى ناھايىتى بەختلىك دەپ دەسەۋۋۇر قىلغان.

قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى ۋە ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى. ئۇمۇ يۈرىكى جىغىدە قىلغاندەك بولۇپ، نېمە قىلىۋاتقىنىنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى... قىزنىڭ بەدىنى ئاستا-ئاستا بوشىشىپ كەتتى.

6

مەن نېمە قىلىپ قويدۇم-ھە! بۇ مېنىڭ سەۋەنلىكىممۇ؟ ئۇنىڭ پېشانىسىدىن تەر چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاستا-ئاستا ئەسلىگە كېلىپ، ئۆزىنى ئىنتايىن ئازابلىق، يىرگىنچلىك ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئەجەبا نەچچە ۋاقىتتىن بېرىدىكى ھېس-تۇيغۇلار پەقەت مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلىمىدى؟

ئۇ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى كارىۋاتقا تىكتى: قىز كارىۋاتتا كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ مەستخۇشلۇق ئىچىدە ياتاتتى، ئۇنىڭ ئاپئاق يوتىلىرى ... تامامەن ئوچۇق.

بۇ كىمنىڭ سەۋەنلىكى؟ ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئۆيگە كىرگۈچە تاكى ئاشۇ ئىش سادىر بولغۇچە بۇنداق بىر غەرەزنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغانىدى. ئەگەر ئۇنىڭدا مۇشۇنداق بىر غەرەزمۇ بولغان دېيىلسە، ئۇنىڭغا بەكمۇ ئۇۋال قىلىنغان بولاتتى ھەم بۇنىڭدىن ئارتۇق ھاقارەت يوق ئىدى. ئۇ ھېچقاچان، ئەزەلدىن بۇ قىزغا ئۇنداق نىيەتتە بولۇپ باقمىغانىدى، ھەتتا بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنداقتا بۇ ئىش قانداقلارچە يۈز بەردى؟

ئۇ يەنە ئۆز-ئۆزىدىن يىرگىنىشكە، نەپرەتلىنىشكە باشلىدى. ئۇ ئۆز-ئۆزىنى

www.uyghurkitap.com

ئەيدبلەيتتى. سەنمۇ تايىنلىق بىر نىمسە-
كەنسەن. بۇ ئىش بولۇپ بولغان تۇرۇپ،
مەندە بۇنداق غەرەز يوق ئىدى، دېسەڭ كىم
ئىشىنىدۇ؟

ئۇنىڭ مېڭىسى ئاجراپ كېتىدىغاندەك
قىلاتتى. ئۇنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكەن
نېرۋىلىرى شۇ تاپتا پۈتۈنلەي بوشىشىپ
كەتكەنىدى. ئۇ قىزغا قارىدى، قىزمۇ
كۆزىنى ئېچىپ ئۇنىڭغا ئۇزاقتىن ئۇزاق
تىكىلدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشى ئۇنىڭغا شۇ
قەدەر يىرگىنچلىك تۇيۇلۇپ كەتتى. قىز-
نىڭ نەملەشكەن لەۋلىرى نېمىلەرنىدۇ دېمەك-
چى بولاتتى. قىز ئۇنىڭ بىزارلىق كەي-
پىياتىغا دىققەتمۇ قىلماي، ئۇنىڭ كۆز-
لىرىگە چوڭقۇر تىكىلىپ تۇرۇۋەردى.
ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن بەختىيارلىق
ئۇرغۇپ تۇراتتى.

يىگىتنىڭ چىرايى تېخىمۇ غەزەپلىك
تۈرۈلدى.

بۇ كىمنىڭ سەۋەنلىكى؟

بىر ئەر ئۈچۈن بۇ ئۇقەدەر قور-
قۇنچلۇق ئىشمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇمۇ بۇنى
چۈشىنەتتى. بىراق ئۇنىڭ بارلىق ھېس-
تۇيغۇلىرى بىر «غەرەز» نىڭ قۇربانى
بولۇپ كەتتى. ئۇ بىر ئەخمەق بولۇپ قال-
دى. بۇ ھەممىدىن ئېچىنىشلىق ئىدى.
ئۇ قىزنى ئەيىبلەشنى، خالىمايتتى.
ئەگەر ئۇنى ئەيىبلىسە بىر چىدىماسلىق
بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى ھەم ئۇنى
ئەيىبلەشكە يۈزى چىدىمايتتى. شۇنداق،
ئۇنى ئەيىبلەش ئۇششۇقلۇقتىن باشقا نەر-
سە ئەمەس. ئۇ نەپرەت يېغىپ تۇرغان
كۆزلىرىنى قىزدىن تامغا يۆتكىدى. تامدى-
كى قىزغۇچ گىلەم ئۇنىڭ كەيپىنى
تېخىمۇ ئۇچۇردى. تامدا بۇ ياش ئايال-
نىڭ يولدىشى بىلەن چۈشكەن سۈرىتى
تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان
چىرايىدىن بەختىيارلىق، رازىمەنلىك
چىقىپ تۇراتتى. ئۇ رەسىمگە يەنە قارا-
ۋېرىشنى خالىمىدى. بۇ رەسىم بىلەن
ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ھېسسىياتى پۈتۈنلەي
مۇناسىۋەتسىز ئىدى.

قىز نېمىلەرنىدۇ دېگەندەك قىلدى.
ئۇ پەقەت غەلىتە تاۋۇشلارنىلا ئاڭلىدى،
ئەمما بىرەر مەنىنى ھېس قىلالمىدى.

بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشنىڭ، بىھۇدە
خىيالغا بېرىلىۋېرىشنىڭ ئەمدى ھېچقانداق
ئورنى قالمىدى. ئۇ يەنە نېمە ھاڭۋېقىپ
ئولتۇرىدۇ؟ ئۇ كىيىملىرىنى تۈزەشتۈردى.
بۇلارنى ئۇ ئۆزىمۇ سەزمەي ئاڭسىز بىر
ھالدا قىلدى. ئارقىدىن كەسكىن بىر
ھەرىكەت بىلەن ئىشىكنىڭ يېنىغا باردى.
ئۇ ئىشىكنى ئەمدىلا ئاچاي دېيىشىگە بىرى
ئۇنىڭ بىلىكىگە ئېسىلغاندەك قىلدى. ئۇ
نېمىلەرنىدۇ دېيىشكە تەمشەلگەن نەمخۇش
لەۋنى كۆردى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا
يەنە بىر قېتىم تىترەك ئولاشتى. ئۇنىڭ
قۇلىقىغا ئاجىز بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— مەن سىزنى رەنجىتىپ قويدۇممۇ؟
مۇشۇنداق كېچىدە قايتامسىز؟ — قىز
ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن ھېچ ئىپادىسىز
چىرايىغا تەلمۈرۈپ قاراپ بىردەم تۇردى.
يۈزىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە ياقتى. ئاندىن
سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بولغۇلۇق بول-
دى. ئەمما مەن ھەيرانمەن. بۇنىڭ سىز-
گە نېمە يامىنى بار؟

قىيائېچىلغان ئىشىكتىن قاراڭغۇ
كارىدور غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.
تۆۋەندە كىملەرنىڭدۇ ئاياغ تىۋىشى
ۋە گۇدۇڭ - گۇدۇڭ ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

يىگىت مۇرىسىدىكى باشىنى بوشقىنە ئىتتىردۋەتتى. ئەمما ئۇنىڭ بۇ ئىتتىرىشى ئۇنىڭ ئىككىلىنىپ قىلىۋاتقانلىقىنى روشەن ئىپادىلەپ تۇراتتى. ئۇ بۇ يەردە تۇرۇپ قىلىشنى ياكى چىقىپ كېتىشنى بىلمەيتتى. ئېنىقكى ئۇ دەرھال چىقىپ كېتىشنىڭ ئادىللىق بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى بىلمەيۋاتاتتى. قىز ئۇنىڭ تۇرۇۋېرىشىنى چىقىپ كېتىشكە قىيالماسلىق، دەپ چۈشەندى ۋە ئۇنىڭ مۇرىسىدىن مەھكەم قۇچاقلىۋالدى. نېمىش بولۇپ كەتكىنىنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلەلمەي قالدى. ئۇنىڭ ئالقىنى قىزنىڭ يۈزىدىن قاس چىقىردۋەتتى. باش ئايال پولنىڭ ئۈستىگە يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ يۈزىنى چاڭگاللاپ بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ يىغلاپ كەتتى:

— يارىماس ئەر، ھالىڭ شۇمىتى - ھە! لاتا! سېنىمۇ بىر ئادەم دەپ چاغلاپتىمەن.

ئەمدى بۇ ئۆيدە بىر مىنۇت تۇرۇشقىمۇ ئورۇن قالمىدى. بۇ گەپلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىشى بىلەن پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چىداش مۈشكۈل بولغان بىر ئازاب قىيناپ ئۆتتى. بىر ئەركەك ئۈچۈن دۇنيادا بۇنىڭدىن ئارتۇق خورلۇق يوق ئىدى. ئەمما ئۇ بەربىر پەلەمپەيلەردىن چۈشۈپ كېتىۋەردى. ئۇ چىدىشى كېرەك، چۈنكى ئۇ چىدىمىسا ئەمدى نېمە ئامال بار.

ئۇ ئەنە شۇنداق ئۆز قەلبىنى دەپسەندە قىلىپ چىقتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قەدرقىممىتىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتى.

7

يىگىت تۈن كېچە بىلەن ياتىقىغا كەلدى. ئۇ بىر نەچچە سائەت ئۆزىنىڭ نەدە ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى بىلمەيت-
تى. كارىۋىتىغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۇزاقتىن ئۇزاق يىغلىدى. ئۇنىڭدا نە بىر ئىشەنچ، نە بىر خام خىيالمۇ قالمىغانىدى. ئۇ بۇگۈنكىمۇ، ئەتىكىمۇ مۇھتاج ئەمەس ئىدى. قىز ئۇنى ئەبەدىي چۈشىنىپ يېتەلمەيتتى، باشقىلارنىڭ چۈشىنىپ يېتەلىشىمۇ ناتايىن. ئۇنىڭ بارلىق ھېس - تۇيغۇلىرى ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتتى.

ئۇ ئىچ - ئىچىدىن ئۆكسۈنەتتى. شۇنداق، ھەممە ئىش تۈگەشتى، قەدىرلىگۈدەك ھېچ نەرسە قالمىدى.

تاڭ ئاتتى. ئۇ نېمىدەپ ئورنىدىن تۇرۇش كېرەك؟ نېمە ھاجىتى بار؟

ئۇ كەچكىچە ئەنە شۇنداق خاراموش ھالدا ياتتى. كەچ كىرگەندە ئۇنىڭ تويۇقسىز تونۇش قەھۋەخانىغا بارغۇسى كېلىپ قالدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ گاڭگىرىغان ھالدا ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

قەھۋەخانىنىڭ ئىچى جىمجىت ئىدى بىر قىز ئېگىز پەشتاختىنىڭ ئۇ تەرىپىدە ھېچ نەرسىگە دىققەت قىلمايۋاتقاندەك بىر خىللا چەكچىيىپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ چىرايى ھەددىدىن زىيادە سولغان بولۇپ، ھەم گۈزەل ھەم ئاجىز كۆرۈنەتتى. قىز ئۇنىڭغا دىققەتمۇ قىلماي تۇرۇۋەردى.

يىگىتنىڭ ئىچى سىقىلىشقا باشلىدى. ئەمما ئۇ بۇ يەردىن چىقىپ كېتەلمەيتتى. چىقىپ كەتسە نەگە بارىدۇ؟

ئۇ پەشتاختىنى بوش تاقىلداتتى. قىز ئۇنىڭغا بىر قاراپلا باشقا ياققا ئۆرۈلۈۋالدى. كېيىن نەپرەت يېغىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا يەنە بىر قاراپ قويۇپ قورۇما ۋە ئىچىملىكلەر تىزىلغان تاختىنى ئۇنىڭ ئالدىغا زەردە بىلەن تاشلىدى.

uyghurkitap.com

ئۇ بەكمۇ خىجىل بولۇپ كەتتى. ئەمما، ئۇ ئۆزىنى زورىغا بېسىۋېلىپ، كېرەكلىك نەرسىلەرگە بەلگە قويدى. قىز تاختىنى ئېلىپ ئىچكىرىدىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ ئورۇندۇقتا بىر دەم كۈتۈپ ئولتۇردى. بىر ھازادىن كېيىن قىز پەتنۇسقا تىزىلغان نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كەلدى.

ئۇ ئۈن - تىنسىز غىزالاندى. ئارقىدىن ئىچىملىكلەرنى بىر - بىرلەپ رومكىغا قۇيۇپ ئىچىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بېشى سەل سەگەكلەشتى. ئۇ شۇ چاغدىلا، مەن كىرگەندە قىز ماڭا نېمە ئۈچۈن نەپرەتلىك نەزەردە قارايدۇ، دېگەننى ئويلىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قىزغا قارىدى. قىز ئېڭىكىنى قولىدا تىرەپ، تامدىكى بىر رەسىمگە - يەلكىلىرى راسا تولغان يېرىم يالىڭاچ، بولجۇڭ گۆشلىرى بۆرتۈپ چىققان بىر ئەرگە قاراپ تۇراتتى. ئۇ قانچە ئويلاپمۇ ئۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. ئەمما پەرۋامۇ قىلماي ئىچىشنى بىلدى. ئۇنىڭ بېشى قىزىشقا، كۆزلىرى تورلىشىشقا باشلىدى. ئۇ قىزدىن، ماڭا نېمىشقا ئالىيسىز، دەپ سوراپ باقماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ بېشى قېيىپ دەلدۈگۈنۈپ كەتتى، ئەمما ئۇ ئۆزىنى تېزلا تەڭشىۋېلىپ پەشتاختىغا قاراپ ماڭدى. بىر نەچچە قەدەم قالغاندا يۈزىگە شاپىلاق تەگكەندەك ئەندىكىپ كەتتى. لېكىن ئۇ يەنىلا ھېچ نەرسىنى چۈشەنەلمىدى. بۇ قىز ئۆزىگە ئىنتايىن تونۇشتەك قىلاتتى. ئۇ نېمىشقا ماڭا تونۇش بولمىسۇن، ئەمما بۇ خىيال ئۇنى قانائەتلەندۇرەلمىدى. ئۇنىڭغا يەنە بىر شاپىلاق تەگكەندەك ئەندىكىپ كەتتى. ئېسىگە تۈي كۈنىدىكى ئىشلار كەلدى. دەل ئۆزى شۇ، ئۇنىڭ شاپىلىقى مېنى ئايلاندۇرۇۋەتكىلى تاسلا قالغان.

ئۇ پەشتاختىغا تايىنىپ قىزغا قارىدى.

— قىزچاق ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟

— كاززاپ! — قىز شۇ گەپنى قىلىپ يۈزىنى يەنە باشقا ياققا بۇرىۋالدى.

— مېنى كەچۈرۈڭ! — ئۇ ئاغزىنى كالچايتىپ سۆزلەپلا كەتتى، — ھېلىقى كۈنى چاقچاق قىلىپ، نەدە ئىشلەيسىز، دەپ قويسام بىر شاپىلاق بىلەن ئايلاندۇرۇۋەتتىڭىز، كىچىككىنە بىر چاقچاققا...

قىز ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قارىدى:

— ئۇ ئىش راستلا ئېسىڭىزدە بار ئىكەن - دە. مېنى ئۆز ۋاقتىدىلا تونۇغان ئىكەنسىز - دە!

ئۇ قىزغا قاراپ غالدىرلىق بىلەن گەدىيىپ قويدى. قىز ئۇنىڭ يۈزىنى قانسىز بارماقلىرى بىلەن چىمداپ، سوزۇپ سۆزلەپلا كەتتى.

— مېنى كەچۈرۈڭ، مەن بەكلا ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ قويۇپتىمەن. بىلەمسىز، سىزنى ئازابلاش مېنىڭ ھەددىممۇ؟

قىز ئۇنىڭ يۈزىنى چىمداپ شوخلۇق قىلىشقا، يىگىتمۇ ئۇنىڭ ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ ئەركىلىتىشكە باشلىدى.

ئىشىك بېشىغا ئېسىلغان ئۇنئالغۇ كارنىيىدىن ئۇنىڭ قولىقىغا تونۇش بىر ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ناخشا ئۇنى بەزلىيەلەيتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

ئوسمان قاۋۇل

# ئەپسۇنگۈل

(نەسرلەر)

1

سەن بۇلبۇلۇم ناخشىسىنى ئېيتساڭ، مەن ھاياتلىق كۈلكىسىنى جاراڭلىتىمەن. سەن ھايات جىلۋىسىدىن زارلانساڭ، مەن زارلىرىڭدىن ئۆلۈمىڭنىڭ سايىسىنى كۆرىمەن.

2

سەن دەريا بويىدىكى چىملىقتا ئولتۇرۇپ، مۇھەببەت ناخشىسىنى ئېيتتىڭ. مەن دەريادا ئويناقلاپ ئېقىپ، ناخشاڭغا تەڭكەش بولدۇم. گۈللەر بىزنى تەبرىكلەپ چاۋاك چالدى.

3

مۇھەببەت رىشتىمنى ئىسكىرىپكامنىڭ تارى قىلىپ، تۈن بويى قۇلاق تۈۋىڭدە ناخشا ئېيتتىم. سەھەردە پۈرەكلىرىڭ دىمىقىمغا پۇركىگەن ھىدتا ئۇخلاپ قالدىم...

4

ناخشىلىرىم قىپيالىڭاچ بالىدەك يۈگۈرۈپ، گۈلزارلىقىڭغا كىرىپ كەتتى. گۈللىرىڭ شادلىقتىن ئۇسسۇل ئويناپ، مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى ئاشكارىلاپ قويدى.

5

شارقىراتما تۇرغۇن سۇغا قاراپ: «سەن نېمانچە گۇمۇش؟» دەپ قاقاقلاپ كۈلدى. تۇرغۇن سۇ: «مەن دېڭىزنىڭ ئۇكىسى، ئېغىر - بېسىقلىقىم سېنىڭ يېقىمسىز ناخشاڭدىن ئەلا!» دەپ ئۇنىڭ دەككىسىنى بەردى.

6

سائەت ۋاقىتنىڭ قانچە بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن ئىنسانغا ھەمراھ؛ بىراق ئۇ مەڭگۈ ۋاقىتتەك ئۇلۇغ بولالمايدۇ.

7

باھار شامىلى گۈللەرنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىسا، جاھاننى خۇش پۇراق قاپلايدۇ. كۈز شامىلى گۈللەرنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىسا، خازانلار زېمىننى قاپلايدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

8

سۆيگۇ ئۆتمۇشنى گۇلچەمبىرەك قىلىپ، كەلگۇسىنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويىدى.

9

شېئىرلىرىم كېپىنەكلەر تەقدىم قىلغان رەڭدار تونىنى يېپىنچاقلاپ، ئالەمنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدا كېزىپ يۇرىدۇ.

10

بىز بەختىنىڭ مەڭزىمىزگە سۆيۇشىدىن رازى بولمايمىز؛ بەخت بىزدىن بىزار بولغاندا، بىز ئۇنى ئىزدەپ زارلىنىمىز.

11

تاغلارنىڭ دېڭىزغا چۇشۇپ يۇيۇنغۇسى كېلىدۇ. دېڭىزنىڭ تاغ بولۇپ قۇياشقا مۇھەببەت ئىزھار قىلغۇسى كېلىدۇ.

12

شامال كۆرۇنمەس قوللىرى بىلەن شاملارنى ئۆچۇرۇۋېتەلىگىنىدەك سۆيگۇمۇ كۆرۇنمەس يىپلىرى بىلەن يۇرەكلەرنى باغلاپ تۇرالايدۇ.

13

مەستىنىڭ ئەھرىمانلىقى دانىشمەنگە بىر ئەقىل ئۆگىتەر.

14

سۇكۇت بىر خىل تەبەسسۇم. ئۇ ئۆزىگە نۇرغۇن گۇزەللىكنى يوشۇرغان.

15

يازنىڭ بىر تىنىقى ئالەمنى گۇللەرگە پۇركىدى، كۇزنىڭ بىر تىنىقى قىشنى باھارغا ھامىلدار قىلدى.

16

چەكسىز دالىدا تۇرۇپ ناخشا ئېيتقانىدىم، تاغلار ماڭا يىللىق كۇلۇپ سالام بەردى.
ئۆيۇمدە تۇرۇپ ناخشا ئېيتتىۋىدىم، تاملار غەزەپتىن تاتىرىپ كەتتى.

17

قەلبىم — سۆيگۇ ھەققىدە يېزىلغان گۇزەل لىرىكىلار توپلىمى. ئۇنى پەقەت ياشلىق گۇلىنى ماڭا تەقدىم قىلغان ئۆزۇڭلا ۋاراقلاشقا ھەقلىقسەن، گۇزىلىم.

18

دېڭىز بىرنى تۇكۇرۇۋىدى، كۆل ھاسىل بولدى. نىلۇپەر كۆلنى «سۆيۇملۇك، دېڭىزىم!» دەپ كۇيگە قېتىۋىدى، دېڭىز: «مەن خۇدا!» دەپ ئالەمگە جاكارلىدى.

19

مىسرالىردم ئوتقاشتەك شەپەقتىن ئۆزىگە لەۋھە ياساپ ئويناىدۇ.

20

كۆزدىكى سارغايغان ئۇجمە يوپۇرماقلىرى قەلبىمدىكى ئازابلارنى ئېلىپ يەرگە چۈ-
شۈپ كەتتى. مەن تەڭرىنىڭ بۇ شاپائىتىدىن بەكمۇ ئازابلاندىم.

21

ئوتىقاشتەك تاۋلانغان ئېرەن يوپۇرمىقى سىنىڭ يۈرىكىڭگە ئوخشايدۇ. ئۇ دائىم
مىنىڭ قەلب جاراھىتىمدىن ئۆزىگە رەڭ ئالىدۇ.

22

بىز بۇك شاپتولزارلىقتا قوغلىشىپ ئوينىغاندا، سىنىڭ رۇخسارىڭنى تۇنجى رەت
كۆرگەنىدىم. ئۆلۈم رەھىمسىز تامغىسىنى پېشانەمگە باسقاندا، سىنىڭ رۇخسارىڭنى يەنە
كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم ـ دە، هاياتىمدىن رازى بولۇپ كۆلۈپ قويدۇم.

23

مەجنۇنتال دەريانىڭ شاۋقۇنىغا رەھمەت ئېيتمايدۇ.

24

كىشىلەر مىنى ئالەمنىڭ بالىسى دېيىشىدۇ. مەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە ئالەممەن، دەپ
داۋراڭ سالىمەن.

25

مۇھەببەت ــ ئەركىن قۇش، ئۇ خالىغان كۆكۈلگە بۆسۈپ كىرەلەيدۇ.

26

كومۇش قوڭغۇراقتەك ئاۋازىنىڭ پىنھان ئاياغلىرى بىلەن قەلب قەسرىمگە كىرىپ،
مۇقەددەس سۆيگۈ ھەققىدە كەشتىلەر توقۇيدۇ.

27

كۆز ــ قەلبنىڭ دېرىزىسى. قەلبسىز ئالەم مەۋجۇت ئەمەس!

28

چەكسىز دالىدا ئوماق ئوغلۇم كەبى ئويناپ يۈرگەن تۇيغۇلىرىم قەلب ئېتىزىمنى
مەرۋايىت شەبنەملەر بىلەن بېزەيدۇ.

29

ئاي تۈندە مەن قۇياش دەپ كۆڭلىنى شاد ئېتەر.

30

دەرەخلەر — زېمىننىڭ قوللىرى. ئۇلار باھار ئۈچۈن مەڭگۈ تىلاۋەت قىلىدۇ.

31

شاد كۆلكە ئازاب قىيالىرىدىن ئېقىپ چۈشكەن بەختىيارلىق بۇلىقىدۇر.

32

پەرزەنت ئىزاھاتسىز مۇھەببەتتۇر.

33

قەلبىڭ تۈن كەبى جىملىققا چۆمگەندە، تۈننىڭ ئالەمنى ئەسىر قىلغىنىدەك قۇدرەتكە ئىگە ناخشىلارنى ئىجاد قىلالايسەن.

34

كۆلنىڭ ئۇ يېقىدا ئولتۇرۇپ مۇڭلۇق ناخشا ئېيتىۋاتقىنىڭدا، سۆيگۈ قارمىقىڭنى ماڭا تاشلىشىڭنى كۈتۈپ ساڭا ئۇزاق تەلمۈردۈم. ئەپسۇسكى، سەن ئالدىڭدا ئۈزۈپ يۈرگەن دەردمەن بېلىقنىڭ مېنىڭ جىسمىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىڭ.

35

ھەر كۈنى كەچتە ئازاب نەقىشلىرى بىلەن بېزەلگەن كۆڭۈل قۇتامنى ئاي ئارقىلىق ساڭا يوللايمەن. سەن ئاڭا ئىلاھىي پىچىرلاشلىرىڭنى ۋە پىراق ياشلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان سېغىنىش كومۇلچىڭنى قاچىلاپ ماڭا ئەۋەتىسەن.

36

سەنئەت — قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا شۇڭغۇغان ياڭراق ناخشا. ئۇ بىزگە ئالەمنىڭ ئاجايىپ سىرلىرى ھەققىدىكى گۈزەل تۇيغۇلارنى بەخش ئېتىدۇ.

37

ئۇيقۇ — مەڭگۈ ئېرىشكىلى بولمايدىغان بىر يېڭى ئالەم بىلەن بىزنى ئايرىپ تۇرىدىغان شەكىلسىز تام.

38

ئۆڭكۈرلەردە نەي چېلىپ يۈرگەن سەرگەردان شامال پىغانلىق قوشاقلىرىنى قورام تاشلارغا يېزىپ قويىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

روزى سايىت

# غەزەللەر

## ئەينا

ئىگاردىم كەلدى گۈل قىسقان پېتى ئەينا،①
تىنىق ـ نەپىسدە پاك سۆيگۈ ئوتى ئەينا.
كۆرۈشتۇق سۆيدى مەڭزىمگە ئەجەب يېلىلىق،
ھۇزۇرلاندى يۈرەكنىڭ قات ـ قېتى ئەينا.
ئۇزاتقانىتىم سەپەرگە يارنى زەر توندا،
ئىدى ئاق رەڭدە ھەر يازغان خېتى ئەينا.
بۈگۈن ئۇ قايتتى ئەڭنى توق يېشىل، ھەتتا،
يېشىل يوپۇقتا جابدۇلغان ئېتى، ئەينا.
دېسەم: زەپمۇ سېغىندۇردۇڭ، دېدى: كەلدىم،
توشۇپتى ۋەسلى ھىجران مۇددىتى ئەينا.
ۋىسال ئەيىامى تەگلەشتۇق چىمەن راسلاپ،
ئادالاندى بۇ لەۋنىڭ گەز ــ دېتى ئەينا...
بۇ ھالنى قۇتلىدى كاككۇك ئۇرۇپ قەھ، قەھ،
ساماغا چۆشتى بىخ... شادلىق رېتى ئەينا.

## ئۆمۈلاخمان

چۆشلىرىمگە كىرىپسىز يار ئۆمۈلاخمان①
ئىشقى كۆيىگە چېكىپسىز تار ئۆمۈلاخمان.
ئويغانسامىمۇ يادىڭىزدا ئېسى ـ يادىم،
خىيالىڭىز ماڭا قاتار ئۆمۈلاخمان.
دىدارلاشىاق تۆگىمەيدۇ پارىڭىمىز،
لەۋزىمىزدە ئەھدۇ ـ قارار ئۆمۈلاخمان.
سىز تەگلەيسىز سۆيگۈ، ۋاپا شارابىنى،

---

① ئەينا ـ ئەنە مەنىسىدىكى يەرلىك شىۋە.
② ئۆمۈلاخمان ــ دائىم، ئىزچىل مەنىسىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەن تەڭلەيمەن لەيلى ناھار ئۈمۈلاخمان.
«سېنىڭ جېنىڭ ـ مېنىڭ جېنىم بىر جان...» بۇ راست،
يۈرىكىمىز پەسلى باھار ئۈمۈلاخمان.
ئەغيارلار مىش ـ مىش ئەتمىش كەينىمىزدىن،
ئارىمىزدا ئۇنسە دەپ خار ئۈمۈلاخمان.
ھەر جايدا بار مۇھەببەتنىڭ كۈشەندىسى،
ئەمما ئۇنىڭ قىسمىتى دار ئۈمۈلاخمان.
شەك ـ گۇمان يوق ئىككىمىزنىڭ سۆيگۈسىدە،
ئىشەنچ گۈلى چاچار ئىپار ئۈمۈلاخمان.
بىز ياشايمىز ئۈمۈرۋايەت ساداقەتتە،
بىزگە پاكلىق چىن غەمگۇزار ئۈمۈلاخمان.

## غىلىم

دوست تۇرۇپ بەختىمگە قوپماڭلار غىلىم①
بۇ مۇراد تەختىمگە قوپماڭلار غىلىم.
غۇنچە يىل سۆيگۈم نىسىيدىن كۆردى رەنج،
ئەمدىكى بەختىمگە قوپماڭلار غىلىم.
داغى ھىجراندىن قۇتۇلدۇم ئاخىرى،
بۇ زىرەك ئەقلىمگە قوپماڭلار غىلىم.
باغرىغا ئالسا ۋىسالىنىڭ دىلبىرى،
دىلبىرىم ـ رەببىمگە قوپماڭلار غىلىم.
مەن ئۇنىڭ مېھرىگە قايتۇرسام ۋاپا،
شۇنچىلىك تەقدىمگە قوپماڭلار غىلىم.
ئىچ ـ ئىچىمدىن كۈلكە قايناپدۇ بۇ دەم،
گۈلچىرايى ئەپتىمگە قوپماڭلار غىلىم.
دەرسلەر: بىر يار تېپىپ يۈز ئۆردى...
بۇ ئازار قەلبىمگە، قوپماڭلار غىلىم.
جامى مەي قولدا، تىلىمدا كۈي ـ غەزەل،
ياندا يار، بەھرىمگە قوپماڭلار غىلىم.
روزىغا دوستلار كېرەك، دوستى يۆلەك،
يار ـ تىلەك، بەختىمگە قوپماڭلار غىلىم!

## ياپا

ئۇ قىلار پەش زۇلفى، خالىنى ياپا②
ھەم قىلار پەش ئاقچا، مالىنى ياپا.
ھۆر پەرىمۇ مەنچىلىكتۇ، ياكى يوق
دەر سۇرۇپ پەيزى خىيالىنى ياپا.
مەن نەسەبلىك بىر جەمەتنىڭ پۇشتى، دەپ،
كۆرسىتەر ناز، كىبرۇ ـ ھالىنى ياپا.
دەل شۇ ھالدارلىقتا سۆيگۈ ئىستىگەي،
ئوينىتىپ كۆز، قاش ھىلالىنى ياپا.
راست، سىياقى بى ئېۋەن ئۇ ھۆرسىياق،
ئاي كۆرەك قىلغاي جامالىنى ياپا.
گۈلمۇ بۇنداق گۈلچىراينى تەن ئالار،
شوخ شامال چىمدار نىھالىنى ياپا.
يولدا ماڭسا ئەگىشەر شەيدالىرى،
ئارزۇ ئەيلەپ ئۆز ۋىسالىنى ياپا.
ئەمما، ئۇ ھازىرمۇ يارسىز، بى مۇرادە
ئەتمىگەچ پەرق ھالال ـ ھارامىنى ياپا.

---

① غىلىم ـــ ئۆكتە قوپۇش مەنىسىدە.
② ياپا ـــ ھەمىشە مەنىسىدە.

نەپ-نەسەب، پۇل، رەڭگى-رۇخسار باشقا ئىش
شۇ بىلەن ئاچقاچ ئۇ پالىنى ياپا؛
تارتتى دەرد، كۆردى تەمەننادىن ھەرەج،

ئاڭلىدى ۋىجدان مالالىنى ياپا.
ئەمدى ئۆتتى سۆيگۈ قەدرى، ئۇ تاپار،
چىن ۋاپادارلىق ئامالىنى، ياپا...

## مۇت يېمە

«مۇت زەھەر بولسىمۇ يۇت» دەپ مۇت يېمە①
تەنگە سىڭمەس بى ئەجىر نەپ، مۇت يېمە.
مۇتقا كۆنگەن ئىشتىھاغا مىڭ بالا،
بۇ بالادىن قاچ يىراق تەپ، مۇت يېمە.
رىسقى-مېھنەتتىن يارالغاي تەمى بال؛
مۇت ھەسەلگە تامىشما لەپ، مۇت يېمە،
مۇتقا تەلپۈندىگمۇ، شەيتان يەل بېرەر،
يەلگە ئۇچتۇڭ، ئوڭ ئىشىڭ چەپ، مۇت يېمە.

«نەپسى-شالتاق» دەيدۇ، مەنەسى تىرەن،
بولما شالتاق، كۆل ھالال يەپ، مۇت يېمە.
مۇت-تېگى ئوت، ئوتنى تۇتسا قول كۆيەر،
دە بۇ ئوتتىن ساقلا يارەب، مۇت يېمە.
مۇت سەمەرتسە، مۇتقا كۆنسە ھەر كىشى
ئەل ھامان بىر ئۆتتى دەسسەپ، مۇت يېمە.
مىنمىسۇن ئەقلىڭگە نەپسىڭ، روزى، بىل،
پاك گادايلىق باشقا بىر گەپ، مۇت يېمە!

## ئۈز

لەيلىگە قەيسىنىڭ كۆزىدە باقسا ئۈز②
تاھىرى زوھرا كويىدا ئاقسا ئۈز،
بۇ بىزار بولغانىغا ئۇ بەك ئىنتىزار،
ئۇ ياراتماس بۇ قېشىنى ئاتسا ئۈز.
ھەر كىشىنىڭ ئۈزغا مىزانى بۆلەك،
بۇ دېمەك كىم ئىشقى كىمگە ياقسا ئۈزە
مەنمۇ بىر ئۈزنىڭ پىراقىدا ھەلەك،
ياق دېمەسمەن نازى نەشتەر چاقسا ئۈز.
دەيدۇ خەقلەر: ئۇ ستەمكار، بى رەھىم،

دەيسىنا باغرىڭغا مىخنى قاقسا ئۈز!؟
رايى تارتىپ، مەيلى ھەتتا مىخ تۇگۈل
دادلىشىم يوق تىغى شەمشەر چاپسا ئۈز،
ئاقسا قانىم ئۇنسە گۈل قان رەڭگىدە،
ھەل مۇرادىم يار شۇ گۈلنى تاقسا ئۈز.
بىل، تەقەززالىقتا راھەت، چىن بەخت،
ھەر كىشى خالاپ بەختىنى تاپسا، ئۈز.
ھەممىدىن ئۈز نەرسە يارنىڭ خالىشى،
روزىغا يار خالىشىدا باقسا ئۈز.

## مۇدەممەتلىك

ساڭا تۇتتۇم گۈلۈمنى يار مۇدەممەتلىك،③
ساڭا بەردىم قولۇمنى يار مۇدەممەتلىك.
سېنىڭدىن ئۆزگىلەر ئىشقىغا رايىم يوق،
ساڭا چاتتىم دىلىمنى يار مۇدەممەتلىك.

---

① مۇت — بېكىر بىغا، تەرسىمۇ، جىدەلسىز مەنىسىدە.
② ئۈزۈك — چىرايلىق.
③ مۇدەممەتلىك — مەڭگۈلۈك مەنىسىدە.

سىنى تاپتىم قاچان مەن پەرق ئېتىپ ماڭدىم،
سەپەردە ئۆلۈك، سولۇمنى يار مۇدەممەتلىك.
سىنىڭ مېھرى - ۋاپايىڭ جانغا جان قوشتى،
ئىشىم تاپتى ئۇنۇمنى يار مۇدەممەتلىك.
سىنىڭ ئىشقىڭ ئۇچۇق قىلدى، كۇشاد قىلدى،
مۇراد - مەقسەت يولۇمنى يار مۇدەممەتلىك.
تەبەسسۇم، رىغبىتىڭ ئوخشاتتى بۇلبۇلغا،
كۈيۈمنى ھەم ئۇنۇمنى يار مۇدەممەتلىك.
كۆڭۈلدە يوق غۇبار، ۋايىغا يەتكۈزدۈڭ
ئىشەنچتە مەرغۇلۇمنى يار مۇدەممەتلىك.
بېشىمغا سايىۋەن بولدى سىنىڭ سۆيگۈڭ،
يوقاتتىڭ دىلغۇلۇمنى يار مۇدەممەتلىك.
شۇڭا بىل، ھېچقاچان ئالماس پىسەنتىڭگە،
بۇ روزى مىڭ ئۆلۈمنى يار مۇدەممەتلىك.

***

ھەبىبۇللا رەجەپ

## ئوخشاپ قالدىم قەلبىمدىكى ئۆزۈمگە

### ئارمان

يەنە بۈگۈن خەيرلىشىپ تېز-ىشىمىز،
قۇياش ئۇيقۇ ئۆلكىسىگە قويدى باش.
مۇھەببىتى تولۇن بولغان تولۇن ئاي،
چىقتى كۆككە ئۆزلۈقىنى قىلىپ پاش.

نەمخۇش تۇمان داۋالغۇيدۇ بوشلۇقتا،
يۇلتۇزلارنىڭ كۆزلىرىدە جىلۋە - ناز.
ياپراقلاردا تال - تال نۇرلار ئۇينايدۇ،
چېكەتكىلەر ياڭرىتىدۇ ناۋا - ساز.

يەلكىسىگە ئارتىپ شامال نەم پۇراق،
ئاستا ئۇچار سىلاپ يېشىل چىمەنلىقنى.
بىر جۈپ ئاشىق ئولتۇرىدۇ چىمەنلىقتا،
پىچىرلاشلار تۈزىتىدۇ جىمجىتلىقنى.

ئىككى يۈرەك رىشتىسىنى باغلىغان
سۆيگۈ قاتناپ ئارىسىدا ئۇلارنىڭ.
شەيتان كېلىپ رىشتىلەرنى ئۈزەلمەس،
بەكمۇ ئېنىق رەت - ھېسابى بۇلارنىڭ.

يۈرەكلەردە لاۋۇلدايدۇ بىر ئارمان،
خىرەلەشكەن پەللىلەرگە ئېنتىلمەس.
قەغەز گۈلنىڭ ئېزىقتۇرغۇچ ۋىل - ۋىلى
ۋەيران بولار، ئاڭا سالام بېرەلمەس.

ئارمانلىرى جان سورايدۇ ۋاقىتتىن،
ئارمانلىرى تۆكۈپ تاشلار گۈل - چېچەك.
ئارمانلىرى مەڭگۈ ياقىمىي پاك سۆيگۈ،
ئارمانلىرى پارلاپ تۇرغان كېلىچەك.

## سـەھرادىكى كۆلۈپ تۇرغان قارا كۆز

چىرايىمنى ئۆچەردىڭمۇ قەلبىمدىن
سەھرادىكى كۆلۈپ تۇرغان قارا كۆز،
ئاجايىپ بىر يىغا ماڭا پاماشتى،
مۇھەببەتتىن ئاچالمىدىم تېخى سۆز.
كىملەر ئىزدەر تونۇشۇشنى مەن بىلەن،
كىملەر يىراق، كىملەر يېقىن، كىملەر ئۆز!؟
بىلەلمەيمەن كىمگە ياخشى بۇدۇنيا،
سەھرادىكى كۆلۈپ تۇرغان قارا كۆز!؟

خىيال يۈدۈپ قايتىپ كەلدىم كەنتىمگە،
كەڭ زېمىننى پۈركىگەندە ئاپئاق قار.
تۈنجى بولۇپ سالام بەردى جۆپ تورغاي
ماڭا تۇنۇش ئاۋازىدا سىيلىپ جار،
شىۋاق ھىدى دىمىقىمغا ئۇرۇلماس،
مەست تۇمانلار ئەيلىدىمۇ ئۇنى خار!؟
چۆشەكىدى كۆزۈم شۇدەم يامغۇرنى،
بىلەلمىدىم كەلدى ماڭا نېمە ھار!؟

قارايمەدىم ھەسرەتلەردىن ھەرگىزمۇ،
قار ئىچىدە پەقەت قاردەك ئاقاردىم.
ئوخشاپ قالدىم قەلبىمدىكى ئۆزۈمگە،
قار ئىچىدە ئۆز ـ ئۆزىگە ئوخشار كىم!؟
قىش ئۆيىدە توڭلاپ قالغان چىم بۇلاق
سۇنۇق كۆلكە ئارىسىدا ياتار جىم.
شامال ئۇچار بەخت تىلەپ دالىغا،
بىلەلمەيمەن ماڭا بەخت سۇنار كىم!؟

قۇشلار كۈيى توڭلاپ قالغان ئورمانلىق،
چۆشەپ ياتار سەرسان كاككۇك كۈيىنى.
كىملەر مېنىڭ كېچە كىرگەن چۆشۈمگە،
نەگە كەتتى تاشلاپ قۇيۇپ خۇيىنى؟
كىملەر ماڭا يەتكۈزىدۇ بىر بۆسە،
قىرقىپ قارا ھەسرەتلەرنىڭ پېيىنى.
كىملەر يوقلاپ چىقار بۇدەم ئالدىمغا
ئېلىپ مېنىڭ كارىزىمنىڭ سۈيىنى؟

سەھرادىكى كۆلۈپ تۇرغان قارا كۆز،
مۆڭلار يۈدۈپ قايتىپ كەلدىم كەنتىمگە.
ئەينەك كەبى چېقىلارمۇ كۆزلىرىم
تاسادىپىي ئىكىلگەندە قەددىڭگە!؟
روھىمدا بار تېخى كۆپلەپ بوش ئورۇن
تىكىلىمەن تويماي شۇڭا ئەتەمگە.
كىم تولدۇرار شۇ ئورۇننى بىلمەيمەن،
كىملەر ھوشيار تۇرار ھەمدە بەختىمگە!؟
قار توختىسا مەن شەھەرگە قايتارمەن،
سەن ناخشاڭنى يېزىپ قويغىن قەلبىمگە...

نۇرىيە ئېلاخۇن

# ئەجداد ۋە ئەۋلاد

## بوۋىلار

پەرىشتىدەك سالاپەتلىك، تاغ قامەتلىك بوۋىلار،
ھۆر زاماندا بەختى كۈلگەن قوش ئامەتلىك بوۋىلار،
توي مەشرەپتە تۆرىمىزگە ھۆسن قوشۇپ ئولتۇرغان،
يۇرتىمىزنىڭ تەۋەرۈكى پەزىلەتلىك بوۋىلار،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

### مومىلار

قۇياشتىنمۇ يىللىق ئىكەن جان مومىلار چىھرىگىلار،
يېلىنجىغان يالقۇن ئىكەن يۈرەكتىكى مېھرىگىلار.
پەرزەنت ئۈچۈن پەرۋانە بوپ يۈرىسىلەر بىتىنىم،
بېغىشلانغان ھېلىمۇ ھەم شۇلار ئۈچۈن زېھنىگىلار.

### ئاتىلار

يۈلەنسەك تاغ، يايرىساق باغ، ئاتا ــ دېمەك بەختىمىز،
يىمىرىلمەس كۈچلۈك قورغان، ئاتا دۆلەت ــ تەختىمىز.
ئۆيىمىزنىڭ، يۇرتىمىزنىڭ پەخرى ھەمدە شۆھرىتى،
باسقان قەدەم ئىزى بىلەن مېڭىش يۈرەك ئەھدىمىز.

### ئانىلار

ئانا قەلبى پاك، غۇبارسىز خۇددى نۇردىن يارالغان،
مېھىر ـ شەپقەت يالقۇنلىرى شۇ قەلبتىن تارالغان.
ئالەمدىمۇ، ئادەمدىمۇ ئانىلارنىڭ ئەجرى بار،
شۇڭا ئۇلار گۈل ھاياتنىڭ «ئانىسى» دەپ ئاتالغان.

### يىگىتلەر

گاڭ قاناتلىق شۇڭقار سىلەر، شىجائەتلىك يىگىتلەر،
پولات بىسلىق شەمشەر سىلەر، جاسارەتلىك يىگىتلەر.
ئاتىلارنىڭ خىسلەتلىرى جىسمىڭلاردا مۇجەسسەم،
قادىر سىلەر ھەممە ئىشقا، پاراسەتلىك يىگىتلەر.

### قىزلار

ئالدىڭلاردا ئايمۇ خىجىل، ئايدىن گۈزەل يۈزۈڭلار،
خۇددى سۈزۈك بۇلاقتەك ئويناپ تۇرار كۆزۈڭلار.
سۇمبۇل چاچلىق، قەلەم قاشلىق يۇرتنىڭ ئىشچان قىزلىرى،
قىلار دىلنى مەھلىيا قەندەك تاتلىق سۆزۈڭلار.

### ئوماقلار

نۇر ياغدۇ يۈزۈڭلاردىن جۇپ زىلاقلىق بوۋاقلار،
بال، تامدۇ تىلىڭلاردىن سۆزلىسەڭلار ئوماقلار.
ئاتىلارنىڭ بەختى سىلەر، ئانىلارنىڭ شادلىقى،
سىلەر بىلەن ئاۋات شۇنچە سارايى، سەينا ـ راۋاقلار.

جەلىل مۇھەممەت

# ئىككى شېئىر

## جاۋاب

تەڭ دېمەتلىك — يېشىمىز ئوخشاش
ئوقۇغانتۇق بولۇپ ساۋاقداش.
قورۇق بېسىپ، بولدۇم مەن چاۋاش،
سەن نە ئۈچۈن تۇرسەن ياپياش؟!

يىتتىنخورغا بولمساڭ قاياش،
ئەل تۆكمىسە سەن تۆپەيلى ياش.
كۆك سى - قارنىڭ كەڭ بولسا ئاداش،
سەنمۇ مەندەك يۈرەتتىڭ ياپياش.

## مەن ئاق قار

مەن ئاق قار،
ئانا سۈتىدەك ئاق.
قارلىقنى كۆتۈرمەس كۆڭلۈم،
جىسمىم مېنىڭ
پاختىدىن يۇمشاق.
مەن ئاق قار،
ۋۇجۇدۇمغا پۈتۈلگەن سوغۇق.
مەن ئاق قار،
قۇياش تەپتىدىن ئېرىپ كېتىمەن،
زېمىن تەكتىگە سىڭىپ كېتىمەن؛
غۇنچىلارنىڭ تومۇرلىرىدا،
كەۋسەر بولۇپ ئېقىپ كېتىمەن.

ئۆمەرجان شاۋۇدۇن

## چاڭقىغان يۈرەك

سۆيگۈ ئىزدەپ ھەيدىسەم كېمە،
تەلۋە دولقۇن سالدى كۆپ جاپا.
دال بولالماس ئىدى تەقدىرمۇ
قىلساڭ ئەگەر ۋەدەڭگە ۋاپا.
سېغىنغاندا سېنى، دىلبىرىم،
كۆزلىرىم ياش تۆكمىدۇ ئۈنسىز.

پىراقىڭدا يۈرىكىم كاۋاپ،
سەن يۈرۈسەن يەنىلا غەمسىز.
تۈن قوينىدا ياڭرىغان ناخشام،
بىلىندۇرمەي سۆيسە لېۋىڭگە،
چۈشلىرىڭدە ئويغىنىپ شۇئان،
ئالارسەنمۇ مېنى ئېسىڭگە؟

ئەركىن داۋۇت

# گۈزەللەشسۇن تەبىئەت

## تاڭ سەھەر

تاڭ سەھەردە دەريانىڭ
بويلىرىنى كەزدىم مەن،
كۆرۈپ سەر خىل تاشلارنى،
گۈزەللىكىنى سەزدىم مەن.
ئۇندا سانسىز تاشلارنىڭ
ئۆزگىچە شوخ رەڭگى بار،

سۇ ئاستىدا چايقىلىپ،
ھاسىل قىلغان لالىزار.
بۇ مەنزىرە قەلبىمدە
قوزغىدى ل زوق، ھاياجان.
قولغا ئېلىپ قەلەمنى،
نەزمە تۈزدۇم شۇ ھامان.

## ئاق تاش

سۇتتەك تىنىق ئاپئاق تاش
ئاقلىقىڭغا مايىلمەن.
چىداملىقسەن كەلكۈنگە،
غەيرىتىڭگە قايىلمەن.

يوقاتما ئاق رەڭگىڭنى،
نىمە يېتەر ئاقلىققا.
بىز بالىلار بەك موھتاج
پاك سۆيگۈگە، ساقلىققا.

## قىزىل تاش

ئەي قىزىل تاش، قىزىل تاش
قىزىللىقىڭغۇلىگە سەن رەڭداش.
نۇر چېچىلار جىسمىڭدىن،
كۈلگەندە ئالتۇن قۇياش.

قىزىللىقىڭ قەلبىمدە
پەيدا قىلدى مۇھەببەت.
قىزىل تۇرغىن ئۆكمەستىن،
گۈزەللە شىسۇن تەبىئەت.

## تايچىقىم

كۆل رەڭ قاشقا تايچىقىم،
بەك يېقىملىق كىشنەيدۇ.
چاپىنىمنىڭ پېشىنى
شوخ ئەركىلەپ چىشلەيدۇ.

سۇغارغىلى ئاپارسام
يورغىلايدۇ شادلىنىپ.
گويا جەڭگە چىققاندەك،
كېتەر شۇئان جانلىنىپ.

تايچىقىمنى مەن شۇڭا
ياخشى كۆرۈپ باقىمەن.
ۋەتەن ئۈچۈن، ئەل ئۈچۈن،
ئۆچمەس تۆھپە قاتىمەن.

تۇرسۇن ناسىرى

## ئاي ۋە ياپراق

ئاي ھۆسنىنى قىلىپ نامايان،
بولۇت يېرىپ چىقتى خۇش چىراي.
ئاشىق بولغاچ ياپراق ئۇنىڭغا،
باقتى گۈزەل ھۆسنىگە قانماي.

ئايمۇ قىيا بېقىپ ياپراققا
نۇرى بىلەن تەگلىدى شاراب.
خاتىرىسىنى يوقاتتى ياپراق،
ئاي شارابى جىسمىغا تاراپ.

ئەمما كېلىپ تۇيۇقسىز بوران
قىلدى قامال ياپراقنى بىردىن.
ئايمۇ شۇدەم مۆكۈندى بۇلۇت —
ئارقىسىغا پەم بىلەن تېزدىن.

توختىغاندا بوران، يەنىلا
ياپراق ئايغا بولدى ئىنتىزار.
ئەمما چىقىپ بۇلۇت كەينىدىن،
ئاي ياپراققا باقمىدى زىنھار.

بەند بولغاچ پىراقتا ياپراق،
تىترەر بىھوش شۇنچە بىماجال.
ئاي ئۈستىدا چېچەكلەرگە قاش
قىلماس پەقەت ياپراقنى خىيال.

ئۆمەرجان مۇھەممەدى

## سۆيگۈ ۋە ياشلىق

ياشلىقىمنىڭ ئۆتتى تولىسى
كۆز ئۈزەلمەي رۇجەكلىرىڭدىن.
لېكىن ماڭا بەرمىدىڭ ئورۇن
شۇ پاك قەلب بۇرجەكلىرىڭدىن...
سەۋەب شۇمۇ، بىلەلمىدىم ھېچ،
قەلبىم قىلار سۆيگۈ غەۋغاسى.
يىراق ياشلىق كېتىپتۇ ئۆتۈپ،
قىلاي كىمگە ياشلىق دەۋاسى؟

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى مەمتىمىن بارى



پەرھات ئىلياس

(پوۋېست)*

مەن روھىم چۈشكەن، ئىچىم پۇشقان ھالدا دۈگدۈرۈك بازىرىغا كەلدىم. مەن بۇ يەرگە خەۋەتنى ئىزدەپ كەلدىممۇ؟ ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىشىم، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويۇشۇم كېرەكمۇ؟ بۇنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىسا سىخورلۇققا ئەزەلدىن ئۆچ ئىدىم. بىراق نېمىدۇر بىر نەرسە ئىچىمگە كىرىۋېلىپ ماڭا ئارام بەرمەيتتى. بىرەر جايدا ئولتۇرۇشقىمۇ كۆڭلۈم تارتمايتتى. ۋۇجۇدۇم گويا ھازىرلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. كۆكسۈمگە نەپەس يېتىشمەيۋاتقاندەك توختىماي ئۇلۇغ-كىچىك تىناتتىم.

ئۇرۇپلا ھاراق ئىچكۈم كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن پارچە ھاراقتىن يۈز گرام ئېلىپ ئىچتىم. ھاراق ماڭا شۇنداق تېز تەسىر قىلدىكى، بىردەمدىلا مېڭەمگە ئۆرلەپ پۈتۈن بەدىنىم قىزىشىپ كەتتى.

مەن ئۇياققا ئايلىنىپ، بۇياققا ئايلىنىپ ئاخىرى خەۋەتلەرنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتىمەن.

بۇ يەرگە كېلىشىمنىڭ نېمە ھاجىتى؟ مەن ئۆز-ئۆزۈمنى جىملەپ ئەمدىلا قايتاي دەپ تۇرۇشۇمغا خەۋەت ۋېلىسىپىت مىنىپ كېلىپ قالدى. ئۇ مېنى كۆرۈپلا ۋېلىسىپىتتىن ئىرغىپ چۈشتى-دە، ئالدىمغا كەلدى ۋە ھودۇققان ھالدا ماڭا قولىنى سۇندى. ئۇ ھەر قانچە چاندۇرماي دېسىمۇ گەپ-سۆزلىرى قولاشمايتتى. بۇرۇنقى سالاپىتىمۇ، تەمكىنلىكىمۇ ئاللىقاياقلارغا غايىب بولغانىدى.

— قېنى ئۆيگە كىرەيلى، — دېدى ئۇ.

— بولدى، كىرمەي!

— بىرەر ئىش بارمىدى؟ — خەۋەت گۇمان نەزەرى بىلەن ماڭا يەر تېگىدىن قاراپ قويدى.

— سەن بىلەن ئىچىشكىلى كەلدىم! — دېدىم مەن كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ.

* بېشى ئۆتكەن سانىدا

www.uyghurkitap.com

بىز بىر قەھۋەخانىسىغا كىردۇق. مەن بىر بوتۇلكا هاراق ئالدىم ۋە ئىككى تەخسە قورۇما بۇيرۇتتۇم.

بىز ئۈن-تىنسىز هاراق ئىچىشكە باشلىدۇق. قىزىق ئىش، مەن ئۇنى ئۆز رەقىبىم دەپ تۇرۇپ يەنە ئۇنىڭ بىلەن بىر شىرەدە ئولتۇرۇپ هاراق ئىچكىنىم نېمىسى؟

خەمىت گويا مېنى كۆزگە ئىلمىغاندەك كېرىلىپ ئولتۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ غەزىپىم ئۆرلىدى. ئاخىرى گەپنىڭ ئوچۇقىنىلا ئېيتتىم:

— سەن مەرزىيەنى ئەخمەق قىلىمەن دېمە، مېنىمۇ بوزەك كۆرمىگىن. مەن هېچكىمگە بوزەك بولۇپ باقمىغان.

خەمىت ماڭا ئاللىقانداق مەنىلەر بىلەن تىكىلدى.

— مەن هېچكىمنى بوزەك قىلغىنىم يوق. ئەمما ئۆزۈم توغرا تاپقان ئىشنى قىلماي قويمايمەن.

ئۇنىڭ مەندىن كەچۈرۈم سورىماقتا يوق، ئەكسىچە، ئۆكتە قوپۇشى مېنىڭ غۇرۇرۇمغا تەگدى.

— سەن هوشۇڭنى تېپىۋال، بولمىسا ساڭا تېتىمغۇچىلىكىم بار، — دېدىم مەن مۇشتۇمىمنى شىرەگە ئىرەپ.

— ها، ها، ها...

ئۇنىڭ مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشى غەزەپ ئوتۇمنى بىراقلا ئۆرلىتىۋەتتى. مەن ئاچچىقىمغا پايلىماي، ئىرغىپ تۇردۇم-دە، ئۇنىڭغا بىر مۇشت ئاتتىم. قەھۋەخانا ئىچى ئوپۇر-توپۇر بولۇپ كەتتى. خەمىت ئىككىمىز يەردە پومداقلىشىپ ئېلىشىشقا باشلىدۇق. شىرە-ئورۇندۇقلار ئۆرۈلدى. هەر ئىككىلىمىزنىڭ يۈز-كۆزى قانغا بويالدى. قەھۋەخانا خوجايىنى چاقىرغان بولسا كېرەك، بىر چاغدا ئامانلىق ساقلاش خادىملىرى يېتىپ كېلىپ، بىزنى قەھۋەخانىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى...

6

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتە-ئۆتمەيلا بۇ ئىش مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن هەر قېتىم يىغىن ئېچىلسا، يامان ئىشلار ئۈچۈن مىسالغا ئېلىنىدىغان سەلبىي ئوبيېكتقا ئايلىنىپ قالدىم.

مەن ئەسلىدە خەمىتتىن دەردىمنى ئالىمەن دەپ ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشقانىدىم. بىراق قەلب يارامغا مەلھەم سۈركەيمەن دەپ كۆيدۈرگۈچى قىچقىل سۈركىۋالغاندەك تېخىمۇ ئازابتا قالدىم. بۇنىڭ تەسىرىدە دەرسلەردىنمۇ خېلىلا چېكىنىپ كەتتىم. بۇ ئەلۋەتتە مەن ئۈچۈن زور پاجىئە ئىدى. ئىلگىرى مەن بىلەن قويۇق ئارىلىشىدىغان بەزى ساۋاقداشلىرىمىزمۇ نېمىشقىدۇر مەندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرىدىغان بولۇپ قېلىشتى. ماڭا بۇرۇنقىدەكلا دوستلۇق قولىنى سۇنغىنى يەنىلا شۇ مەھەممەت بولدى.

مەن مەرزىيە بىلەن بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم. مېنىڭ بۇ كەچۈرمىشلىرىم ئۇنىڭغا بەكلا تەسىر قىلدى.

— قىز بالا دېگەن شۇنداق دۆت نەرسە، — دېدى ئۇ قىزلارنى ئەيىبلەپ، —

ئۇنىڭغا قانچىلىك سادىق بولساڭ، قانچىلىك كۆيۈنسەڭ، ئۇ شۇنچە ۋاپاسىز بولۇپ كېتىدۇ. قايسىبىر پەيلاسوپنىڭ ئاياللارنىڭ قېشىغا بارساڭ سىم قامچاڭنى ئۇنۇتما، دېگەن گېپى بار. مېنىڭچە بۇ بەك جايىدا ئېيتىلغان سۆز.

دەردمەننىڭ دەردىنى دەردمەن بىلىدۇ، دېگەن سۆز راست ئىكەن. بىز بىردەمدىلا ئۆزىمىزمۇ بىلمىگەن ھالدا قىزلارنىڭ تۇرلۇك ئەيىبلىرى ھەققىدە مۇلاھىزىگە چۈشۈپ كەتتۇق. بۇنىڭ بىلەن ئازار يېگەن كۆڭلىمىزگە ئاز - تولا بولسىمۇ تەسەللى تاپقاندەك بولدۇق، ئەمەلىيەتتە بۇ تېخىمۇ بىچارىلىك ئىدى.

— مېنىڭچە سەن مەرزىيەگە ئۆزۈڭنى بىر تونۇتۇپ قوي، — دېدى ئۇ ماڭا مەسلىھەت بېرىپ، — ئۇنىڭغا شۇنداق بىر خەت يازغىنكى، ئۇنىڭ ئېسىدىن مەڭگۈ كۆتۈرۈلمەيدىغان بولسۇن، ئاخىر بىر كۈن ئۇ ساڭا قىلغان-ئەتكىنىگە چوقۇم پۇشايمان قىلىدۇ.

مەن دوستۇم مەھەممەتنىڭ بۇ تەكلىپىنى توغرا تاپتىم. ئەمەلىيەتتىمۇ مەرزىيەگە دەۋالىدىغان گەپلىرىم ئاز ئەمەس ئىدى.

مەن كۆپ ئويلانغاندىن كېيىن، ئاخىرى مۇنداق بىر پارچە خەت يېزىپ چىقتىم:

«ياخشىمۇسىز مەرزىيە.

سىزگە خەت يېزىپ يەنە بىر مۇنچە ۋاقتىڭىزنى ئالىدىغان بولدۇم.

مەن ئىنسانلارنى ئۆزۈمنىڭ ساددا قەلبىم بىلەنلا كۆزەتكەن ئىكەنمەن. شەخسەن سىزنى مەن لەۋزىم بىلەن ئەمەس، چىن كۆڭلۈم بىلەن ياخشى كۆرگەنىدىم. سىز بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىپلا سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم ھەم سىزنى ھەر قانداق قىزلاردىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويغانىدىم. سىزنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلىرىڭىز ۋە سەنئەتكە بولغان ئوتلۇق ئىشتىياقىڭىز مېنى ھاياجانغا سالغانىدى. ماڭا زور ئىلھام ۋە روھىي مەدەت بەرگەنىدى، لېكىن مەن ئۇ چاغدا سىزنى خاتا چۈشىنىپ قالغانىكەنمەن. سىز ئەسلىدە تولىمۇ ۋىجدانسىز، ئۇچىمە كۆڭۈل ئىكەنسىز. مەن سىزگە نەپرەتلىنىمەن. سىزدەك خېرىدىنى كۆرۈپ سەنەم، پەرھاتىنى كۆرۈپ شېرىن، تاھىرنى كۆرۈپ زۆھرە، ۋامۇقنى كۆرۈپ ھۇزرا بولۇۋالىدىغان قىزلارغا مەڭگۈ نەپرەتلىنىمەن.»

كېچە، ياتاقتىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇيقۇغا كەتكەنىدى، مەن قاشاڭ چۈشىنىدەك بىزەڭ خىياللاردىن قۇتۇلالمىدىم. بۇ خىياللار ماڭا سالجىدەك يېپىشىۋېلىپ ئارامىمنى بۇزاتتى. مەن ئۆزۈمنى ئۇخلاشقا شۇنچە زورلاپ باققان بولساممۇ، كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى. مەن ياتاقتىن چىقىپ دەريا ئانىنىڭ قېشىغا كەلدىم. كوچا چىراغلىرى سۇس يورۇتۇپ تۇرغان دەريا ئانىنىڭ كۆلگۈن چېھرىگە قارىدىم. ئۇنىڭغا قاراش بىلەنلا بىر چاغلاردا ئانامنى باغاش ئەتكەندىكىدەك باغاش ئەتكۈم، ئېتەكلىرىگە يۆگىنىپ ئەركىلىگۈم كېلىپ كەتتى.

— ھە ئارمان بالام، يېتىم بالىدەك مۈكۈيۈپ تۇرۇپ كەتتىڭغۇ، كەلگىنە، باشلىرىڭنى بىر سىيلاپ قوياي.

٣

گويا دەريا ئانا قوللىرىنى سوزۇپ بېشىمنى سىيلاۋاتقاندەك، باغرىغا بېسىپ مەڭزىمگە سۆيۈۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن مەرزىيەنى ۋە ئۇنىڭ ماڭا ئېيتىپ بەرگەن كۆڭۈل ئاغرىقىنى ۋاقتىنچە بولسىمۇ ئۇنۇتقاندەك بولدۇم.

كېچە ئاسمىنىدا يۇلتۇزلار سۇس يېنىپ تۇراتتى. يوللاردىن كىرا ماشىنىلىرى ئاندا-ساندا ئۆتۈپ قالاتتى. يول چىراغلىرى ئەتراپىغا نۇرغۇنلىغان پەرۋانىلەر توپلىشىپ، ھەدەپ چىراغقا ئۆزلىرىنى ئۇراتتى.

مەن يەنە مەرزىيەنى ئەسلەپ قالدىم. ئۇنى ئەسلەش بىلەنلا يەنە يۈرىكىم چوغقا چۈشكەندەك پىژىلداشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭغا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن سۆيگۈ ئاتىمىغانىدىم. ئەمما ئۇنىڭدىن ئەكس سادا چىقمىدى. مېنىڭ سۆيگۈم قارانچۇقسىز قالدى. مەن ئۇنىڭدىن مۇھەببەت دەريالىرىنى تەلەپ قىلمىغانىدىم. ئەمما ئۇنىڭدىن ماڭا بىرەر ئېرىق سۇمۇ ئېقىپ كەلمىدى. مېنىڭ ئەقىدەم سۇغىرىلمىغان كۆچەتتەك قۇرۇشقا باشلىدى. ئەمدىچۇ؟ تۇيىقى تاشىرقاپ كەتكەن ئاتقا، قانىتى بوغۇچلانغان قۇشقا ئايلىنىپ قالدىم. ئات تۇرۇپ يۈگۈرەلمىسە، قۇش تۇرۇپ ئۇچالمىسا نەقەدەر ئېچىنىشلىق ئىش - ھە؟!

— مەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئېقىۋاتقان دەرياغا قارىغىنىمچە، ئۇزۇن تىنىمسىز نىدا قىلدىم. سۇنىڭ شارقىرىشىدىن بۆلەك ئەتراپتا ھېچقانداق تىۋىش يوق ئىدى. ئەمما يۈرىكىم بۇ تۇيغۇلىرىمدىن ئاجايىپ لەرزىگە كېلىۋاتاتتى.

— ھەي نادان بالا، ساڭا تۇرۇپ ئىچىم ئاغرىسا، تۇرۇپ كۈلگۈم كېلىۋاتىدۇ، — دەريا ئانا يەنە ماڭا تەسەللى بەرگىلى تۇردى، — سەن شۇ تاپتا قۇرۇپ كەتكەن قاقشالدىن شېرىن مېۋە سوراۋاتىسەن. مەيلى بۇمۇ سېنىڭ گۆدەكلىكىڭدىندۇر. سېنىڭ ساپ قەلبىڭ مېنىمۇ ھاياجانغا سېلىۋاتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىلا سەندەك چاغلىرىدا ئەنە شۇنداق ساپ، ۋىجدانلىق ۋە ھېسسىياتچان كېلىدۇ. ھەي، مۇھەببەت! مۇھەببەت شۇنداق كارامەتكە ئىگە ئىكەنكى، ئۇ تىلسىزنى سۆزلىتىدۇ، جىمغۇر، مۆرنەسلەرنى ھەزىلكەش، ناخشىچى قىلىۋېتىدۇ، شېئىرنى كۆرسە بېشى ئاغرىيدىغانلارنى شائىر قىلىۋېتىدۇ. ياشلىق چېغىدا كىم كۆيۈك ئازابىنى تارتىپ باقمىغان دەيسەن؟... مەن سېنىڭ مۇشۇ مۇڭلۇق ھېسسىياتىڭغا ئاپىرىن ئوقۇيمەن. سەن ھەقىقىي سۆيگۈ ئەھلى بولغاچقىلا مۇشۇنداق مۇڭلىنىپ يۈرىيسەن... بىراق سەن شۇ تاپتا مەرزىيەنىڭ نېمە خىياللارنى سۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلەمسەن؟

مەن دەريا ئانىغا تەقەززالىق بىلەن تىكىلدىم.

— مەرزىيەمۇ شۇ تاپتا ساڭا ئوخشاشلا ئۇيقۇسى كەلمەي خىيال سۈرۈۋاتىدۇ. ئۇ خۇددى سەن ئۇنى ئويلىغاندەك، خەمىت بىلەن بولغان كۆڭۈللۈك پاراڭلىرىنى ئەسلەۋاتىدۇ... ھەي، بۇلارنى ساڭا دېيىشىمنىڭمۇ ھاجىتى يوق. سەن ئۇنى ئاي دەپ تەلمۈرىسەن. ئۇچۇ؟ ئۇ ساڭا ئەمەس، بەلكى ئاسماندىكى ھەقىقىي ئايغا قاراپ شېرىن تەسەۋۋۇرلارنى قىلىۋاتىدۇ... بۇلارغا نېمە دېگۈلۈك ئەمدى. ھايات دېگەن ئەنە شۇنداق...

7

ئىككىنچى كۈنى چۈشتە ياتىقىمغا كىرىپلا كارىۋىتىم ئۈستىگە تاشلاپ قويۇلغان خەتكە كۆزۈم چۈشتى.

«ئارمان ياخشىمۇسىز؟ ئىزدەپ كەلسەم يوقكەنسىز. سائەت ئالتىلەردە كېلىمەن. ساقلاپ تۇرارسىز

ئاينۇر.»

چۈشتىن كېيىن ئەمدىلا سىنىپقا كىرىشىمگە بىر قىز ساۋاقدىشىم ماڭا بىر پارچە خەتنى بەردى.

بۇ خەت مەرزىيەدىن كەلگەنىدى. خەتنى كۆرۈپلا بىر قىسما بولۇپ قالدىم. ھەقاچان مېنىڭكىمدىنمۇ ئاشۇرۇپراق خەت يازغاندۇ. ئوقۇمايلا يىرتىۋەتمەيمۇ، ياق، ھەر قانچە، ھاقارەت قىلغان بولسىمۇ ئوقۇپ باقاي، دېگەنلەرنى كاللامدىن ئۆتكۈزۈپ لىپاپىنىڭ ئاغزىنى ئاچتىم:

«ئارمان ياخشىمۇسىز؟

خېتىڭىزنى ئوقۇپ بىر كېچە كىرپىك قاقماي تاڭنى ئاتقۇزدۇم. سىز خېتىڭىزدە ماڭا مەڭگۈ نەپرەتلىنىپ ئۆتىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىپسىز. بۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىختىيارى. بەلكىم مەنمۇ شۇنداق نەپرەتلىك قىز بولۇشۇم مۇمكىن، لېكىن مەن ئۆزۈمنى كىشىلەرگە قارا سانىمايدىغان، تۈز كەتكەن قىز دەپ ھېسابلايمەن.

بىز خېلى كۆپ ئارىلاشقان بولساقمۇ، لېكىن مېنىڭ ھېسسىياتىمنى چۈشەنمىدىڭىز، دەسلەپتە ئۇچراشقاندا سىزگە ھۆرمىتىم قوزغالغانىدى. كەسپىمنى قۇۋۋەتلەپ بەرگەن مەدەتلىرىڭىز مېنى ئاجايىپ ھاياجانغا سالغانىدى... كېيىن سىز ماڭا مۇھەببەت ئىزھار قىلدىڭىز. سىز بىلەن سەنئەت توغرۇلۇق مەڭگۈ پىكىرلىشىپ ئۆتۈشنى خالىساممۇ، لېكىن ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولۇشنى تېخى ئويلىنىپ باقمىغانىدىم. مەن سىز بىلەن سەنئەت ھەققىدە پاراڭلاشقان چاغلىرىمدا ئۆزۈمنى تولىمۇ ئەركىن - ئازادە ھېس قىلاتتىم. لېكىن مۇھەببەت تېمىسىدا پاراڭلىشىشنى ئانچە خالاپ كەتمەيتتىم. سىز بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگەن چاغلاردا گەرچە ئىككىمىزنىڭ پىكرى شۇنچە يېقىن بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر ئارىمىزدا بىر نەرسىنىڭ كەملىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. راستىنى ئېيتسام، سىز بىلەن داۋاملىق كەسپىي پاراڭلارنى قىلىۋېرىشتىن زېرىكتىم. كېيىنچە ھە دېسە «غايە، سەنئەت، پەلسەپە» دېگەنلەر ھەققىدە سۆزلىشىش مەن ئۈچۈن مەنىسىز تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى...

مەن سىزنىڭ ساپ قەلبىڭىزنى ھېلىمۇ قەدىرلەيمەن، لېكىن سىزگە راستىنى ئېيتىشىم كېرەك. مەن خەمىت بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن ئىلگىرى بىزنىڭ ئارىمىزدا نېمىنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئەلۋەتتە خەمىت ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان، ئىش كۈتۈپ تۇرغان بىر ياش، لېكىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن مەن ئۇزۇندىن بېرى ئىنتىلىپ كېلىۋاتقان يىگىتلەرگە خاس جاسارەتنى كۆرۈپ يەتتىم. سىزگە پەقەت پىكىرداش بولالىغانلىقىم ئۈچۈنلا ھۆرمەت بىلدۈرگەن بولسام، خەمىتكە ئۇنىڭدىنمۇ چوڭقۇر بولغان بىر خىل ھېسسىياتتا قارايدىغان بولۇپ قالدىم. سىزنىڭ تەكلىپىڭىزنى ئۆز ۋاقتىدىلا رەت قىلمىغانلىقىم، بۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ بىر مۇنچە ۋاقتىڭىزنى ئېلىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن سىزدىن كەچۈرۈم سورايمەن. خەمىت مېنىڭ كەسپىمنى سىزدەك قوللاپ كەتمىسىمۇ، مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. مەيلى سىز قانداقلا ئويلاڭ، بۇ مېنىڭ ئۆز ئەركىم. سىزمۇ ئىلگىرى دائىم ئادەم ئۆز ئەركى بىلەن ياشىغىنى تۈزۈك، دەيتتىڭىزغۇ؟!

سىز مېنى ئۇنتۇڭ. سىز پەقەت مېنى ئۇنتۇپ كەتسىڭىزلا بەختلىك بولالايسىز. خەير، سىزگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەپ:

مەرزىيەدىن»

مۇئەللىم ئۆتكەن دەرس زادىلا كاللامغا چۈشمىدى. كۆزۈم مۇئەللىمدە بولغىنى بىلەن خىيالىم باشقا يەرلەردە ئىدى.

مەرزىيەگە شۇنداق ئەرزىمەس خەتنى يازغانلىقىم، ئۇنى ۋىجدانسىز، ئۇجمە كۆڭۈل دەپ ئەيىبلىگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆكۈنۈپ قالدىم. مەرزىيە قانداقلا بولسۇن مەندىن ئالىيجاناب ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن كۈندىلىك خاتىرەمنى ئېچىپ، ئۇنىڭغا «سەن بىرىنى ياخشى كۆرسەڭ، ئەجەبا ئۇ باشقا بىرىنى ياخشى كۆرسە بولمامدىكەن؟ سەن ئۇنى ياخشى كۆرگەن ئىكەنسەن، ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى قەدىرلە... سەن يەنە ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمىگەنلىك بىلەنلا ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمە. بۇ مەغلۇبىيەت ھاياتىڭنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى ئەمەس. بەلكى ھايات مۇساپەڭدىكى بىر چېكىت. ئۇنىڭغا قۇربان بولغان ئەقىدەڭ بىر جۈملە چىرايلىق سۆزدىن ئىبارەت» دېگەنلەرنى يازدىم...

سائەت ئالتىلەر بولغاندا ئاينۇر كەلدى. ئۇ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا خېلىلا پۈچۈلىنىپ قاپتۇ. تولا يىغلىغاچقىمۇ كۆزلىرى قىزىرىپ، قاپاقلىرى ئۇتۇقۇپ قاپتۇ.

مەن چاي دەملەپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدۇم.

— كەچتە باشقا ئىشىڭىز بولمىسا بىردەم ئايلىنىپ كەلسەك؟ — دېدى ئۇ چايدىن بىر ئوتلىۋالغاندىن كېيىن.

مەن ماقۇللۇق بىلدۈردۈم.

بىز سانائەت ئىنىستىتۇتىنىڭ ئالدىدىكى تېرەكلىك يولنى بويلاپ ئاستا كېتىپ بارىمىز. ئاينۇر بۈگۈن نېمىشقىدۇر خەمىت بىلەن مەرزىيە توغرۇلۇق گەپ ئاچمايتتى. ھە دېسىلا ئۆز ئۆيىدىكى ئىشلار ھەققىدە سۆزلەيتتى. مەن بولسام، ئۇنىڭ باش - ئاخىرى يوق سۆزلىرىگە بولغان بىزارلىقىمنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئۈزۈلدۈرمەي تاماكا چېكەتتىم.

ئاينۇر بارغانچە ھاياجانلىنىپ، قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ سۆزلەشكە باشلىدى. ئىككىمىز بەك يېقىن ماڭغاچقا، ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۇنىڭ يۇمشاق بىلىكى بىلىكىمگە تېگىپ كېتەتتى. مۇبادا بۇ بىلەك مەرزىيەنىڭ بولۇپ قالغان بولسا، يۈرىكىمگە ئوت يېقىۋەتكەن بولار ئىدى. ئەمما بۇ باشقا بىرسىنىڭ بىلىكىدە... مەن ئاينۇرنىڭ سۆزلىرىگە «ھەئە، شۇنداق» دەپ قويۇپ ماڭىۋەردىم. بىر ئازدىن كېيىن، ئۇنىڭ ماڭا نېمىنىدۇر ئېيتالماي قىينىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم.

كىنوخانا ئالدىغا كەلگەندە، ئۇ كىنو كۆرەيلىچۇ، دەپ تۇرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن كىنوغا كىردۇق. كىنو خېلى قىزىقارلىق ئىكەن. شۇڭا مەن كىنونىڭ ئىچىگە كىرىپلا كېتىپتىمەن. ھەتتا يېنىمدا ئاينۇرنىڭ ئولتۇرغىنىنىمۇ ئۇنتۇپتىمەن. بىر چاغدا ئېكراندا شۇنداق دەھشەتلىك بىر يىلان پەيدا بولۇۋېدى، ئاينۇر قورققىنىدىن قولۇمغا چىڭ ئېسىلىۋالدى... مەن قولۇمنى تارتىۋالماقچى بولغان بولسامىمۇ، ئۆزىمۇ بىلمەي قالغاندۇ، ئوڭايسىزلىنىپ قالمىسۇن، دەپ جىم تۇرۇۋەردىم. بىراق ئاينۇر بىلىكىمنى بىلىكىمگە ياققىنچە تۇرۇۋەردى. شۇنىڭ بىلەن كاللامدا قولۇمنى

تارتىۋېلىش ياكى تارتىۋالماسلىقتىن ئىبارەت كەسكىن تەۋەككۈلنۇش پەيدا بولدى. نېمىلا بولغان بىلەن يات جىنسلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا تەقەززالىق بولىدۇ - دە! ئۇنىڭ يۇمشاق ۋە نازۇك بىلىكىدىن پۈتۈن بەدىنىمگە بىرخىل ئىللىقلىقنىڭ تۇيغۇ تاراپ، ئەسەبىي ھېسلىرىمنى قوزغىتىۋاتقىنى ئىدى. مەندەك بۇرنى كۆپۈپ قالغان يىگىتلەر ئۈچۈن، بۇ ئەلۋەتتە بىرخىل ھۇزۇر ئىدى. بىراق مەن دەرھال ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. چۈنكى شۇ تاپتا مەن بىر خىل روھىي جىنايەت ئۆتكۈزۈۋاتاتتىم!... مەن خېلىدىن كېيىن قولۇمنى ئاستا تارتىۋالدىم. بۇ جىنايىتىم ئۈچۈن، ئاينۇرنىڭ يۈزىگە قاراشقىمۇ پېتىنالمىدىم. بەلكىم ئۇ ئىچىدە يەنە مېنى تىللاۋاتقاندۇ؟...

بىز كىنودىن چىققاندا، ئوبدانلا قاراڭغۇ چۈشۈپ بولغانىدى. بىراق ئاينۇرنىڭ قايتقۇسى يوق ئىدى.

بىز يەنە مەكتەپ ئىچىگە كىردۇق. دەرەخلەر بۈككىدە جايدىكى بىر ئورۇندۇققا كەلگەندە، ئاينۇر بىردەم ئولتۇرايلىچۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن تاماكا چېكىشكە باشلىدىم. كۆڭلۈمدە بولسا، ئۇنىڭ تېززەك كېتىشىنى تىلەيتتىم. ئۇ بىر پەس جىمىپ كەتكەندىن كېيىن، تۇيۇقسىزلا بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆزلىرىمگە تىكىلدى:

— ئارمان!

ئۇنىڭ قاراشلىرى باشقىچىلا ئىدى. ئاۋازىمۇ تىترەپ چىقىۋاتاتتى. نېمىندۇر سەزگەندەك، تېنىم جۇغىندە قىلىپ قالدى. شۇنداقتىمۇ دەرھال ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ كۆڭلۈمدىكىنى چاندۇرمىدىم.

— ھە، نېمە ئىش؟

ئاينۇر بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، ئارانلا ئاڭلانغىدەك ئاۋازدا ئېيتتى:

— سىزگە بىر گەپنى دېمەكچى ئىدىم، خاپا بولامسىز؟

مەن ئۇنىڭغا گۇمان ۋە ئەندىشە بىلەن تىكىلدىم:

— نېمىلا گەپ بولسا تارتىنماي ئېيتىۋېرىڭ!

— بۇندىن كېيىن ...— ئۇ گەپنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالماي پۈتى بىلەن يەرنى سىيپىغىلى تۇردى.

— ھە قېنى دېمەمسىز! — دېدىم مەن تاقەتسىزلىنىپ.

— ئىككىمىز يۈرۈپ قالساق...

— نېمە دېدىڭىز؟ — ئاينۇرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بەدىنىمگە مۇزدەك سۇ چېچىلغاندەك ئەندىكىپ كەتتىم، — گېپىڭىز شۇمىدى؟!

مەن گېپىمنىڭ ئاخىرىنى چىقارمايلا ئاينۇر مېنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى ۋە بېشىنى كۆكسۈمگە قويۇپ قوللىرى بىلەن بېلىمدىن چىڭ تۇتۇۋالدى.

— جېنىم ئارمان، ماقۇل دەڭ، ئىككىمىز بىرگە بولساق بەختلىك بولىمىز. خىزمەت بىلەن مەززىيەنىڭ شۇنداق قىلغىنىغا بولسىمۇ بىز يۈرسەك.

ئۇ بېشىنى كۆكسۈمگە قويۇپ، ئاللىقاچان يىغىنى باشلىۋەتكەنىدى.

— ماقۇل دەڭ ئارمان! ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن. بىز ئۇلاردىن ئۆچىمىزنى

ئالايلى. ئۇلار يۈرسە، بىزمۇ يۈرۈپ باقايلى. كىمنىڭ پۇشايمان قىلىدىغىنىنى شۇ ۋاقىتتا كۆرىمىز. ماقۇل دەڭ ئارمان، مەن سىزگە ئۆمۈر بويى سادىق بولۇپ ئۆتىمەن. ئەگەر سىزمۇ ماقۇل دېمىسىڭىز، مەن... مەن...

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزۈمنى باسالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم. بۇ كۈلكەم يىغىدىنمۇ بەتتەر ئېچىنىشلىق ئىدى.

— رەھمەت، شۇنچىلىك دېگىنىڭىزگە، — دېدىم ئاخىرى ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ، — لېكىن بۇ گەپنى بىر دېدىڭىز، ئىككىنچىلەپ ئېغىزغا ئالغۇچى بولماڭ، بولمىسا مېنى تولا كۈلدۈرۈپ ساراڭ قىلىپ قويىدىغان ئوخشايسىز.

— ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، ئارمان...

ئاينۇر كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆككىنىچە، بوينۇمغا ئېسىلىپ، مەڭزىمگە ۋە بويۇنلىرىمغا چوكۇلدىتىپ سۆيگىلى تۇردى.

ئۇنىڭ بۇ سۆيۈشلىرى ماڭا خۇددى ساتىراشلار ساقال - بۇرۇتلىرىمنى قىرىش ئۈچۈن پەلكۈش بىلەن مازغاپ سۈرۈۋاتقاندەكلا يېقىمسىز بىلىنىپ كەتتى. مەن دەرھال ئۇنىڭ قوللىرىنى قايرىپ ئۆزۈمدىن ئاجراتتىم. ئۇنىڭ ياش بىلەن تولغان كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى. لەۋلىرى نېمىگىدۇر سۈس تىترەۋاتاتتى... دېمەك، ئۇ ئۆچىنى ئېلىۋاتىدۇ. مەرزىيەگە بولغان كۈندەشلىكى، خەتتىكە بولغان ئۆچمەنلىكىنىڭ دەردىنى مەن بىلەن يۈرۈش ئارقىلىق چىقارماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بالىلارچە سادda گەپلىرى ۋە ئاق كۆڭۈللۈكى چىقىپ تۇرغان ئوماق كۆزلىرى يەنە ئۇنىڭغا بولغان ھېسداشلىقىمنى قوزغاپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى يېنىككىنە قۇچاقلاپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدۇم. ئاينۇرنىڭ كۆزلىرى بۆلەكچىلا نۇرلىنىپ كەتكەنىدى. لەۋلىرى بولسا مەندىن نېمىنىدۇر كۈتمەكتە ئىدى. مەن ئىرادەمگە خىلاپ ھالدا ئۇنىڭ مەڭزىگە ۋە چوغدەك لەۋلىرىگىمۇ سۆيۈپ قويدۇم... بىراق بۇ ئاينۇرغا ئىچ ئاغرىتقانلىقىمدىنمۇ، مەرزىيەدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈنمۇ، ئاينۇرنىڭ كۆڭلىگە تەسەللىي بېرىش ئۈچۈنمۇ ياكى بولمىسا يات جىنسلارغا بەكلا تەلپۈنۈپ كەتكەنلىكىمدىنمۇ، بۇنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم...

بىر ئازدىن كېيىن ئاينۇرنىڭ قوللىرىنى بوينۇمدىن ئاجرىتىپ، لىككىدە ئورنۇمدىن تۇردۇم. مەن ئۇنىڭغا نېمىدەپ تەسەللىي بېرىشنى، ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلمەيتتىم!!

— ئاينۇر، — دېدىم مەن ئاخىرى سۆز باشلاپ، — بىز پەقەت شۇلاردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈنلا يۈرسەك، چوقۇم باشقىلارنىڭ كۈلكىسىگە قالىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەت بولمىسا... مەن بۇ تەكلىپىڭىزگە قوشۇلالمايمەن، سىز...

ئاينۇر بۇ گەپنى ئاڭلاپ يەنە ئۆكسۈپ يىغلىغىلى تۇردى ۋە بىر پەستىن كېيىن ئورنىدىن دەس تۇردى - دە، ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ ماڭا غەزەپ بىلەن تىكىلدى...

ـ بولدى، سۆزلىمەڭ!
ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قالدى.

8

تۇنجى مۇھەببەت شادلىقى قانچە تاتلىق بولسا، ئۇنىڭ ھىجران ئازابى شۇنچە ئاچچىق بولىدىكەن.
مەن ئىلگىرىمۇ جىمغۇر ئىدىم. ئەمدىلىكتە تېخىمۇ جىمغۇر بولۇپ كەتتىم. مەن كۆپ ۋاقتىمنى ئۆگىنىش، كىتاب كۆرۈش، ئانچە ـ مۇنچە بىر نەرسىلەرنى يېزىش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بولدۇم. لېكىن مەرزىيەنى ئۇنتۇشمۇ ئاسانغا توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بەلكىم ئۇنى مەڭگۈ ئۇنتالمايمەن...

بىلگەن بولسام مۇنچە ئازابىنى، خىلۋەت يوللار يۈرىكىمگە دال،
سۆيمىگەنمۇ بولاتتىم سېنى. يۇمران ھېسلار تامچىيدۇ پىنھان.
سۆيدۇم سېنى ئۆكۈنمەيمەن ھېچ، ئۇنتۇغىلى شەھلا كۆزلىرىڭ،
ھەركويلارغا سالساڭمۇ مېنى. ياپراقلاردىن سورايمەن ئىمكان.

مانا بۇ مەرزىيەنى ئۇنتۇش ئۈچۈن يازغان شېئىرلىرىمنىڭ بىرى.
مەن مەرزىيەنىڭ مېنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە نېمىشقا ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئۇرىمەن؟ ئايرىلىپ كېتىش ئەلۋەتتە بەختسىزلىك، زورمۇ ـ زور مۇھەببەتلىشىش ئوخشاشلا بەختسىزلىك ئەمەسمۇ؟ ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ساڭا بولغان ئوتلار ئاللىقاچان ئۆچتى. ھازىر ئۇنىڭدىن بىر سىقىم كۈللا ئېشىپ قالدى. قۇرۇق كۈلنى مىڭ پۈۋلىگەن بىلەنمۇ ئوت يانمايدۇ. كۆزۈڭگە كۈل كىرگەننى كىرگەن. كاشكى ئۇنىڭدا تىرناقتەك چوغ بولسىچۇ، شۇ چوغنى يېلىنجىتىش ئۈچۈن كۆزۈڭگە كۈل كىرسىمۇ، چاچلىرىڭ ئوتلەنسىمۇ مەيلىدى...
مەن ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن ئۆز ـ ئۆزۈمنى بەزلەيمەن. ئۆز ـ ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىمەن. بەزىدە تېخى، بىر قىز ئۈچۈنمۇ جاننى شۇنچە قىيىنىغان بارمۇ، سەن بارلىق زېھنىڭنى كىتابقا بەر، پەقەت كىتابلا سېنى بەختكە ئېرىشتۈرەلەيدۇ، دەپ قەتئىي ئىرادىگىمۇ كېلىمەن.
بىرەر يىلنى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزدۇم. ئاخىر بۇنىڭغىمۇ كۆنۈپ قالدىم.
مەن يەنە بوش ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ بىر پارچە ھېكايە يېزىپ چىقتىم. بۇ ھېكايە ئۆزۈمگە تولىمۇ ياخشى چىققاندەك بىلىندى. دوستۇم مەھەممەت ئوقۇپمۇ خېلى ياخشى باھا بەردى. لېكىن سەن قوپۇپ ھېكايە يازغىلى تۇرساڭ، ھېكايە يازىدىغانلار قانداق نان تېپىپ يەيدۇ؟ دەپ مېنى سوۋۇتقۇچىلارمۇ بولدى. مەن ئۇلارنىڭ ماختاشلىرىغىمۇ، ئەيىبلەشلىرىگىمۇ پىسەنت قىلماي ئۆز يولۇمدا مېڭىۋەردىم...

بىر كۈنى مەن كىتابخانىغا باردىم. كىتابخانىنى ئارىلاپ يۈرگەچكە كەلگەن زۇر‐نالالارنى ۋاراقلاپ كۆردۈم. تۇيۇقسىزلا بىر ژۇرنالنىڭ ئارقا مۇقاۋىسىغا بېسىلغان بىر رەسىمگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. بۇ رەسىم ماڭا بەكلا تونۇش ئىدى. مەن رە‐سىمنىڭ ئاستىدىكى چۈشەندۈرۈشكە قارىسام، مەرزىيە سىزغان «بۇغدا بويىدا» نام‐لىق ماي بوياق رەسىم ئىكەن.

يىراقتا ھەيۋەتلىك بۇغدا چوققىسى، بىرىسدە تاغ ـ ئېدىرلار ۋە ئەينەكتەك پار‐قىراپ تۇرغان بۇغدا كۆلى. كۆل بويىدىكى قورام تاشتا بىر يىگىت قوللىرىنى بۇرۇل‐كىسىنىڭ يانچۇقىغا سالغىنىچە يىراقلارغا قاراپ تۇرىدۇ. يەنە بىر يىگىت گىتار چېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا بىر قىز ناخشا تىڭشاۋاتىدۇ. رەسىمنىڭ بىر بۇلۇڭىدا بول‐سا، بىر قىز رەسىم سىزىۋاتىدۇ.

بۇ رەسىم ماڭا يەنە ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان ئۆرغۈن ئىشلارنى ئەسلىتىپ قويدى. مەن يەنە خىيال سۈرۈشكە، ئۆزۈمچى دەرياسىنىڭ بويىدا مۈگدىنىپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

ـ يەنە ئۇيقۇڭ كەلمەپتۇ ـ دە، ئارمان بالام، ـ دەريا ئانا ماڭا ئىچ ئاغرىتى‐قاندەك ئېيتتى، ـ كەل يېنىمغا ئولتۇر، خالىساڭ مەن بىلەن مۈگدىشىپ تاڭنى ئاتقۇز.

مەن ئۇنىڭ قىرغىقىغا كېلىپ ئولتۇردۇم. شۇتاپتا ئۆزۈمنى خۇددى ئانىسىنىڭ يىللىق قانىتىغا كىرىۋالغان يۇمران چۈجىدەك خاتىرجەم ھېس قىلىشقا باشلىدىم.

ـ بىلىمەن، سەن يەنە كۆيۈك ئوتىدا ئۆرتىنىۋاتىسەن، ـ دەريا ئانا سۆزىنى داۋام قىلدى، ـ پەقەت ساڭا ئوخشاش ھەقىقىي سۆيگۈ ئەھلىلا ئەنە شۇنداق مۈگلۈك كېلىدۇ. ئۇلار تۈنجى ئويغانغان تۇيغۇلىرىنى نابۇت قىلىۋېتىشنى خالىمايدۇ. بۇ تۇي‐غۇلىرى سۇ ئىچەلمىسە ئۆزىنىڭ يۈرەك قانلىرى بىلەن سۇغىرىپ ياشنىتىدۇ. ئۇلار ھەرقانچە ئازاب، ھەرقانچە دەرد تارتىسىمۇ، تۈنجى مۇھەببەتتىن ئويغانغان بۇ تۇيغۇنىڭ خازانغا ئايلىنىپ كېتىشىنى خالىمايدۇ. بۇ سېنىڭ گۈزەل پەزىلىتىڭ. بىراق ھىجران ئازابلىرىنى شۇنچە تارتىپ تۇرۇپ، ۋىسال شادلىقىغا يېتەلمىگىنىڭ مېنىڭمۇ كۆڭلۈمنى يېرىم قىلىۋاتىدۇ... بولدىلا، ئاغرىپ تۇرغان جاراھەتلىرىڭگە تۇز سەپمەي.

ـ ياق، ئانا، سۆزلەۋېرىڭ، ھەرقانچە ئازابلىق بولسىمۇ مەيلى.

ـ شۇ تاپتا مەرزىيەنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەي خاتىرىسىگە نېمىلەرنى يېزىۋاتقىنىنى بىلەمسەن؟

مەن قۇلىقىمنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاشقا باشلىدىم.

«مەن ئارمان بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگەن كۈنلەردە ئۇ ماڭا توختىماي سەنئەت ھەققىدە سۆزلەيتتى. بىراق مەن كېيىنچە ئۇنىڭ ھەر قانچە سەنئەت خۇمارى بول‐غىنى بىلەن، ئۆز تەبىئىتىدە سەنئەتنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. بەلكىم تەبىئىتىدە گۈزەللىك بولمىغانلار گۈزەللىككە تېخىمۇ ئىنتىلىدىغاندۇ.

ئاھ، خەمىت، سەن ئۇنىڭغا زادىلا ئوخشىمايسەن. سەن سەنئەت، گۈزەللىك

ھەققىدە بىر ئىبغىزمۇ گەپ قىلمايسەن. بىراق سېنىڭ شۇ تۇرقۇڭلا بىر گۈزەل لىرىكا، سېنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىڭ مەن ئۈچۈن ئەڭ داڭلىق ماي بوياق رەسسىم. سېنىڭ گىتار بىلەن مۇڭلۇق تووۇلاشلىرىڭ مەندە چەكسىز ئىلھام پەيدا قىلىدۇ. سېنىڭ كۈلۈشلىرىڭمۇ، قاپاق تۈرۈشلىرىڭمۇ... ئىشقىلىپ ھەممىسىلا سەنئەت».

مەن شۇ تاپتا خەمتىنىڭ نېمە قىلغۇاتقىنىنى بىلەمسەن؟ ئەنە ئۇ بىر قىزنى ئەگەشتۈرۈپ كىنوخانىدىن چىقتى. ئۇلار يول بويىدىكى دەرەخلەر ئارىسىغا ئىېلىپ تۇرغان پىيادىلەر يولىنى بويلاپ پاراڭلىشىپ كېتىپ بارىدۇ. خەمىت يەنە بۇرۇنقىدەكلا تولىمۇ مەردانە، تولىمۇ تەمكىن ھالدا سۆزلىمەكتە، قىزغا ئۆزىنى ئاجايىپ تالانتلىق، ھېسسىياتچان قىلىپ كۆرسەتمەكتە. قىز ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تامامەن راست دەپ ئىشەنمەكتە، كۆڭلىدىكىدەك ھەمراھ تاپتىم، دەپ ئۆزىنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلماقتا... ئەنە ئۇلار قىزنىڭ ئۆيىنىڭ قېشىغا كەلدى. خەمىت خۇددى ئاينۇرنى، مەرزىيەنى قۇچاقلىغاندەك ئۇنى قۇچاقلىدى، خۇددى ئاينۇرنى، مەرزىيەنى سۆيگەندەك ئۇنىڭ لەۋلىرىگە لەۋلىرىنى ياقتى... گەپلىرىمنى ئاڭلاۋاتقانسەن، ئارمان. مەن تالاي - تالاي ئادەملەرنى كۆرگەن، تالاي - تالاي كىشىلەرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلىغان... مەن كۆرمىگەن كۈرمەك ئىشلار بار تېخى. بۇ دۇنيادا نۇرغۇن ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ئۆتكەن، نۇرغۇن ساختا كىشىلەرمۇ ياشىغان. ئاق كۆڭۈللەر ئۆز ئاق كۆڭۈللۈكى بىلە ئازاب تارتىدۇ. ساختا كىشىلەر ئۆز ساختىلىقى بىلەن ئاسانلا راھەتكە ئېرىشىدۇ.

## ئۈچىنچى باب

### 1

مەن يازغان ھېلىقى ھېكايە ئاخىرى ژۇرنالغا چىقتى. بېسىلغاندىمۇ ژۇرنالنىڭ بىرىنچى بېتىگە بېسىلىپتۇ.

مەن بۇنىڭدىن چەكسىز خۇشال بولدۇم ۋە بۇ خۇشاللىقىمنى بىرىنچى بولۇپ دەريا ئانىغا يەتكۈزدۇم. ئاڭغىچە بۇنى ساۋاقداشلىرىم، مۇئەللىملىرىم ۋە دادامىمۇ ئوقۇپ بوپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا مېنى تەبرىكلەشتى. ھەتتا مېنى مەسخىرە قىلىدىغان بەزى ساۋاقداشلىرىممۇ ھېكايىنى ئوقۇپ بولۇپ ماڭا ئاپىرىن ئوقۇشتى. مەن كۆڭلۈم يايراپ باشقىچىلا بىر ئادەمگە ئۆزگىرىپ قالغاندەك بولدۇم.

بۇگۈن يەكشەنبە بولغاچقا، مەن سىنىپقا چىقىپ ئىلگىرى يېزىپ قويغان بىر ھېكايەمنى ئاققا كۆچۈرۈشكە باشلىدىم. شۇ ئەسنادا ساۋاقدىشىم زۇلپىيە كىرىپ كەلدى. ئۇ مېنىڭ ئالدىمدىكى پارتىدا ئولتۇراتتى. ئۇ مېنىڭ ھېكايەمنى ئاققا كۆچۈرۈۋاتقىنىمنى بىلىپ، ئەكىلىڭ مەن ئوقۇپ بېرەي دەپ، ئورىگىنالنى قولىغا ئالدى.

— بولدىلا، سىزنى ئاۋارە قىلىپ يۈرمەي.

— ۋاي - ۋۇي، نېمىگە ئاۋارە بولاتتىم.

شۇنداق قىلىپ بىز ھېكايىنى بىردەمدىلا ئاقىقا كۆچۈرۈپ بولدۇق.

— قىزىق ئىش، ئۇ ماڭا نېمانچە يېقىنچىلىق قىلىپ كېتىۋىدىغاندۇ؟ — دەپ ئويلىدىم، تاماكا چەككەچ، — ئىچكىرىگە پراكتىكىغا بارغاندىمۇ ماڭا ئالاھىدە كۆيۈنۈپ كەتكەنىدى. بىر كۈنى كىرىمنى يۇيۇپ بەرسە، بىر كۈنى پىشۇرغان توخۇملارنى ئەكىلىپ بېرەتتى. ھە راست، ئۇنىڭ مېنى كۆرسىلا قىزىرىپ كېتىدىغىنىچۇ تېخى! قارىغاندا ئۇ مېنى... تۇرۇپلا بۇنىڭ ئەخمىقانە خىيال ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ئۆز-ئۆزۈمنى جىملەپ كەتتىم: نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىغانسەن ئارمان! ئۇنىڭ ساۋاقداش بولغانلىقىمىن، دېگىنىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ، مۇشۇ كۈنلەردە بەڭگىدەكلا بىر خىياللارنى قىلىدىغان بوپ قالدىڭ جۇمۇ. يات جىنسلىقلار ساڭا ھېجىيىپ قويسىمۇ بۇنى مېنى ياخشى كۆرگەنلىكى، دەپ چۈشەنسەڭ، ساۋاقداشلىق يۈزىسىدىن ساڭا خەيرىخاھلىق قىلىپ قويسا، ئۆزۈڭچە يوقىلاڭ بىر خىياللارنى قىلغىلى تۇرساڭ... قويغىنا سېنى! ئەخمەق بولار سېنىڭدەك ئەخمەق بولماس!

شۇندىن كېيىن، مەنمۇ ئۇنىڭ ئىش-كۈشلىرى بولسا ياردەملىشىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن پات-پات پاراڭلىشىپ تۇرىدىغان بولدۇم. بۇمۇ ئەلۋەتتە ساۋاقداشلارچە دوستلۇقىمىز ئۈچۈن ئىدى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن بىكار بولغاچقا زۇلپىيە بىلەن بازار ئايلاندۇق، بازاردىن قايتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ ياتاققا كىرەي دەپ تۇرغانىدىم، ئۇ بىردىنلا:

— ئارمان توختاڭا! — دەپ چاقىرىپ قالدى.

مەن دەرھال ئارقامغا بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇنىڭ يۈزى كۈن نۇرىغا تويۇنۇپ پىشقان بۆلدۈرگەندەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. قولىدا بولسا چىرايلىق بىر ئاتكىرىتكا تۇراتتى.

— بۇنى سىزگە...

ئۇ قولۇمغا ئاتكىرىتكىنى تۇتقۇزۇپ قويدى-دە، يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ياتىقىغا كىرىپ كەتتى. يۈرىكىم گويا نېمىندۇر سەزگەندەك جىغىلدە قىلىپ قالدى. تۇرۇپلا يەنە بۇ مۇمكىنمۇ؟ دەپ پىچىرلىدىم. ياتاققا كىرىپ قارىسام، ئاتكىرىتكا ئارىسىغا مۇنداق بىر پارچە خەت قىستۇرۇلغانىكەن:

«ئارمان، بەلكىم بۇ خەتنى يازغانلىقىم ئۆز قەدرىمنى ئۆزۈم يەرگە ئۇرغانلىق بولىدىغاندۇ. ئەسلى بۇنداق خەتلەرنى ئوغۇللار قىزلارغا يازسا بولاتتى. بىراق مەن قىز يالا تۇرۇپ سىزگە بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن. مېنى ئەيىبكە بۇيرۇماسلىقىڭىزنى تىلەيمەن.

مەن بۇرۇندىنلا سىزنى ھۆرمەت قىلاتتىم. ھازىرمۇ شۇنداق... بىراق سىز بۇنى زادىلا چۈشەنمىدىڭىز. ئاخىر قىز بولساممۇ سىزگە بۇ گەپنى ئېيتىش قارارىغا كەلدىم... سىزگە ئۇچۇقىنىلا ئېيتاي... سىزنى ياقتۇرۇپ قالدىم.


زۇلپىيە»

مەن خەتنى ئوقۇپ بولۇپ تۇرۇپلا قالدىم. يا خۇشال بولغىنىمنى، يا خاپا بولغىنىمنى بىلمەيمەن.

شۇندىن كېيىن ئۇنى كۆرسەملا قاچىدىغان بولدۇم. ئۇمۇ خىجىل بولۇپ ماڭا يېقىنلاشمايدىغان بولۇپ قالدى. ساۋاقداشلار جەم بولۇپ قالغان چاغلاردىمۇ بىز گويا ئۇرۇشۇپ قالغان كىشىلەردەك بىر - بىرىمىزگە ئارتۇقچە گەپ قىلىشمايتتۇق. بىراق ھەر ئىككىلىمىز بىر - بىرىمىزنى يوشۇرۇن كۆزىتىپ ئولتۇراتتۇق. ناۋادا كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالسا، دەرھال باشقا ياقلارغا قارىۋالاتتۇق.

ئۇنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل دېسەم قانداق بولار؟ — دەپ ئويلايتتىم مەن ئاخشىمىسى ئۇيقۇم قاچقان چاغلاردا، — مەرزىيەنىڭ قىلغان ئەلىمىگە بولسىمۇ ماقۇل دەيمۇ؟... بىراق بۇنىڭ بىلەن كۈتكەن بەختىمگە ئېرىشەلەيمەنمۇ؟ بۇ ماڭا قارىغىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاچچىقنى چىقىرىش ئۈچۈن تۇتۇلغان مۇھەببەتنى قانداقمۇ مۇھەببەت دېگىلى بولسۇن؟ ماڭا ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدىكى مۇھەببەت ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي مۇھەببەت كېرەك. شۇنداقتىمۇ قىزنىڭ ئوغۇل بالىغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشى ئاسان ئىشمۇ؟ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان بىر قىزنى شۇنچە خورلاش قانداقمۇ بىر ئوغۇل بالىنىڭ ۋىجدانىغا سىغىدۇ؟ ... بىراق ئىچ ئاغرىتىش يۈزىسىدىنلا ماقۇل بولسام، ئۇنى كېيىنچە، بەختكە ئېرىشتۈرەلەيمەنمۇ؟ ...

مەن بىر ھەپتىنى ئەنە شۇنداق زىددىيەتلىك خىياللار بىلەن ئۆتكۈزدۈم. بىر ساپ قەلبنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولغىنىمدىن شادلانسام، ئۆزۈمنىڭ كۆڭۈل بېرەلمەسلىكىمدىن قايغۇرۇپ ئازابلاندىم. بەزى قىز ساۋاقداشلىرىم ماڭا: «زۇلپىيە ئوبدان قىزغۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆتسىڭىز بولمامدۇ» دەپمۇ باقتى. لېكىن مەن يەنىلا ئۇلارنىڭ كۆڭلى سۇ ئىچكۈدەك جاۋاب بېرەلمىدىم. مېنىڭ ئۈندىمەي تۇرۇۋېلىشىمنى قىزلار ئۇنىڭغا باشقىچە چۈشەندۈردى بولغاي، ئۇنىڭ بىردىنلا روھى چۈشۈپ كەتتى. ئۇ كوللېكتىپ يىغىلىشلاردىنمۇ قاچىدىغان، مېنى كۆرسىلا چىرايى تاتىرىپ، ئازابلىق تۈس ئالىدىغان بولدى.



www.uyghurkitap.com

بىر كۈنى كەچلىك تەكراردىن كېيىن مەن بالكونغا چىقماقچى بولۇپ ئوقۇتۇش مىناسىنىڭ باش تەرىپىگە باردىم. يىراقتىنلا بالكوندا تۇرغان زۇلپىيەنى كۆرۈپ قېلىپ قەدىمىمنى توختاتتىم. ئۇ شۇ تاپتا شۇنچىلىك مىسكىن، شۇنچىلىك بىچارە ھالدا خىيال سۈرۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ ئىچىم سىيرىلىپلا كەتتى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمەكچى بولدۇم. ئەمما نېمىشقىدۇر قەدەملىرىم خۇددى كارىدورغا ئورنىتىپ قويۇلغاندەك مىدىر قىلماي تۇرۇۋەردى.

«ئاھ، زۇلپىيە، مەن ساڭا نېمە دېسەم بولار؟! سېنىڭ ئورنىڭدا مەرزىيە بولۇپ قالغان بولسا، ئاللىقاچان پەرۋانىدەك ئايلانغان بولار ئىدىم. بىراق مەن بەختىمنى كۈتكەن كىشى كېتىپ، سەن مېنىڭدىن بەخت كۈتۈۋاتىسەن. مەن ئۆزۈم بىر بەختسىز تۇرسام، سېنى بەختلىك قىلىش قولۇمدىن كېلەرمۇ؟ ھەي، ھاياتتا ئاجايىپ ئىشلارمۇ بولىدىكەن. بەخت بىر تال يىپ. مەرزىيە، خەمىت، مەن ۋە سەن بۇ يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن مارجانلار. ئەلۋەتتە بۇنىڭغا ئاينۇرنى ۋە باشقا بىز بىلمەيدىغان شەخسلەرنىمۇ قوشۇشقا بولىدۇ. ھەممىمىزلا بەختنى دەپلا بىر-بىرىمىزگە باغلىنىپ تۇرىمىز. خەمىت مەرزىيەدىن باشقا يەنە كىملەرگىدۇر ئىنتىلىدۇ. مەرزىيە بولسا خەمىتكە، مەن مەرزىيەگە، سەن ماڭا، ساڭا يەنە بىز بىلمەيدىغان كىملەردۇر تەلپۈنىدۇ...»

زۇلپىيە تېخىچىلا قىمىر قىلماي، نەلەرگىدۇر قاراپ تۇراتتى. مەن ئاخىرى ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، كۆڭلىنى ياساپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆتەلمەيدىغانلىقىمنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن چۈشەندۈرۈپ قويماقچى بولدۇم. بىراق ئىككى قەدەم ماڭا-ماڭمايلا يەنە توختاپ قالدىم. ياق، بۇنداق قىلسام ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش ئەمەس، تېخىمۇ ئازار بەرگەن بولىمەن. ئۇ مېنىڭ نېمە ئويدا بولۇۋاتقىنىمنى ئۇقمايلا قالسۇن. شۇنىڭ بىلەن ئاستا-ئاستا مەندىن سوۋۇپ كېتەر. ئۇ چاغدا ھەرقاچان مېنى ھېسسىياتسىز بۇتقا ئوخشايدىكەن، دەپ ئويلار. نېمىلا دېسە دەۋەرسۇن. بەرىبىر ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. خەير، زۇلپىيە، مېنى كەچۈر!

## 2

مانا، قىش كېتىپ، گۈللەرمۇ ئېچىلدى. دېمەك، بىزنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرۈشىمىزگە يەنە ئۈچ ئايلا قالغانىدى.

مەكتەپ ھاياتىمىز قىسقارغانسېرى، ساۋاقداشلار بىر-بىرىمىزگە شۇنچە ئىجىل، شۇنچە قەدىرلىك بولۇپ كەتتۇق. يېڭى كەلگەندە بىر-بىرى بىلەن چىقىشالماي ماي تارتىپ يۈرگەنلەر مانا ئەمدى يۈرەك سىرلىرىنى تۆكۈشىدىغان قەدىناسلاردىن بولۇپ كېتىشكەنىدى. بىز بىرىمىز بىردىن ئالبوم تەييارلاپ ئۆزئارا خاتىرە قالدۇرۇشقا تۇتۇندۇق.

مېنىڭ ئالبومىمغا ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسىلا بىر پارچە رەسىم بىلەن خاتىرە

سۆزى يېزىپ بولدى. مەن ساۋاقداشلار قالدۇرغان سۆزلەرنى بىر باشتىن كۆرۈشكە باشلىدىم. بەزىلىرى دوستلۇق ھەققىدە، ساۋاقداشلىق ھېسسىياتىنىڭ بۈيۈكلۈكى ھەققىدە يېزىشقان بولسا، بەزىلىرى ماڭا ئەدەبىي ئىجادىيەتتە زور ئۇتۇقلارنى تىلەپ يازغانىدى. زۇلپىيە يازغان سۆزلەرگە كەلگەندە نېمىشقىدۇر خېلى ئۇزۇنغىچە ئويلىنىپ قالدىم.

«... كىشىلەر باھاردا ئېچىلغان قىزىلگۈلنى ئۈزۈۋېلىپ خاتىرە ئارىلىرىغا قىستۇرۇپ قويىدۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ گۈل ئۆز رەڭگىنى ۋە خۇشپۇرىقىنى يوقىتىپ قەغەزدەك بولۇپ قالىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ زىمىستاندا كىشىلەرگە باھار ھاۋاسىنى، چىرايلىق گۈل - گىياھلارنى ئەسلىتىدۇ. بەلكىم كېيىنچە، چوڭ - چوڭ ئىشلار بىلەن بولۇپ ساۋاقداشلارنى ئەسلەشكە چولىڭىزمۇ تەگمەس. شۇنداق بىر كۈنلەرمۇ كېلىدۇ. ھاياتىڭىزدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەر سىزنى بۇرۇنقى كۆڭۈللۈك ئىشلار ۋە يېقىن ئۆتكەن دوستلارنى ئەسلەش بىلەن ئۆزىڭىزگە تەسەللى تېپىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئەنە شۇنداق چاغلاردا، خىلۋەت بىر بۇلۇڭلاردا ئۇنتۇلۇپ قالغان ئالبومىڭىزنى ئېلىپ ۋاراقلاۋاتقىنىڭىزدا، مېنىڭ بۇ سۆزلىرىم خۇددى قۇرۇپ قالغان ئاشۇ گۈل ئەۋرىشكىسىدەك سىزگە مەكتەپ ھاياتىدىكى شېرىن تۇيغۇلارنى، بىر - بىرىدىن قىزغىن ۋە ئۈمىدۋار ساۋاقداشلارنى ھەم شۇلارنىڭ ئىچىدە ئەرزىمەس بولسىمۇ، لېكىن سىزنى چەكسىز ھۆرمەتلەيدىغان زۇلپىيە ئاتلىق بىر ساۋاقدىشىڭىزنىڭمۇ بار ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىپ قويار...

ئارمان مەن سىزگە قايىلمەن. سىزدەك ئاق كۆڭۈل، قابىلىيەتلىك ھەم يىگىتلەرگە خاس غۇرۇرى بار ساۋاقدىشىم بولغانلىقى ئۈچۈن مەڭگۈ پەخىرلىنىمەن.

كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئۆزە بولۇشىمۇ ئاسان ئەمەسكەن. ئەمما بىر - بىرىگە ئىچىكىشىپ كەتكەندە ئايرىلماق تېخىمۇ تەس ئىكەن. ئازابلىق كۆز ياشلىرىمۇ قۇرۇپ كېتىدۇ، خۇشال كۈلكىلەرمۇ ئىزناسىز يوقىلىدۇ، ئەمما ياشلىقتىكى ئارمانلار كىشى قەلبىگە مۆھۈر بولۇپ ئورناپ قالىدۇ. ھاياتتا تالاي كىشىلەر، تالاي ئىشلار ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ، لېكىن مەكتەپ ھاياتىنى، ساۋاقداشلارنى ئۇنتۇغىلى بولمايدۇ.

سىزگە زور ئۇتۇق ۋە ئۆمۈرلۈك بەخت تىلەپ ساۋاقدىشىڭىز زۇلپىيە»

زۇلپىيەنىڭ سۆزلىرى ماڭا بىر تۇرۇپ تەنىدەك بىلىنسە، يەنە بىر تۇرۇپ ئەلەملىك نالىدەك بىلىنىپ كەتتى.

مەن زۇلپىيەنىڭ تۆت سۇڭلۇق رەسىمىگە قارىدىم. ئۇنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ تۇرغان قىياپىتى ئىختىيارسىز ھالدا ماڭا مۇنالىزانى ئەسلىتىپ قويدى. ئۇنىڭ قارا قۇمچاق كۆزلىرىمۇ كۈلۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئەمما ئوبدان قارىغاندا، ئاشۇ بىلىنەر - بىلىنمەس تەبەسسۇمغا يەنە قانداقتۇر بىر خىل مۇڭ، چەكسىز ئازاب يوشۇرۇنغاندەك قىلاتتى. مەن بىردىنلا بىئارام بولۇشقا باشلىدىم ۋە ئالبومنى ياپتىم.

بۇ كېچە يەنە ئۇيقۇم كەلمىدى. شۇڭا دەريا بويىغا چىقتىم.

— كەل ئارمان بالام، كەل! — دېدى دەريا ئانا مېنى كۆرۈش بىلەنلا باشقىچە جانلىنىپ، — ئىلگىرى سەن مەرزىيەنىڭ دەردىدە مۈكۈيۈپ يۈرگەن بولساڭ، ئەمدى ساڭا

يەنە بىر دەرد قوشۇلدى. شۇنداقمۇ بالام؟

مەن گويا بولمىغۇر بىرەر ئىش قىلىپ قويۇپ، ئانىسىنىڭ ئالدىدا بىردىنلا سىرى پاش بولۇپ قالغان گۆدەك باللاردەك خىجىل بولۇپ بېشىمنى تۆۋەن سالدىم.

دەريا ئاتا مەندىن جاۋاب كۈتمەيلا ئۆز سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بەردى.

ــ هاياتنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكىنى ئەمدى تېتىۋاتىسەن. بىراق سەن دۇنيادا ئازاب تارتىۋاتقان مەنلەمكىن دەپ قالما. ئۆزىنى بەختسىز دەپ ھەسرەت چېكىدىغانلار سايىنىڭ تېشىدىنمۇ تولا. سەن مەرزىيە ئۈچۈن ئازابلىنىسەن. زۇلپىيە بولسا، سېنىڭ ئوتۇڭدا پەرياد چېكىپ يىغلايدۇ. مەرزىيە سېنىڭ ئاھۇ ـ زارلىرىڭغا قۇلاق سالغان بولسا، بەلكىم سېنى بەختلىك قىلغان بولار ئىدى. سەنمۇ زۇلپىيەگە كۆڭۈل بەرگەن بولساڭ ئۇنى بەختلىك قىلغان بولاتتىڭ. سەنمۇ ئۆز بەختىڭنى دەپ ياشايسەن، زۇلپىيەمۇ ئۆز بەختىنى دەپ ياش تۆكىدۇ، ئەلۋەتتە مەرزىيەنىڭمۇ ئۆز بەختىنى ئىزدەيدىغان يولى بار...

ئۆزۈڭ ئىزدىگەن بەختكە ئېرىشەلمىگىنىڭ بىلەن باشقىلارنى بەختلىك قىلىش قولۇڭدىن كېلىدۇ. بىلگىنكى، باشقىلارنى بەختكە ئېرىشتۈرۈشنىڭ ئۆزىمۇ بىرخىل بەخت.

دەريا ئانىنىڭ سۆزلىرى تولىمۇ ئورۇنلۇق ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، چېكىش خىياللار بىلەن تۇمانلاشقان كۆڭلۈم خېلىلا يورۇپ قالغاندەك بولدى.

تۇرۇپلا مەرزىيەگە قىلغان ئەقىدەم خۇددى ئەتىيازنىڭ كەلكۈنلىرىگە قوشۇلۇپ ئېقىپ كەتكەن خازان ـ شۆپەكلەردەكلا بىھۇدە تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە زۇلپىيەگە بولغان ھېسداشلىقىم كۈچەيمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ مۇھەببىتى، چۆلدە چاڭقاپ ياتقان ئادەم بىرەر يۇتۇم سۇ بىلەنلا كۆزى يورۇغاندەك، مېنىڭ ھىجران ئازابىدا قىينىلىپ تۇرغان يۈرىكىمگە ئازراق بولسىمۇ ئارام بەخش ئەتكەنىدى. مەرزىيەدىن ئېرىشەلمىگەن نەرسىنى ئۇ ئالدىمغا ئەكىلىپ، ئىككى قوللاپ ماڭا سۇنۇپ تۇراتتى...

مەن ئىككىلىنىپ قالدىم... بەلكىم ئۇنىڭغا ھازىر كۆڭۈل بېرەلمىگەن بىلەن كېيىنچە يۈرەك يارىلىرىم ساقايغاندا، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالارمەن.

يېتىم قوزىنىڭ بېشىنى كىم سىيلىسا ئۇ شۇنىڭغا ئۆرە بولۇپ قالغاندەك، كۆڭلۈمۇ ئەمىن تاپقان كىشىسىگە ئۆم بولۇپ قالىدىكەن، مەن ئاخىرى زۇلپىيەنىڭ ساپ مۇھەببىتىنى قوبۇل كۆردۈم...

3

مانا مەكتەپ پۈتتۈرگىنىمىزگىمۇ ئىككى ئاي بولۇپ قالدى. زۇلپىيە ھازىر تېلېۋىزور قۇراشتۇرۇش زاۋۇتىدا ئىشلەۋاتىدۇ. مەن بولسام پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىمەن. يېڭى خىزمەتكە چىققاچقىمۇ ھايات

ماڭا باشقىچىلا گۈزەل تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۆزۈمنى ناھايىتى قىزغىن ۋە ئۈمىدۋار ئىدىم. بىراق مەرزىيەنىڭمۇ بۇ مەكتەپكە ئورۇنلاشقىنىنى بىلگىنىمدە بۇ قىزغىنلىقلىرىمغا بىر چۈمۈچ سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك بولدى.

ئۇنى بۇ مەكتەپتە قايتا كۆرگەن كۈندىن باشلاپ يۈرىكىمدىكى بىر چاغلاردا كۆمۈلۈپ قالغان چوغىنىڭ ئۈستىدىكى كۈللەرنى شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەندەك بولدى. ھازىر بۇ ئوت تومۇرلىرىمغا تارىلىپ مېنى ئازابلىماقتا. بەلكىم، بۇمۇ تەقدىرنىڭ چاقچىقىدۇر.

مەن يەنە بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلەشكە، دەريا بويىنى بويلاپ مۇڭلۇق خىياللارنى سۈرۈشكە باشلىدىم. مانا بۈگۈنمۇ كەچكىچە، خىيال بىلەن ئازابلىنىپ يۈردۈم. دەرس تەييارلاشقىمۇ قولۇم بارمىدى. ئارقا - ئارقىدىن چەككەن تاماكىلىرىممۇ كۆڭۈل غەشلىكلىرىمگە دال بولالمىدى. نەپەس ئالسام كۆكرىكىمدىن ئىسسىق ھور ئۆرلىگەندەك بىلىنىدۇ ...

كەچتە مەن زۇلپىيە، بىلەن كىنو كۆرۈپ چىقىپ، ئۇنى ئاپتوبۇسقا سېلىپ قويۇش ئۈچۈن بېكەتكە بېرىۋىدىم، خەمىتمۇ بېكەتتە، ئاپتوبۇس ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا توزدەك ياسىنىۋالغان بىر قىز بار ئىدى. خەمىت مېنى كۆرۈش بىلەنلا چىرايى بىر قىسمىلا بولۇپ كەتتى. مېنىڭمۇ غۇژژىدە ئاچچىقىم كەلدى. شۇنداق بولسىمۇ بىز كۆرۈشۈپ ئەھۋاللاشتۇق ... خەمىتنى كۆرۈپ بىر ئاز بېسىقىپ قالغان كۆڭۈل غەشلىكىم يەنە كۈچىيىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ۋىجدانسىزلىق قىلىپ باشقا بىر قىزنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەندىم. مەرزىيە، گەرچە ماڭا كۆڭۈل بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ خارلىشىغا ئۇچرىشىنى خالىمايتتىم.

ئېسىت مەرزىيە،— دەيتتىم مەن ئۆز - ئۆزۈمگە قايناپ،— سەن ئۆزۈڭنى ھەرقانچە ئەقىللىق سانىغان بىلەنمۇ، بەرىبىر نادانسەن، سەن نېمىشقىمۇ خەمىتنىڭ سېنى ئەخمەق قىلىپ يۈرگىنىنى چۈشەنمەيدىغانسەن...

بۇ كۈنىمۇ قولۇم ئىشقا بارماي، بىئاراملىقتا تۇنجۇقۇپ يۈردۈم. كەچتە مەكتەپنىڭ يان ئىشىكىدىن چىقىپ ئىككى قىرغاقتا ئورۇلۇپ ئېقىۋاتقان ئۈرۈمچى دەرياسىنى بويلاپ ئاستا ماڭدىم.

— تېخىچىلا شۇ مەرزىيەدىن مېھرىڭنى ئۈزەلمەي يۈرەمسەن؟— دېدى دەريا ئانا يەنە سۆز باشلاپ،— مۇھەببەت سەۋدالىرىنىڭغۇ كۆپ كۆرگەن، لېكىن ساڭا ئوخشاشلىرى بەكلا ئاز ئۇچرايدۇ. سەن مەرزىيەگە ھەرقانچە ياخشىلىق قىلدىم دەپ ئويلىساڭمۇ ئۇ بۇنى چۈشەنمەيدۇ. مەرزىيە ئۇنى شۇنداق ياخشى كۆرىدۇكى، ھەتتا خەمىتنىڭ ئۆزىگە ۋاپاسىزلىق قىلىۋاتقىنىنى بىلگەن تەقدىردىمۇ ئۇنى كەچۈرۈۋېتىدۇ. سەن ئۇنىڭ يېقىندا يازغان مۇنۇ خاتىرىسىنى ئوقۇغان بولساڭ ھەممىنى چۈشىنەلەيتتىڭ.

«ھەي خەمىت، ھەي خەمىت! سېنى ئۇرايمۇ، تىللايمۇ؟ مەن تېخى ئىككى ئاي بۇرۇنلا ۋۇجۇدىدىن پاكلىق تېمىپ تۇرىدىغان مەسۇم قىز ئىدىم. بىراق سەن بىردەملىك كۆڭۈل خوشلۇقۇڭ ئۈچۈن مېنى خاراب قىلىۋەتتىڭ. بۇنىڭ ئۈچۈن نەچچە، كۈنلىگەن كۆزلىرىمدىن ياش ئۆكسىمىدى. ھەتتا ئۆلۈۋېلىشنىمۇ ئويلىدىم. بىراق ياشاش زوقى يەنىلا غالىب كەلدى.

خەمىت، مەن ساڭا مەڭگۈ ئۆچمەنلىك قىلىمەن، سېنى ھەرگىز كەچۈرمەيمەن...

ياق، خەمىت، ئۇنداق دېسەم خاپا بولما، مەن يەنىلا سېنى كەچۈرۋېتەلەيمەن. مەن ساڭا ھەرقانچە، ئۆچمەنلىك قىلسامۇ يەنىلا سېنى ياخشى كۆرىدىكەنمەن. مەن ئاقىۋەتتە بۇنىڭ ئۈچۈن پۇشايمان قىلىپ يۈرمەيمەن. گەرچە شۇ چاغدا سەن زورلۇق قىلغان بولساڭمۇ، مەن ئۇنداق ئويلىمايمەن. مەن ئۇنى ئۆز ئەركىم بىلەن ئۆزۈم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىمگە — ساڭا ئاتىۋەتتىم دەپ ئويلايمەن. مەن بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈمنى مەڭگۈ بەختلىك ھېس قىلىمەن...»

بۇلارنى ئاڭلاپ تۇرۇش مەن ئۈچۈن تولىمۇ ئازابلىق تۇيۇلدى. بېشىم ئۈستىدە چاقماق چاققاندەك بولدى، كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ بېشىم ئايلاندى. مەن بېشىمنى تۆۋەن ساڭگىلىتىپ، ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپ كەتتىم. دېمەك شامالسىز كۆكتە مىڭ تەسلىكتە ئۇچۇرۇپ يۈرگەن كۆڭۈل لەگلىكىمنىڭ يىپى ئۈزۈلگەنىدى. كۆز قارىچۇقلىرىممۇ قېتىپ قالغاندەك بىر نۇقتىغا تىكىلىپلا قالغانىدى. مەن گويا ئۇزۇن يىل مۇز ئاستىدا تۇنجۇقۇپ ياتقان كۆل بېلىقچىلار تەشكەن كاچكۆلدىن قېنىپ بىر نەپەس ئېلىۋالغاندەك، ئاھايىتى ئۇزۇندىن كېيىن ئېغىر بىر تىنىپ قويدۇم. بۇ چاغدا قۇلىقىمغا يەنە مەرزىيەنىڭ «مەن ئاقىۋەتتە بۇنىڭ ئۈچۈن پۇشايمان قىلمايمەن» دېگەن سۆزلىرى ئاڭلانغاندەك بولدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ماڭا ئاجايىپ بىر ھايات قانۇنىيىتىنى تونۇتقانىدى. بىردىنلا ۋۇجۇدۇمغا كۈچ كىرگەندەك بولدى-دە، ئورنۇمدىن دەس تۇردۇم ۋە دەريا بويلاپ ئاستا ماڭدىم:

«ئېھ، ئۈرۈمچىنىڭ رومانتىك قىزى، سەن ئۆزۈڭنىڭ ياخشى كۆرگەن كىشىڭگە بارلىقىڭنى ئاتىۋېتىشكە تەييارسەن. سەن رومانتىك ھايات ئۈچۈن ھەممە نەرسەڭنى قۇربان بېرىشكە رازىسەن. لېكىن ھەرقانچە زىيان تارتساڭمۇ ئۆكۈنۈشنى خالىمايسەن. سەن شۇنىڭ ئۈچۈن گۈزەلسەن. سەن شۇنىڭ ئۈچۈن ئەبەدىي تەرىپلىنىشكە ھەقلىقسەن».

مەن دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەريا ئانىغا، يىراقتا سۇس كۆرۈنۈپ تۇرغان ئېگىز بىنالارغا، ئاسماندىكى بۇلۇتلارغا ۋە بۇلۇتلار ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان خىرە يۇلتۇزلارغا قاراپ ئۈنسىز نىدا قىلدىم. بۇ نىدا مېنىڭ مەرزىيەنى مەڭگۈ ئۇنتۇش ئۈچۈن قىلغان ئاخىرقى قانلىق قەسىمىم بولۇپ قالغۇسى!

## تۆتىنچى باب

## I

ئاردىن تۆپتوغرا بىر يىل ئۆتتى. بىز يازلىق كانىكۇلنى تۈگىتىپ يەنە ئىشقا چۈشتۇق. بۈگۈن مېنىڭ تۇنجى قېتىم دەرس مۇنبىرىگە چىقىشىم ئىدى. شۇڭا دەرسنى باشلىۋالغۇچە نېمىشقىدۇر يۈرىكىم دۈپۈلدەپ، سەل تەمتىرەپ قالدىم. بىرئاز ئۆتكەندىن كېيىن، سۆزلىرىم ئاستا- ئاستا راۋانلىشىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ دەرسنى كۆڭۈلدىكىدەك تۈگەتتىم ۋە كۆڭلۈم ياپرىغان هالدا ئىشخانىغا قايتىپ كىردىم. ماتېرىياللىرىمنى ئىش ئۈستىلىمگە قويۇۋېتىپ بىردىنلا ئۈستەلگە تاشلاپ قويۇلغان ئىككى پارچە باغاققا كۆزۈم چۈشتى. بۇلارنىڭ بىرى مېنىڭ، يەنە بىرى زۇلپىيەنىڭ ئىدى. بۇ خەمىت بىلەن مەرزىيەنىڭ ئالدىمىزدىكى يەكشەنبە كۈنى ئۆتكۈزىدىغان تويىنىڭ باغىقى ئىكەن. ئۇلارنىڭ توي قىلىدىغانلىقىنى ئىلگىرىمۇ ئاڭلىغانىدىم. شۇڭا بۇ ئىش ماڭا ئانچە يېڭىلىق تۇيۇلۇپ كەتمىدى. شۇنداقتىمۇ يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرىدە ھەسەت ئوتلىرى تۇتاشقاندەك بولدى.

مەكتەپنىڭ يوغان ئاشخانىسى مېهمانلار بىلەن تولغانىدى. ئاشخانىنىڭ تۆرىدىكى دېرىزە قېشىدا خەمىت بىلەن مەرزىيە ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا يىگىت قولداش بىلەن قىز قولداش ۋە توزدەك ياسىنىۋالغان، بىر- بىرىدىن كېلىشكەن قىز- يىگىتلەر خۇددى گۈل بەرگىلىرىنى ئوراپ تۇرغان ياپراقلاردەك ئولتۇرۇشاتتى. مەن ئۇلار بىلەن ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن خىزمەتداشلىرىم بىلەن بىر جوزىدا ئولتۇردۇم. هاراق ئىككى- ئۈچ قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل ئوينالدى، ئارقىدىنلا تانسا باشلاندى. مەن زۇلپىيەنى تانسىغا تارتتىم. تانسا ئويناۋېتىپ ئۆزۈمنى بىلمىگەن هالدا خەمىت بىلەن مەرزىيەنىڭ ئالدىغا بېرىپ قېلىۋىدىم، مەرزىيە بىلەن كۆزلىرىم ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ دەرهال كۆزىنى ئەپقېچىپ يەرگە قارىۋالدى. مەن يەنە بىر ئايلىنىشتا خەمىتكە قارىدىم. ئۇمۇ ماڭا كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرغانىكەن. مەنمۇ ئۇنىڭغا بېشىمنى لىڭشىتىپ كۈلۈمسىرەپ قويدۇم.

نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا باش لىڭشىتىمەن؟ — دەپ سورايتتىم ئۆز- ئۆزۈمدىن، — بۇ ئۇلارنى قۇتلۇقلىغىنىممۇ؟ بەلكىم شۇنداقتۇر...

— نېمە بولدىڭىز؟ هېچبىر خۇش ياقمىغاندەكلا ئوينايسىزغۇ، مەست بولۇپ قالدىڭىزمۇ- يە؟

زۇلپىيەنىڭ سۆزى مېنى خىيالدىن ئويغاتتى. مەن پۈتۈن زېھنىمنى پۇتلىرىمغا مەركەزلەشتۈرۈپ، زۇلپىيە بىلەن بىرگە لەرزان پىرقىراشقا باشلىدىم.

تانسا ئويناۋېتىپ ئايىنۇرنىمۇ كۆرۈپ قالدىم. ئۇ تولىمۇ مەغرۇر هالدا چاچلىرىنى ئۈزۈن قويۇۋەتكەن، كەۋرىلىك بىر يىگىت بىلەن تانسا ئويناۋاتاتتى. بىز يېقىن كەل-

www.uyghurkitap.com

گەندە، كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا بېشىمنى لىڭشىتىپ كۆرۈشىدىغان بولدۇم. بىراق ئۇ مېنى كۆرمەسكە سېلىپ باشقا ياققا قارىۋالدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن تېخىچىلا ماڭا بولغان ئاچچىقىنىڭ يانمىغىنى، يەنە ئۆزىنى زورمۇ-زور مەغرۇر تۇتۇۋاتقىنى بىلىنىپ تۇراتتى.

ئىككىنچى قېتىم ئايىنۇرنى تانسىغا تارتتىم. ئۇنىڭ يېقىنىدا تـوي قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. شۇنداقتىمۇ ئەتەي بىلمەسكە سېلىپ سورىدىم:

— سىزنى توي قىلغۇدەك دەپ ئاڭلىدىمغۇ؟

— ھە،— دېدى ئۇ مېنى مەنسىتمىگەن قىياپەتتە،— يەنە بىر ئايدىن كېيىن، ئاشۇ بالا بىلەن (ئۇ ھېلىقى ئۇزۇن چاچ يىگىتنى ئىما قىلدى)، دادىسى جىگـلـى.

ئـۇ «جىـگـلـى» دېگەن سۆزنى ئـالاھىدە ئـۇرغۇ بىـلەن ئېيـتتى. ئـۇنـىڭ چىرايلىق، ئەمما ھېسسىياتسىز كۆزلىرىدىن قانداق، يامانمىكەنمەن؟ ماڭا خېلى كاتتا يەرلەردىن يىگىت چىقامدىكەن؟ دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى. مـەن ئـارتـۇقچە گـەپ قىلمىدىم. ئىچىمدە ئۇنىڭغا بوپتۇ، بۇمۇ ئۆزۈڭنىڭ ياشاش مـەنـتىقەڭ، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ بىلەن بەختلىك ئۆتسەڭلا بولدى، دېدىم.

تـوي مـەرىـكىسى بارغانچە قىزىماقتا ئىدى. خەمىت بىلەن مەرزىيە تەكلىپكە بىنائەن تانسىغا چۈشتى... قولداشلارمۇ ھەمراھ بولۇپ تانسىغا چـۈشتى .ئـارقـىدىنلا ساھىبخان خەمىتنى بىر ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە تەكـلـىپ قـىلـدى. خـەمىت بۇنـى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە مىكـرافوننى قـولـىغا ئـالـدى. خـەمىت ناخـشىنى شۇنداق يېقىملىق ئېيتتىكى، ھەممەيلەن ئاپىرىن ئوقۇشتى. ھـەتتا مـەن ئـۇنـىڭغا ئىچىمدە بۆچمەنلىك قىلساممۇ، ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا قايىل بولماي تۇرالمىدىم.

— ھـاراق ئـاستـا-ئاستا تەسىر قىلىشقا باشلىدى. مەن خېلىلا قىزىپ قالغانىدىم.

مـەن مـەرزىيەگە ئىككىنچىلەپ كـۆز تىكمەسلىككە ۋەدە قىلغانىدىم، لېكىن نېمىشقىدۇر يەنە ئۇنىڭغا قاراپ قاپتىمەن. ئۇ بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە گـۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. بېشىدىن ئايىغىچە ئوراپ تۇرغان قاردەك ئاپئاق تويلۇق كىيىمى ئۇنى ساماۋي چۈچەكلەردىكى پەرىشتىلەرگىلا ئوخشىتىپ قويغانىدى. مەن بىردەمدىلا ئۇنىڭ بىر چاغلاردا مەن سۆيۈۋالغان مۇزدەككىنە مەڭزىنى ئويلاپ قالدىم...

ھـەمـمە گۇناھ ئۆزۈڭدە، — دېدىم مەن ئىچىمدە، — قولۇڭغا قونغان قۇرغۇينى تۇتۇپ تۇرالماي ئۇچۇرۇپ قويغانمۇ ئۆزۈڭ، ئەمدى ھەسرەت چېكىشىڭنىڭ نېمە پايدىسى؟

تـوي مـەرىكىسى ئـاياغلىشىپ كىشىلەر تـارقـاشتى. مـەن زۇلـپىيەنـى مـاشىنا بېكىتىگە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن ماڭدىم.

— بـۈگۈن نېمە بولدىڭىز؟ گەپمۇ قىلمايسىزغۇ؟ — زۇلپىيە مېنىڭ گەپ-سۆزسىز مېڭىشىمدىن زېرىككەنىدى.

—بىز تـوي قىلايلى! — دېدىم مـەن جاۋاب ئـورنىدا.

— نېمە؟ — زۇلپىيە كېپىمنى ئاڭلاپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى، — بۈگۈن راستتىنلا مەست بولۇپ قالغان ئوخشايسىز.

— ياق، مەن مەست بولمىدىم، سىز ماقۇل دەڭ، بىز ئەمدى بۇنداق يۈرۈۋەرمەيلى، توي قىلىۋېتەيلى.

زۇلپىيە كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇ مېنىڭ بۇ تەكلىپىمگە ھېچقانداق ئىنكاس بىلدۈرمىدى. كېيىن ئۇ نېمىنىدۇر خىيال قىلغىنىچە ئاستا يەرگە قارىدى.

2

... مانا زۇلپىيە ئىككىمىزنىڭ توي قىلغىنىغا يېرىم يىلدەك بولۇپ قالدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى شەخسىنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇپ كېلىۋاتاتتۇق. بىراق بۇ ئۆيلەرنى چېقىپ يېڭى بىنا سالىدىغان بولغاچقا، كۆچۈپ كېتىشىمىزگە توغرا كەلدى. شۇڭا مەكتەپتىكى مۇناسىۋەتلىك ئادەملەردىن بىر ئۆي بېرىشنى ئىلتىماس قىلدىم. تەلىيىمگە يارىشا بىر ئېغىز ئۆي بار ئىكەن. بىراق بۇ ئۆي مەرزىيەلەر بىلەن ئۇدۇل قوشنا ئىدى... مەرزىيە بىلە قوشنا بولۇش مەن ئۈچۈن ئازابلىق ئىش. شۇڭا باشقا يەردىن ئۆي تاپماقچى بولدۇم. ئەمما ئامالى بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن ھازىرچە ئولتۇرۇپ تۇرمامدۇق، كېيىنچە بىر گەپ بولار دېگەن يەرگە كەلدىم

بىز يۆك-تاقلىرىمىزنى بۇ ئۆيگە ئەكىرىشىمىز بىلەن تەڭلا خەمىت بىلە مەرزىيە بىزنى قۇتلۇقلاپ كىرىپ كەلدى.

— قوشنا بولۇپ قالغىنىمىز بەك ياخشى بوپتۇ، — دېيىشتى ئۇلار ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي.

ئاغىچە باشقا قوشنىلارمۇ يۆك-تاقلىرىمىزنى توشۇشقا ياردەملەشتى. خەمىت ئۆيىنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى جاي-جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى. كەچتە مەرزىيە بىزنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ ھاردۇق ئېشى بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇلارنىڭ بۇ تەكەللۇپلىرىنىڭ ھەممىسىلا مەن ئۈچۈن ئارتۇقچە ئىدى. شۇنداقتىمۇ مەن ئۇلارنىڭكىگە كىرمەسلىككە ئامالسىز ئىدىم. ئەمدى قوشنا بولغاندىكىن ئۆتكەن ئىشلارغا سالۋات قىلىۋەتمەي بولمايتتى.

بىر كۈنى خەمىت ئىككىمىز بىر دوستىمىزنىڭ تويىغا ياردەملەشكىلى باردۇق. كەچتە قايتقاندا ھەر ئىككىمىز خېلىلا قىزىپ قالغانىدۇق.

— ماڭا ھېلىغىچە نەپرەتلىنەمسەن؟ — دېدى خەمىت يولدا كېلىۋېتىپ.

— نېمىشقا نەپرەتلىنىدىكەنمەن؟ — دېدىم مەن ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن قىياپەتتە. بىراق ئۇنىڭغا يەنىلا ئىچ-ئىچىدىن ئۆچلۈكۈم كېلەتتى.

— سەن ماڭا قانچىلىك نەپرەتلەنسەڭمۇ ھەقلىقسەن. مەن سېنىڭ ئالدىڭدا گۇناھكار. ئىشقىلىپ ھەممىمىز خام سۈت ئەمگەن بەندىلەر، كۆڭلۈڭدە قېپقالغان يەرلىرى بولسا چىقىرىۋەت.

— بولدى، بۇ گەپلەرنى ئىككىنچىلەپ قىلما، — دېدىم مەن ئۆزۈمنى تەستە بېسىپ، — كەچۈرۈم سوراشنىڭ ھاجىتى يوق. بىز يەنىلا بۇرۇنقىدەك دوست-بۇرادەر بولۇپ ئۆتۈۋېرىمىز.

شۇ كېچىسى زادىلا ئۇيقۇم كەلمىدى. بىر تۇرۇپ ئۆز ۋاقتىدا خەمىتنى بىلەن ئۇرۇشقانلىقىمغا پۇشايمانمۇ قىلدىم. چۈنكى ئۇنىڭمۇ ئۆز بەختىنى تاللاش ھوقۇقى بار ئەمەسمۇ؟ بىراق تۇرۇپلا يەنە ئۇنىڭغا ئۆچلۈكۈم تۇتۇپ كېتەتتى. ئۇ مەن قول ئۇزاتقان گۈلنى ئۈزۈپ كەتكەن بولغاندىكىن، ئەلۋەتتە مېنىڭ رەقىبىم بولىدۇ-دە، مەن ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر ئۆچمەنلىك قىلساممۇ ھەقلىق... خەير بۇلارمۇ ئۇنتۇلۇپ كېتەر، ئەمما شۇ مەرزىيەنى داغدا قويمىساڭلا بولدى. ئۇنىڭ كۆز يېشى قىلغىنىنى كۆرسەملا يەنە ئازابتىن قۇتۇلالمايمەن...

3

ئىككىنچى قىش كېلىش بىلەن زۇلپىيە ماڭا پاقلاندەك بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. مەن ئۇنىڭغا كامال دەپ ئىسىم قويدۇم. بۇنىڭ بىلەن روھىم تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈپ، چىرايىمدىن كۈلكە كەتمەيدىغان بولدى. بۇ چاغدا خەمىتلەرنىڭ ئوغلى غەيرەت بىر ياشقا كىرەي دەپ قالغانىدى. ئۇلار بىر-بىرى بىلەن بوي تالىشىپ بىللە چوڭ بولۇشقا باشلىدى.

ئارىدىن يەنە بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن كامال تام ياقىلاپ ماڭالايدىغان، تىلى چىقىپ «دادا، ئاپا» دېيەلەيدىغان بولۇپ قالدى.

كامال ئائىلىمىزگە ئالاھىدە خۇشاللىق ئېلىپ كەلگەنىدى. بىز ئاخشاملىرى ئۇنى بىر-بىرىمىزدىن تالىشىپ ئەركىلىتىمىز، بۇدرۇقىنى مەڭزىگە يېنىش-يېنىشلاپ سۆيۈپ كېتىمىز.

بەزىدە مەن كامالنى قولۇمغا ئېلىپ تۇرۇپ ئىختىيارسىز خىيالغا چۆمۈپ كېتىمەن. ئۇنىڭ بوۋاق ھىدى پۇراپ تۇرغان يۇمران ۋۇجۇدىغا قاراپ ئۆزۈمنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلغۇم كېلىدۇ. چۈنكى مەن ھازىر بىر بالىنىڭ دادىسىغا ئايلانغانىدىم. قىزلار ئۆزلىرىنى ئانا بولغانلىقى بىلەن بەختلىك ھېس قىلسا، ئوغۇللارمۇ ئۆزلىرىنى دادا بولغانلىقى بىلەن پەخىرلىك ھېس قىلىدىكەن.

بۈگۈنمۇ بىز كامالنى ئەركىلىتىپ ئۇنىڭ ۋىلىق-ۋىلىق كۈلكىسىگە زوقلىنىپ ئولتۇرماقتىمىز. ۋاقىت كەچ سائەت ئونبىر بولاي دەپ قالغانىدى. بىزنىڭ خۇش كۈلكىلىرىمىز قارشى ئۆيدىن چىققان چىنە-قاچىلارنىڭ جاراڭ-جۇرۇڭ قىلغان ئاۋازى بىلەن ئۈزۈلۈپ قالدى. خەمىت بىلەن مەرزىيە بىر نەرسىلەرنى دەپ ۋارقىرىشاتتى. ئارقىدىنلا خەمىتنىڭ تىللىغان ئاۋازى ۋە تارس قىلىپ تەگكەن تەستەك ئاۋازى، يەنە شۇنىڭغا قوشۇلۇپلا مەرزىيەنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

مەرزىيەنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەنلا ئورنۇمدا تۇرالماي قالدىم.

— بۇلار نېمىگە سوقۇشۇپ قالغاندۇ؟ — دېدى زۇلپىيە ئىشىك تەرەپكە ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ.

— كىم بىلىدۇ، بۇ خەقنى، — دېدىم مەن تېرىككەن ھالدا.

بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار جىمىپ قېلىشتى.

شۇ كۈندىن كېيىن، پات-پاتلا ئۇلارنىڭ گەپ تالىشىپ ۋارقىراشقىنى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بولدى. مانا بۈگۈنمۇ تۈن نىسپىدىن ئاشقاندا بىز ئۇلارنىڭ ۋارقىرىشىدىن ئويغىنىپ كەتتۇق.

— بۇ ئىككىسىگە نېمە بالا تەگكەندۇ؟ تولا سوقۇشىدىغان بولۇپ كەتتى، — دېدى ئايالىم ئارامسىزلىنىپ.

ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئۆينىڭ ئىشىكى يېقىن بولغاچقا ئۇلارنىڭ قاتتىقراق قىلىشقان سۆزلىرى بىزگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— سەن نېمانداق ئاغزىڭغا كەلگەننى جۆيلۈيسەن، ھېلى بىكار كانىيىڭغا دەسسەيمەن!

خەمىتنىڭ ئاۋازىدىن ئۇنىڭ مەست ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

— مەن سۆزلىسەم يالغان سۆزلىدىممۇ، كېچە-كېچىلەپ ئۆيگە كىرمەيسىز، نەلەردە يۈرۈپ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقىنىڭىزنى مېنى بىلمەيدۇ دەمسىز؟

تارس قىلىپ تەگكەن تەستەك بىلەن مەرزىيەنىڭ ئۈنى ئۆچتى. بىر پەستىن كېيىن مەرزىيەنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلىگىنى ئاڭلاندى:

— ئۇرۇڭ! مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىڭ. مەنمۇ بۇ جاندىن تويدۇم. مېنى دېمەسىڭىزمۇ بالىڭىزنى ئويلاپ قويسىڭىز بولمامدۇ. بۈگۈنمۇ كېلىشىڭىز مانا ئەمدى سىزگە ئۆي كېرەك ئەمەسمۇ؟

— تولا كاركىرىماي ئۈنىڭنى باس دەيمەن! قوشنىلار ئاڭلاپ قالىدۇ.

كېيىنكى سۆزلەر ئېنىق ئاڭلانمىدى. بىر پەستىن كېيىن يەنە چىنە-قاچىلارنىڭ جاراڭ-جۇرۇڭ قىلغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئارقىدىنلا يەنە تەستەك ئاۋازى ۋە بىرىنىڭ گۈپ قىلىپ يىقىلغىنى ئاڭلاندى. مەرزىيە ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى.

خەمىت ھەدەپ ئۈنىڭغا سۆزلىمەكتە ئىدى:

— سەن نېمىشقا ماڭا ئىشەنمەيسەن؟ بەزىدە ئاغىنىلەر بىلەن ئولتۇرۇپ قالىدىغان گەپ، بەزىدە خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن كەچ قايتىپ قالىدىغان گەپ. سەن باشقىلارنىڭ ئۆسەك گەپلىرىگە ئىشەنمىگىن، ئۇقتۇڭمۇ؟...

مەرزىيەنىڭ ئىچىگە دەرد توشۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ھېچكىمگە بىر ئېغىز تىنمايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ سولغۇن يۈزىدىن ئۇز تۇرمۇشىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمەيۋاتقانلىقى، خەمىتتىن ئۆزى كۈتكەندەك قىزغىن مۇھەببەتكە ئېرىشەلمەيۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. خەمىت ھازىر ئۇلىڭغا بۇرۇنقىدەك قىزغىن مۇئامىلە قىلمايدىغان، بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە يولۇقۇپ قالسىلا قايتىپ كېلىپ ئۆچىنى مەرزىيەدىن ئالىدىغان، بەزىدە ئۆيگە كەلمەيدىغان بولۇۋالغانىدى...

4

مەن ئۇزۇندىن بىرى بىر ھېكايە ئۈستىدە ئويلىنىپ يۈرەتتىم. ئاخىرى ئىككى كۈن شەرىپ قىلىپ ھېكايىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى پۈتتۈرۈپ دۇم. ئاندىن

ھېكايىنى قايتا تۈزەش جەريانىدا پايدىسى بولسۇن ئۈچۈن ماتېرىياللىرىم ئارىسىغا تىقىپ قويغان كۈندىلىك خاتىرىلىرىمنى ئېلىپ كۆرۈپ چىقتىم.

بۈگۈن ئۆيگە سەل كېچىرەك قايتىپ كەلدىم. ئىشىكتىن كىرىپلا كامالنى قولۇمغا ئالدىم ۋە ئۇنىڭ يۇمىلاقىنا مەڭزىگە چوكۇلدىتىپ سۆيدۇم، ئاندىن ئۇنى باش ئۈستۈمگە ئېلىپ تۆگە ـ تۆگىلەك قىلدىم...

زۇلپىيە بىزگە قاراپمۇ قويماي كارىۋاتنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئالقىنىنى ئېڭىكىگە تىرەپ دومسىيىپ ئولتۇراتتى.

مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ، ئۇنىڭ نېمىگىدۇر خاپا بولۇپ قالغىنىنى جەزم قىلدىم.

— ئاپاڭنىڭ بىزگە ئاچچىقى كېلىپ قاپتۇ بالام، — دېدىم كامالنى بويۇنۇمدىن چۈشۈرۈپ، — ئاپاڭنى ھاببا قىلىپ قوي، مېنى ھاببا قىلمىدى دەۋاتىدۇ.

كامالغىمۇ ئاز-تولا ئەس كىرىپ قالغاچقا، مېنىڭ دېگىنىمنى قىلىپ ئاپىسىنى ھاببا قىلىپ سۆيدى.

زۇلپىيە بىردىنلا كامالنى قولۇمدىن يۇلۇپ ئېلىۋالدى ـ دە، باغرىغا چىڭ باستى. مەن زادى نېمە ئىش بولغىنىنى ئاڭقىرالماي، ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ تۇراتتى.

— نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ.

— ھەممە قىلغۇلۇقنى قىلىۋېلىپ، يەنە مۇشۇكتەك كۆزۈمنى يۇمۇۋالاي دەۋاتامسىز؟ نەچچە ۋاقىتتىنىڭ ياقى مەرزىيەگە نېمانچە ئىچ كۆيەرلىك قىلىپ يۈرىدىكىن دېسەم، ئەسلىدە ...

— نېمە دەيسەنۇي؟ — مەن ئىختىيارسىز ھالدا ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ كەتتىم.

— سىز مېنىڭ يوشۇرغىنىڭىز بىلەن ھەممىنى بىلىپ بولدۇم. شۇنچە يىلدىن بېرى سىز مېنى ئاغزىمغا ئېمىزگە سېلىپ كىچىك بالىنى ئالدىغاندەك ئالداپ كەپسىز ...

— نېمىلەرنى دەۋاتىسەنكىنتاڭ؟ بىر گېپىڭنىمۇ چۈشىنەلمىدىم.

— سىز ئىلگىرى مەرزىيە بىلەن يۈرۈپتىكەنسىزغۇ؟

زۇلپىيەنىڭ شۇنچە يىللاردىن بېرى ماڭا سۆيگۈ، مېھىر بىلەن تىكىلىدىغان كۆزلىرى تۈنجى قېتىم قەبىھ بىر جىنايەتچىگە قاراۋاتقاندەك چەكسىز غەزەپ بىلەن نەيزىدەك قادىلىپ تۇراتتى.

— سىزگە بۇنى كىم دېدى؟

— بىرىدىن ئاڭلىدىم.

— كىم ئۇ زادى؟

— بۇنى سوراپ نېمە قىلىسىز؟ ئىشقىلىپ سىز ماڭا ئېيتمىغان بىلەن مەن ھەممىنى بىلىپ بولدۇم.

مەن ئۇنىڭدىن كۆزلىرىمنى ئەپقاچتىم. ئۇنىڭغا ياق دەپ تېنىۋالاي دېگەن بىلەنمۇ كۆزلىرىم بۇنى چاندۇرۇپ قويۇۋاتاتتى.

— ھە، يامان يېرىڭىزنى تۇتۇۋالدىممۇ؟ بۇنى كىمنىڭ دېگەنلىكىنىمۇ ئېيتىش

ھاجەتسىز. سىزنىڭ مۇنۇ ئېمگىزلا بۇلىڭغا ئىسپات بولالايدۇ.
ئۇ مەن دەسلەپكى نۇسخىسىنى يېزىپ قويغان ھېلىقى ھېكايىنى ئالدىمغا ئەكىلىپ
تاشلىدى:
—ئۆزىڭىز يازغان مۇنۇ قۇرلارنى ئوقۇپ بېقىڭا، مېنى ياخشى كۆرىمەن دېپ
يۈرگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى يالغان. مەن سىزگە ئەمدى ئىشەنمەيمەن... سىز ماڭا
ئېمىشقا بۇرۇنلا راستىنى ئېيتمايسىز؟ ئۆزىڭىزنى بۇنداق قىيناپ يۈرگىچە بۇرۇنلا مېنى
ياخشى كۆرمەيمەن دېسىڭىز بولمامدۇ.
زۇلپىيە ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋېلىپ، ئېسەدەپ يىغلىغىلى تۇردى.
مەن ھېكايىنى قولۇمغا ئالدىم:
— بۇ ھېكايىدا ئېمە گەپ بارىكەن؟
— ھېچگەپ يوقمىش تېخى! مانا مۇنۇنى ئوقۇپ بېقىڭچۇ:
«سانىيە سېنىڭ كۆزلىرىڭنى ئېمىگە ئوخشاتسام بولار؟...» يەنە ماۋۇ قۇرلارغا قا-
راڭ: «سىزنىڭ شۇ بىر قاراپ قويۇشىڭىزلا يۈرىكىمگە مەڭگۇ ئۆچمەيدىغان ئوت يېقىۋەت-
تى». مانا بۇلار ئۆز قولىڭىزدا يازغانلىرىڭىز.مېنى ھېچنېمە ئۇقمايدىغان گومۇش دەمسىز؟
مەن ئالدىبۇرۇنلا بۇ ئىشلارنى پەرەز قىلىپ بولغان.
مەن ئۇنىڭ ئەلپازىغا قاراپ ئىختىيارسىز قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتىم. ئۇ كۈلكەمنى ئاڭ-
لاپ تېخىمۇ تېرىككىلى تۇردى ۋە دەرھال ئەديالنى ئېلىپ كامالنى يۆگەشكە باشلىدى
مەن كۈلكىدىن ئۆزۈمنى ئاران توختىتىپ دېدىم:
—ساراڭ بولدۇڭمۇ ئېمە؟ شۇ گەپمىدى؟ بۇ دېگەن ھېكايە تۇرسا!
—ھېكايە...ھېكايە دېگەننى مەنمۇ ئوقۇغان، ھېكايە دېگەندىمۇ بېشىدىن ئۆتكەن
ئىشلارنى يازىدۇ.
—ھېكايىدا يەنە توقۇلمىمۇ بولىدۇ، شۇنىمۇ بىلمەمسەن؟
—بىلمەيمەن. مەن ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان دۆت، كالۋا، قاپاقباش!
ئۇ كامالنى كۆتۈرۈپ ماڭماقچى بولۇۋىدى، ئۇنىڭ ئالدىنى توستۇم.
—مەن دېگەن ساراڭ تۇرسام، بۇ ئۆيدە تۇرۇپ ئېمە قىلىمەن.
مەن ئۇنى سۆرەپ دېگۈدەك كارىۋاتقا ئەكىلىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدۇم. ئۇ يەنە ئۆك-
سۈپ يىغلىغىلى تۇردى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ تۇرۇپ كۈلگۈم كەلسە، تۇرۇپ ئاچ-
چىقىم كېلەتتى. ئۈچ يىلدەك بىرگە بولۇپمۇ مېنى چۈشەنمىگەن تۇرسا، بۇندىن كېيىن-
كى تۇرمۇشنى ئۆتكۈزمەك تەسكە توختايدىغان ئوخشايدۇ، دېگەن ئوي كاللامدىن كەچتى.
لېكىن ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل، ساددىلىقى چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ يەنە بۇ ئويۇمدىن ياندىم.
—ھەي زۇلپىيە، ھېكايە دېگەننى ئۆزۈڭمۇ چۈشىنىسەن. ئۇنىڭ بەزى يەرلىرىنى
شۇنداق يازمىسا بولمايدۇ. بۇنى توغرا چۈشەنسەڭ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەنمۇ ئۇنداق
ئالا كۆڭۈللەردىن ئەمەسقۇ؟
—بۇنىڭغۇ شۇنداق دەيلى، — دېدى ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، — ئاۋۇ قارا تاش-
لىق خاتىرىڭىزدىكى شېئىرىڭىزنى كىمگە ئاتاپ يازغان؟

www.uyghurkitap.com

—قايسى شېئىرنى دەيسەن؟

ئۇ كىتابلار ئارىسىدىن قارا تاشلىق كۈندىلىك خاتىرەمنى ئېلىپ كەلدى ۋە ۋاراقلاپ بىر يەرنى ئاچتى.

—مانا كۆرۈپ بېقىڭ، ئەمدىغۇ تانالمايدىغانسىز؟

مەن خاتىرىگە كۆز يۈگۈرتتۈم:

بىلگەن بولسام مۇنچە ئازابىنى،
سۆيمىگەنمۇ بولاتتىم سېنى.

.......

شېئىرنىڭ ئاستىدا يەنە مۇنۇ قۇرلارمۇ بار ئىدى: «ئاھ مەرزىيە، مەن سېنى ئۇنتۇش ئۈچۈن قانچىلىك كۈچ سەرپ قىلىۋاتىمەن، بۇنى بىلەمسەن؟...»

—ئەمدىچۇ، يەنە تىنىۋالامسىز؟ ھېكايىڭىزدىكى سانىيەمۇ يەنىلا مۇشۇ خاتىرىڭىزدىكى بىلەن ئوخشاش، سىز ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ قويساملا باشقىلار بىلمەيدۇ دەۋاتامسىز؟ ئىش قىلىپ بۇلارنىڭ ھەممىسى راست. سىز نېمىشقا مەندىن ھېلىغىچە سىر ساقلايسىز؟

مەن ئەمدى ئۇنىڭغا يالغان سۆزلەپ ئولتۇرۇشقا ئامالسىز قالدىم. ئۇنى شۇنچە يىللاردىن بېرى ئالداپ كەلگىنىمگە، ئۇنىڭدىن يوشۇرۇنچە يەنە بىرىگە كۆڭۈل بېرىپ يۈرگىنىمگە خىجىل بولدۇم.

—بوپتۇ، مەن ساڭا راستىنى سۆزلەپ بېرەي،— دېدىم ئاخىرى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — ئەسلى بۇ گەپلەرنى ساڭا مەڭگۈ ئېيتماسمەن دەپ ئويلىغانىدىم. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە سەن بۇنى بىلىپ بوپسەن. ئەمدى سەندىن يوشۇرغىدەك يېرى قالمىدى. مەن بىر بۇرام تاماكا ئوراپ تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن، مەرزىيە بىلەن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك زۇلپىيەگە سۆزلەپ بەردىم.

زۇلپىيە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، بارغانچە بېشى ساڭگىلاپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋېتەتتى.

—ھەر قېتىم مەرزىيە تاياق يېگەندە ئورنىڭىزدا تۇرالماي قېلىشىڭىز بىكار ئەمەسكەن - دە؟ — دېدى ئۇ خېلىدىن كېيىن يېتىم باللاردەك ماڭا مەيۈسلۈك بىلەن قاراپ.

—ياق ئۇنداق ئەمەس، ئۇ ئالىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار. ياشلىق دېگەندە نېمە ئىشلار بولمايدۇ دەيسەن؟ لېكىن بىرەرسىنىڭ بوزەك بولغىنىنى كۆرسەم چىداپ تۇرالمايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاياللارنى ئۇرۇپ خورلاشمۇ ياخشى ئىش ئەمەس.

زۇلپىيە نېمىلەرنىدۇر خىيال قىلغىنىچە يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. مەن كامالىنى ئاستا قولۇمغا ئېلىۋالدىم ۋە يەنە سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم:

—بۇرۇن مەرزىيەنىڭ كەينىدىن قوغلاشقىنىم راست، لېكىن ئۇ ماڭا نېمە قىلىپ بەردى؟ ھازىر ساڭا بولغان مېھرىم ئاللىبۇرۇن ئۇنىڭدىن ھالقىپ كەتتى. مەيلى سەن ئىشەن ياكى ئىشەنمە، مەن يەنىلا سېنى ياخشى كۆرىمەن. سېنى بىر مەرزىيە ئەمەس، مىڭ مەرزىيەگىمۇ تەڭ قىلمايمەن.

مېنىڭ بۇ سۆزلىرىم ئۇنى بىرئاز يۇمشىتىپ قويدى.

ـــ سىز بىردەم سانىيە، بىردەم مەرزىيە دەپ باشقا قىزلارنىڭ نامىدا بىر نەرسىلەرنى يېزىۋەرسىڭىز...

ـــ ئۇنداق بولسا يېزىشنى تاشلايمۇ؟

ـــ ئۇنداق دېگىنىم ئەمەس، بىراق ... ـــ ئۇ نېمىشقىدۇر گېپىنىڭ بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك جىم بولۇپ قالدى.

ـــ ھە يەنە نېمە گەپتى؟ دەۋەرسەڭچۇ.

ـــ بىراق سىز باشقىلارغا ئاتاپ شۇنچە نەرسىلەرنى يازىسىزۇ، سىزگە كۆندە قولىڭىزغا قول، پۇتىڭىزغا پۇت بولۇپ يۈرگەن مەندەك ئەخمەققە كۆڭلىڭىزدىكى بىرەر ئېغىز گېپىڭىزنىمۇ قىلىپ باقمايسىز.. كامالمۇ بىر يېرىم ياشقا كىرىپ قالدى.مېنى تاماق ئېتىپ، بالا بېقىپ بەرسىلا بولدى دەپ ئويلايدىغان ئوخشايسىز. مېنىڭمۇ سىزنىڭ بىرەر ئېغىز ياخشى گېپىڭىزگە خۇشتار ئىكەنلىكىمنى ئويلاپمۇ قويمايسىز.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يەنە تاراملاپ ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

ئۇنىڭ دېگەنلىرى تولىمۇ ئورۇنلۇق ئىدى. دېمىسىمۇ مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ مۇشۇ كەمگىچە ئۇنىڭغا تۈزۈككىنە ئېچىلىپ، ھېسسىياتلىق سۆزلەر بىلەن قەلبىمنى ئىزھارلاپ باقماپتىمەن... ئۇ ماڭا بارلىقىنى ئاتىدى. مەن ھاياتتىن بىزار بولغاندا ئۇ ماڭا ھەمسۆھبەت بولدى، مەن ئازاب چېكىپ يۈرگەنلەردە ئۇ مېنىڭ كۆڭۈل جاراھەتلىرىمگە مەلھەم بولدى. ماڭا ئۈمىد ۋە ياشاش زوقىنى بەخش ئەتتى. لېكىن مەن ئۇنىڭغا نېمە ئاتا قىلالىدىم؟ ئۇنى روھىي مەدەتكارىم ئەمەس، پەقەت ماددىي ئېھتىياجىمنى قاندۇرىدىغان ئەرمەك ئورنىدا كۆرۈپ كەلدىم. بەك خۇشۇم تۇتۇپ كەتكەنلەردە، ئۇنى تىلىمنىڭ ئۇچىدىلا «ياخشى كۆرىمەن» دەپ قويىدۇم. ئەمما ئۇنىڭغا كۆڭلۈمدىكى چىن سۆزلىرىمنى دەپ باقمىدىم.

مەن يەنە ئۇنىڭ بىر چاغلاردا ماڭا «سىزگە بىرەر چىۋىن قونسىمۇ كۆندەشلىكىم تۇتىدۇ» دېگىنىنى ئەسلەپ قالدىم. راست، ياخشى كۆرۈش قانچىكى كۈچلۈك بولسا، كۆندەشلىكمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. بۇگۈن ئۇنىڭ ماڭا گەپ يوشۇرماي كۆڭلىدىكى بارىنى تۆكۈشىمۇ مېنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەسمۇ...

ئاھ، زۇلپىيە سەن ماڭا بارلىقىڭنى قۇربان بېرىش بەدىلىگە مەيدىن شۇنچىلىكلا بىر گەپنى كۈتىسەن، لېكىن مەرزىيەچۇ؟ مەن ئۇنىڭغا ئاتاپ نەچچە رومان يازساممۇ ماڭا قايرىلىپ قارارغا كۆزى يوق. ئۇمۇ شۇ بىر ئالىقاپنىڭ ئايىغىدا دەسسىلىپ ياشاشقا رازى. ھەي، ئايالىلار، سىلەرنى قانداق چۈشەنسە بولار؟ سىلەرنى پىر تۇرۇپ دۇنيادا ئۆتتۈپ كەتكەن ئەخمەق دېگۈم كېلىدۇ. بىراق يەنە ئوبدان ئويلاپ باقسام، سىلەردە كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان بۈيۈكلۈكمۇ بار ئىكەن...

شۇلارنى ئويلاۋېتىپ بىردىنلا كۆڭلۈم بۇزۇلۇشقا باشلىدى. كىرپىكلىرىممۇ نەملەشكەندەك بولدى.

مەن زۇلپىيەنى ئۆزۈمگە تارتىپ باغرىمغا باستىم. ئۇنىڭ يۇمشاق چاچلىرىنى ئاستا سىيلىدىم. شۇ تاپتا ئۇ مەندىن كۆڭۈل سۆزلىرىمنى كۈتۈۋاتاتتى. لېكىن مەن دەماللىققا

ئېيتمىدەپ چۈشەندۈرۈشنى بىلمەيتتىم.

— راست مەن ساڭا شۇچاققىچە تۈزۈككىنە كۆڭۈل ئىزھار قىلىپ باقماپتىمەن. مەنمۇ ئەلگىرى بىر - بىردنى ياخشى كۆرگەنلەر خۇددى كىنولاردىكىدەك، ھەر كۈنى دېگۈدەك مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، دېيىشى كېرەك دەپ ئويلايتتىم. كېيىنچە بۇنىڭ پەقەت كىنولارغىلا خاس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتىم. ئۇنداق سۆزلەرنى كۆپ تەكرارلاۋەرگەندە ئارىدىكى مۇھەببەتنى سۇسلاشتۇرۇۋېتەمدىكىن دەپ ئويلايمەن. شۇڭا ساڭا مۇشۇ چاققىچە تۈزۈك كۆڭۈل چۈشەندۈرۈپ باقمىدىم. بەلكىم بۇ ئويۇم خاتادۇر، لېكىن سەن ماڭا ئىشەن... مەن ساڭا ئۇ گەپلەرنى دېمىگەن بىلەن، قىلىۋاتقان مۇشۇ ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسى سىلەر ئۈچۈنغۇ... بىز ۋەدە بەرمەيمۇ، كۆڭۈل ئىزھار قىلىشمايمۇ بىر - بىرىمىزگە ئىشىنىپ، بىر - بىرىمىزنى ھۆرمەتلەپ ياشاۋاتىمىزغۇ...

زۇلپىيە ئەمدىلىكتە خېلىلا ئېچىلىپ قالغانىدى. ئۇ ھېكايە ئورىگىنالى ۋە خاتىرىنى ئىش ئۈستىلىگە ئاپىرىپ تىزىپ قويدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن سۆزلىرىمگە قانائەت ھاسىل قىلغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

5

مەرزىيەنىڭ ئوقۇشقا كېتىشى خەمىت ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بەردى. ئۇ پات - پاتلا «نازىنىن» لارنى باشلاپ كېلىدىغان بولدى... ھەر قېتىم خەمىت شۇنداقلارنى باشلاپ كەلگەندە، مېنىڭ مەرزىيەگە ئىچىم ئاغرىيتتى. مەنلا ئەمەس، ئايالىممۇ ئېشىت بىچارە مەرزىيە، كىچىك چېغىدا ئاناڭنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىگەن بولغىيتتىڭمىكىن؟ دەپ ئۇھ تارتىپ قوياتتى.

مانا مەرزىيەمۇ ئوقۇشنى تاماملاپ قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭغا خەمىتنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنى كىملەردۇر يەتكۈزۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خەمىت ئىككىسىنىڭ بىر مەزگىل تىنچىپ قالغان ماجىراسى يەنە باشلاندى. ئۇلار بىر قېتىم شۇنداق قاتتىق ئۇرۇشۇپ كەتتىكى، ھەتتا ئاجرىشىش توغرىلىق سوتقا بېرىشتى. لېكىن سوتقا بارغاندىن كېيىن يەنە مەرزىيە بىرىنچى بولۇپ كېيىدىن يېنىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن خەمىت تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىۋالدى. ئۇ ھە دېسىلا مەست كېلىپ مەرزىيەنى ئۇرىدىغان، ئۇنىڭ كۆزىچىلا باشقا ئاياللارنى يېتىلەپ يۈرىيدىغان بولۇۋالدى. مەرزىيە بىرەر كىمگە ھال ئېيتسىغان بىلەن ئىچىگە تىنىپ تۇگىشىپ كېتىپ باراتتى. تولا يىغلىغانلىقتىنمۇ چىرايى دائىم ھارغىن، بوزىراڭغۇ كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق بىچارە تۇرقىنى كۆرگەن چاغلىرىمدا مېنىڭمۇ كۆڭلۈم غەش بولۇپ، ئۇزۇنغىچە چىرايىم ئېچىلماي يۈرەتتىم. بۇنداق چاغلاردا ئايالىم مېنىڭ چىرايىمغا قاراپ ئاللىنېمىلەرنىدۇر سەزگەندەك يەنە تەشۋىشكە چۈشەتتى.

بۈگۈن مەن دەريا ئانىغا سالام بەردىم ۋە ئۇزۇندىن بېرى ئۇنى كۆرەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆزرە ئېيتتىم.

— كەل ئارمان بالام، — دېدى ئۇ مېنى كۆرۈش بىلەنلا خۇش بولۇپ، — بىردەم
بولسىمۇ يېنىمدا ئولتۇر. بىر چاغلاردا ئاجايىپ ھېسسىياتچان يىگىت ئىدىڭ. مانا
ئەمدى تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە خېلىلا توختاشلىق ئەر بولۇپ قاپسەن. بوپتۇ بالام،
بوپتۇ، بالىغا، ئۆيگە ئەرمەك بولۇپ ئۆتسەڭمۇ ھايات خېلى قىزىق تۇيۇلىدۇ. بوپتۇ،
مېنى يوقلالمىدىم دەپ كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما. بىر ئۆينىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقار-
ماق ئاسان ئەمەس. ئۆي دېگەننىڭ توققۇز ئەمەس، توقسەن توققۇز تولۇقى بار...

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپلا يەنە بالىلىق چاغلىرىمغا قايتقاندەك بولدۇم. دەريا
ئانا ماڭا ئۇزاق تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن يەنە سۆز باشلىدى:

— بىر بالىنىڭ ئاتىسى بولۇپ قالغىنىڭ بىلەنمۇ، بەربىر بالىلىقىڭ باردە سېنىڭ.
بۇ يىل يىگىرمە بەشكە كىردىڭ. لېكىن تېخىچىلا ھاياتنى چۈشەنمەي تەمتىلەپ يۈ-
رىسەن. ئاق كۆڭۈل ئايالىڭ، ئوماققىنە بالاڭ، ئىسسىق ئۆيۈڭ بار تۇرۇقلۇق يەنە كېچە-
كېچىلەپ ئۇھ تارتىپ چىقىسەن. مەنمۇ ھەيران، يۈرىكىڭ تاشتىن يارالغانمۇ سېنىڭ؟

كۆز ئالدىمغا بىردىنلا مەرزىيەنىڭ خەتتىنىڭ ئاياغلىرىغا چىرمىشىپ يالۋۇرۇۋاتقان
قىياپىتى كەلدى.

— ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن دەريا ئانا، خەتت ئۇنى شۇنچىلىك خورلايدۇ. شۇنداق تۇرۇق-
لۇق ئۇ نېمە ئۈچۈن خەتتكە شۇنچە ئەقىدە قىلىدۇ؟

— بايىلا شۇ گەپلەرنى دەيدىغانلىقىڭنى بىلىپ تۇراتتىم، بالام. شۇنى ئۇنۇتساڭلا،
ئىككىنچىلەپ ئۇھ تارتمايدىغان بولاتتىڭ... بوپتۇ، ساڭا مەرزىيەنىڭ كۈندىلىك خا-
تىرىسىنى ئوقۇپ بېرەي:

«... بۈگۈن سېنىڭ بىر ئايالنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرگىنىڭنى كۆرۈپ قالدىم. شۇن-
چىلىك ئاچچىقىم كەلدىكى، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم جالاقلاپ تىترەپ كەتتى... مەن سىلەرنىڭ
ئارقاڭلاردىن ئوغرىلاردەك تىمىسقىلاپ كېتىۋېتىپ، ئۆزۈمنىڭ مۇشۇنچىلىك ھالغا چۈشۈپ
قالغانلىقىم ئۈچۈن قاتتىق ئازابلاندىم. قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغاچقا سىلەر مېنى كۆرەل-
مەيتتىڭلار... ئۇ ئايال سېنى بىر ئۆيگە باشلاپ كىرىپ كەتتى. سىلەر ئۆيگە كىرىپلا
چىراغنى ياقتىڭلار... مەن شۇ تاپىنىڭ ئۆزىدىلا ئۆيگە بېسىپ كىرىپ ھېلىقى ئالۋاستى
خوتۇننىڭ كارنىيىدىن ئالماقچى بولدۇم. لېكىن پۇتلىرىم قاقشال قوزۇقتەك قىمىر
قىلماي تۇراتتى. كۆزلىرىمدىن ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا تارام - تارام ياش قۇيۇلماق-
تا ئىدى... بىر چاغدا ھېلىقى ئايالنىڭ قاقاقلاپ كۈلگىنى ۋە سېنىڭ بىر نەرسىلەرنى
دېگەنلىكىڭ قۇلىقىمغا كىردى. بىلمەيمەن بۇ چاغدا سىلەر چوقۇم... مەن غەزەپ
بىلەن ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېتىۋەتتىم. ئىشىك تاقا قۇلۇپلۇق ئىدى. ئىشىك-
نىڭ تىرىقلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ سىلەر جىمجىت بولۇپ قالدىڭلار. مەن بەسبىلەشكەن
ھالدا ئىشىكنى گۈمۈلدىتىپ ئۇرغىلى تۇردۇم. بىر چاغدا ھېلىقى ئايال ئىشىكنى ئاچ-
تى. ئىشىك ئېچىلىشى بىلەنلا مەن ئۆيگە ئېتىلىپ كىردىم. ئالدىمدا سەن ئۆرە
تۇراتتىڭ، سەن مېنى كۆرۈش بىلەنلا قاتتىق چۆچۈپ كەتتىڭ، چىرايىڭمۇ
ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

«ئىسلاس!» مەن شۇ چاغدا بۇ سۆزنىڭ قانداق ئاغزىمدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆز-زۈممۇ بىلمەيمەن. ئاڭغىچە سەن تالاغا چىقىپ بولدۇڭ. مېنىڭ كۆزلىرىم ئىشىك تۈۋىدە قورقىنىدىن كۆزلىرىنى چۆچەكتەك يوغان ئېچىپ تۇرۇپ قالغان ئايالغا مىختەك قادالدى. بىراق لەۋلىرىم تىترەپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدىم...

شۇ كېچىنى بىز تاڭ ئاتقۇچە ئۇرۇشۇپ چىقتۇق.

كاشكى سەن شۇنىڭ بىلەنلا ئۆزۈڭنى تۇتۇۋالغان، مەندىن كەچۈرۈم سوراپ گۇنا-ھىڭنى تونۇغان بولساڭ، مەن سېنى كەچۈرۈۋەتكەن بولاتتىم. بىراق مېنىڭ ئاھۇ-زار-لىرىم ساڭا ئازراقمۇ تەسىر قىلمىدى. سەن نەپسانىيەتچىلىكتە، بىردەملىك كۆڭۈل خۇش-لۇقىغىلا بېرىلىپ كەتتىڭ. ۋىجدان، ئەقىدە دېگەنلەرنى ئۇنتۇدۇڭ... ئىلگىرى خۇراپات-لىقنى ياقتۇرمايتتىم. بىراق ئادەم قارانچۇقسىز قالغاندا بىرەر روھىي ئارامگاھقا موھ-تاج بولىدىكەن. خۇداغا سېغىنىپ «خەمىتكە ئىنساپ بەرگەيسەن» دەپ، زار-زار يىغ-لىغان ۋاقىتلىرىممۇ بولدى... ياستۇقىمۇ تالاي ياشلىرىم سىڭىپ كەتتى. مەن سېنىڭ مېنى تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق بىلەن سۆيۈشىڭنى تىلەيتتىم. بىراق سەن ماڭا مەن كۈتكەنچىلىك مۇھەببەت بېرەلمىدىڭ. بىر ئايالنىڭ ئۆز يولدىشىدىن كۈتىدىغىنى نېمە؟ سەن ھەتتا شۇنىمۇ بىلمەس بولۇۋالدىڭ... مەن ساڭا نەپرەتلىنىمەن، خەمىت!...»

دەريا ئانا مەرزىيەنىڭ خاتىرىسىنى شۇ يەرگىچە ئوقۇپلا جىمىپ قالدى. بەلكىم ئۇنىڭمۇ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ يىغىسى تۇتقاندۇ.

مەن دەريا ئانا بىلەن خوشلىشىپ مەكتەپ ئىچىگە كىردىم. ئەمدىلا بىنا ئالدىغا كېلى-



شىمگە ئالدىمدىن ئىككى ساقچى قولىغا كويزا سېلىنغان خەمىتنى ئېلىپ چىقىپ كەلدى. ئۇلار خەمىتنى ساقچى ماشىنىسىغا ئىتتىرىپ چىقاردى-دە، ۋىگىلدىتىپ سىگنال بەر-گىنىچە يۈرۈپ كەتتى. بىردەمدىلا بۇ يەرگە بىر مۇنچە ئادەملەر يىغىلىپ كەتتى. مەن نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىشكە ئالدىراپ ئۆيگە چىقتىم. خەمىتلەرنىڭ ئۆيىگە ئادەم تولۇپ كەتكەنىدى. مەنمۇ باشقىلارنى مۈرىدەپ يۈرۈپ ئالدىغا ئۆتتۇم. مەرزىيە كار-ۋاتتا داراس تارتىپ ياتاتتى. ئاغزىدىن بولسا ئاپئاق كۆپۈكلەر ئۆرلەۋاتاتتى.

بىر نەچچە ئايال ئۇنىڭ ئاغزىدىكى كۆپۈكلەرنى ئېرتىپ، مۇزدەك سۇغا چىلانغان لۆڭگىنى مەرزىيەنىڭ پېشانىسىگە قويۇۋاتاتتى. بىر چاغدا مەرزىيە ئاستا كۆزىنى ئاچتى...

## بەشىنچى باب

### 1

... خەمىت ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بىر قىزغا باسقۇنچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن يەتتە يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. مەرزىيە بۇنىڭلىق بىلەن تېخىمۇ ياداپ كەتتى. ئۇ ھازىر كۈلكىنىمۇ، يىغىنىمۇ خالىماس بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ قەلبى گويا مۇھەببەت، نەپرەت دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ مەنىسىز بىر بوشلۇققا ئايلىنىپ قالغاندەكلا ئىدى. ئۇ باشقىلار بىلەنمۇ ئارىلىشىپ كەتمەيتتى. ئىشخانىغا كىرسىمۇ ھېچكىمگە گەپ قىلماي ئۆز ئىشىنىلا قىلاتتى. ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن يەسلىگە بېرىپ غەيرەتنى ئېلىپ كېلەتتى - دە، ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى تاقىۋېلىپ سىرتقا زادىلا چىقمايتتى. توختىماي رەسىم سىزىشىمۇ ئۆزىنى بۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش، كۆڭۈلسىز خىياللاردىن بىر پەس بولسىمۇ خالىي قىلىش ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىڭ كېچىلىرى تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقماي، ئۇھ تارتىپ چىقىدىغانلىقلىرىنى پەقەت مەنلا بىلەتتىم. چۈنكى دەريا ئانا ئۇنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى مەندىن بۆلەك بىرىگىمۇ تىنمايتتى. ئۇنىڭ چەكسىز ئازابلىنىپ، ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ يۈرگەنلىكىنى بىلگەن چېغىمدا مەنمۇ كېچىچە كىرپىك قاقماي زەرداپ يۇتۇپ چىقاتتىم...

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن دەرسىمنى تۈگىتىپ ئوقۇش بىناسىدىن چىقىشىم بىلەنلا، يولدا بالىسىنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان مەرزىيەگە ئۇچراپ قالدىم. بىز پاراڭلاشقاچ بىللە قايتتۇق. مەن قولۇمنى سۇنۇپ غەيرەتنى بىكېلىك دېۋىدىم، ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ پۇتۇمنى قۇچاقلىۋالدى. ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئامراقلىقىم كېلىپ كۆتۈرۈۋالدىم ۋە بۇدرۇق مەڭزىگە سۆيۈپ قويدۇم.

— ھېچكىمدىن ھېيىقمايدۇ بۇ، — دېدى مەرزىيەمۇ مەستلىكى كەلگەن ھالدا. دەل شۇ چاغدا يان تەرەپتىن زۇلپىيە كامالنى كۆتۈرگىنىچە چىقىپ قالدى. بىزنى كۆرۈپ ئۇنىڭ چىرايى ئۆكۈپ كەتتى. مەرزىيەمۇ ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ، بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئايالىم مېنى قىرىنچە - يېنىچە چاققىلى تۇردى. مەن دەسلەپتە ئۇنىڭ گەپلىرىنى چاقچاققا ئايلاندۇرۇۋەتتىم. لېكىن ئۇنىڭ بىر دېگەن سۆزىنى تەگەۋېرىشى ئاخىرى چىشىمنى قېرىشتۇرۇپ قويدى.

— مەرزىيە بىلەن خىزمەتداش بولغاندىن كېيىن پاراڭلاشسام نېمە بولغۇدەك؟ — دېدىم مەن ئاخىرى زەردە بىلەن.

— سىزغۇ باھانا - سەۋەب كۆرسىتەلىشكە ئۇستا، — دېدى ئۇ يەنە ئۆز سۆزىنى قۇۋەتلەپ، — بىراق سىز ھەرقانچە يوشۇرغان بىلەنمۇ، يۈرىكىڭىزنىڭ كىمگە سوقىدىغانلىقىنى بىلىمەن.

www.uyghurkitap.com

— ئەجەب گۇمانخور بولۇپ كېتىپ بارىسەنغۇ مۇشۇ كۈنلەردە.

— راست دەيسىز، مەن گۇمانخور. مەن دۆت، كالۋا، قاپاقباش! بىرئار ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يەنە قانداق ئاتاقلارغا ئېرىشىمەنكىنتاڭ، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، گەپ قىلماي مەيلىڭىزگە قويۇپ بەرسەم مېنى كىچىك باللارنىڭ لاتا قورچىقىغىلا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتىسىزغۇ.

— بولدى قىلساڭچۇ!

— ئۇنىڭغا راستىنلا شۇنچىلىك كۆڭلىڭىز بولسا، ئۆزىڭىزنىمۇ، مېنىمۇ قىينىغىچە...

زۇلپىيە بىردىنلا بۇقۇلداپ يىغلىغىلى تۇردى.

— كىچىكمىكىن دېسەم، بىر بالىغا ئانا بولدۇڭ، چوڭمىكىن دېسە كىچىك بالىدەكلا بىر گەپلەرنى قىلىسەن، — دېدىم مەن تېرىكىپ.

— مەن كۆڭلىڭىزگە ياقمىغاندىن كېيىن، ئەنە چىقسىڭىزلا سىزگە قاراپ تۇرىدۇ، — زۇلپىيە ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ سۆزلەشكە باشلىدى، — مەن سىزنى رازى قىلالمىغان بىلەن ئۇ سىزنى رازى قىلالايدۇ.

— ئەستاغپۇرۇللا!

— ھە، كېيىم يېغىرىڭىزغا تېگىپ كەتتىمۇ؟ مەرزىيەدەك ئاياللارغا ئەرلەر ئامراق كېلىدىكەن، سىزمۇ ھە دېسە شۇنى ئەگىيدىغان بولۇپ قالدىڭىز. ئەرلەرنىڭ شۇنداق ۋىجدانسىز بولىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسام...

— نېمىلەرنى دەۋاتىسەنوي؟ مەرزىيە سەن دېگەندەكلەردىن ئەمەسقۇ؟

— مېنى بىلمەيدۇ دەمسىز؟ ئۇنىڭ نېمىلەرنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ئوبدان بىلىمەن، ھازىر خەقنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاغزىدا شۇنىڭ گېپى. رەسىم سىزىشنى باھانە قىلىپ نە - نەلەرگىدۇر يوقاپ كېتىدىكەن. خەمىتمۇ شۇنىڭ ئەلىمىگە چىدالماي تۈرمىگە كىرىپ كەتتىمۇ تېخى، كىم بىلىدۇ.

زۇلپىيەنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، چىداپ تۇرالمىدىم.

— خەققە تۆھمەت چاپلىما! — دېدىم مەن غەزەپ بىلەن، — ئۇ ھەرگىزمۇ سەن ئېيتقاندەك ناپاك ئاياللاردىن ئەمەس!

— ھە، سىزنى ئەمدى چۈشەندىم، قاشقا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق دېگەندەك سىزگە يەنىلا شۇ ياخشى...

بىزنىڭ جېدەلىمىز ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ تېخىمۇ چىڭىغا چىققىلى تۇردى. بىز بىر - بىرىمىزنىڭ گېپىگە قوناق بەرمەي، ئاخىرى چىنە - قاچىلارنى چېقىشىش دەرىجىسىگە يەتتۇق. ئۇنىڭ ئاغزى شۇنداق ئېچىلدىكى، ئۈچ يىلدىن بېرى كۆڭلىگە يىغىلىپ قالغان گەپلىرىنى بىراقلا تۆكۈۋەتتى. مەن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپمۇ، نەسىھەت قىلىپمۇ ھېچ ئۈلگۈرەلمىدىم. ئاخىرى ئاچچىقىمنى باسالماي، ئۇنىڭ كاچىتىغا قانداق قىلىپ بىر تەستەك سېلىۋەتكىنىمنىمۇ ئۇقماي قالدىم. ئەزەلدىن ئۇنى بىرەر كاچات ئۇرۇش ئەمەس، قاتتىقراق تىللاپمۇ باقمىغانلىقىم ئۈچۈن، بۇ ئۇنىڭغا بەك ئېغىر كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كامالنى ئالدى - دە، توسقىنىمغىمۇ ئۇنىماي يامانلاپ كېتىپ قالدى.

مەن ئۇلى ئۇرۇپ قويغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم. خەمىت مەرزىيەنى ئۇرغان چاغدا، ئاياللارنى ئۇرغان ئەرنى ئەر دېگىلى بولامدۇ دەپ ئۇنىڭغا نەپرەتلەنگەنىدىم. ئەمدىچۇ، ئۆزۈمگە نېمە دېسەم بولار؟

مانا مەن زۇلپىيە كېتىپ تۇنجى كېچىنى ئۆتكۈزۈۋاتىمەن. ياتسامۇ ھېچبىر ئۇيقۇم كەلمىدىغاندەك ئەمەس. شۇڭا ئۆتكەندە يېزىپ تاشلاپ قويغان ھېكايەمنى قايتا ئۆزگەرتىپ ئىشلىمەكچى بولۇپ ئولتۇردۇم. بىراق كاللامغا زۇلپىيە بىلەن بولغان بايىقى ماجىرا كىرىۋېلىپ، قەلىمىم ھېچبىر ماڭمىدى. مەن بىردەم ئۈنئالغۇ تىڭشاپ باقتىم. بۇمۇ كۆڭلۈمدىكى غەشلىكلەرگە دال بولالمىدى. ئاخىرى بىر ئورام تاماكا ئوراپ تۇتاشتۇردۇم ـ دە، ھاۋا يەپ كەلگىلى تالاغا چىقتىم. بىردەم ئايلىنىپ يۈرگەندىن كېيىن يەنە دەريا ئانىنىڭ قېشىغا كېلىپ قالدىم.

ـــ بۈگۈن يەنە كۆڭلۈك پاراكەندە بوپتۇ ـ ھە، ـــ دېدى دەريا ئانا سۆز باشلاپ، ـــ بىر قاراشتىلا كۆزلىرىڭدىن غەم، كىرپىكلىرىڭدىن نەم كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن.

مەن گويا بەركامال رەمچى ئالدىدا ئولتۇرغاندەك ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئۈن ـ تىنسىز قۇلاق سېلىپ تۇردۇم.

ـــ ھايات دېگەن يارالمىشتىلا شۇنداق، ئۇنىڭ بىر كۈنى خۇشاللىق بىلەن ئۆتسە، ئون كۈنى ئازاب بىلەن ئۆتىدۇ. كىشىلەر ئازاب تارتقان چاغلىرىدا بەختنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ. بەختلىك چاغلىرىدا ئازابلىرىنىڭ شىرنىسىنى تېتىيدۇ. مەن تالاي ئادەملەرنى كۆرگەن. ئۇلارغا قارىغاندا سەن ھېچقانچە ئازاب تارتمىدىڭ، بولسا يەنە نۇرغۇن موھتاجلىق، كۆلپەتلەرنى بېشىڭدىن ئۆتكۈز، يىغلىغان چاغلىرىڭدا كۆزلىرىڭدىن ياش ئېقىتىپلا ئەمەس، يۈرىكىڭدىن قان تېمىتىپ يىغلا. كۈلگەن چاغلىرىڭدا چەكسىز سۆيۈنۈپ تۇرۇپ ئاۋازىڭنى بارىچە قويۇۋېتىپ كۈل، شۇ چاغدىلا سەن ھەقىقىي ئادەملىكىڭنى تاپقان بولىسەن... بىلىمەن، سەن ھازىر زۇلپىيەنى بىر كاچات سالغىنىڭغا ئازابلىنىۋاتىسەن. بۇمۇ سېنىڭ پەزىلىتىڭ. لېكىن زۇلپىيە يامانلاپ كەتكەن بىلەنمۇ بەرىبىر سېنى ياخشى كۆرىدۇ. بىلەمسەن؟ ئۇ سېنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈنلا شۇنداق قىلىۋاتىدۇ.

ـــ ئۇنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈشى مەن ئۈچۈن بەخت، ـــ دېدىم دەريا ئانىنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەيلا، ـــ بىراق ئۇنىڭ مېنى چۈشەنمەسلىكى مەن ئۈچۈن بەختسىزلىك ئەمەسمۇ؟

ـــ چۈشىنىش باشقا گەپ، ياخشى كۆرۈش باشقا گەپ، ـــ دېدى دەريا ئانا ۋەزمىن ئاھاڭدا، ـــ سېنى چۈشەنگەنلا ئادەمنىڭ ساڭا قولداش بولالىشى ناتايىن. ئەمما سېنى ياخشى كۆرگەن كىشى ئاقىۋەتتە سېنىڭ بارلىق سەۋەنلىكلىرىڭنى كەچۈرۈۋېتەلەيدۇ...

مەن ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. «زۇلپىيەغۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ، بىراق مەن ئۇنى چىن قەلبىمدىن ياخشى كۆرىمەنمۇ؟ بەلكى ئۇنى ياخشى كۆرەرمەن، لېكىن بۇ ياخشى كۆرۈش بەرىبىر مېنى ئاجايىپ گۈزەل ھېسسىياتلارغا ئىگە قىلالمايدۇ. بەلكىم بۇ تېخىچىلا مەرزىيەنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋېتەلمىگەنلىكىمدىندۇر». مەن يەنە دەريا ئانىغا ئۆتۈنۈش نەزەرى بىلەن تىكىلدىم.

www.uyghurkitap.com

— تېخىچىلا شۇ مەرزىيەنى ئۇنتالماي يۈرسەن-ھە، — دېدى دەريا ئانا كۆڭلۈمدىكىنى تۇيۇپ، — يەنە ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلەي دەۋاتامسەن؟ بوپتۇ كۆڭلۈڭنى يەرماي.

«... خەمىت، سېنىڭ بۇنچىلىك پەسكەش ئىكەنلىكىڭنى بىلگەن بولسام بۇرۇنلا ساڭا كۆڭۈل بەرمىگەن بولاتتىم. سەن مېنىڭ شۇنچە كۆز ياشلىرىمغا پىسەنتمۇ قىلمىدىڭ. مەن بۇرۇنمۇ سېنىڭ دائىم مېنى ئالداپ يۈرگەنلىكىڭنى بىلەتتىم، شۇنداق تۇرۇقلۇق مەن سەن بىلەن توي قىلدىم. ئالدىمدا ئۆتكۈزگەن شۇنچە گۇناھلىرىڭنى كەچۈرۈۋەتتىم. لېكىن ئاقىۋەتتە يەنىلا سەندىن ۋاپا كەلمىدى...

خەمىت، مەن ساڭا نەپرەتلىنىمەن، ھەتتا غەيرەتنىڭ سېنىڭدەك بىر ۋىجدانسىزنىڭ بالىسى بولۇپ قالغىنىغىمۇ ئۆكۈنىمەن. ئۇنىڭ چىراي-شەكلى جەھەتتە ساڭا ئوخشىسىمۇ، ئەمما ۋىجدان، سەمىمىيلىك جەھەتتە ئارمانغا ئوخشىشىنى تىلەيمەن...

ئارمان، مەن ساڭا يۈز كېلەلمەيمەن. سېنىڭ شۇنچە يالۋۇرۇشلىرىڭنى ئاڭلىماي، باشقىلار ئالدىدا سېنىڭ غۇرۇرىڭغا تەگكەنلىكىمنىڭ جازاسىنى ئەمدى تارتىۋاتىمەن. ئىلگىرى سېنىڭ سەمىمىيلىكىڭ ھەم ئاق كۆڭۈللۈكىڭنى گومۇشلۇقنىڭ ئىپادىسى دەپ ئويلىغان ئىكەنمەن. بۈگۈنكى كۈندە دەل مەن بىزار بولغان شۇ نەرسىلەرنىڭ قەدرىگە يېتىۋاتىمەن. مەن ئەمدى چۈشىنىۋاتىمەن. ئەسلىدە مەن خەمىتنىڭ چىرايى، ناخشىسى ۋە ياسالما سۆزلىرىگىلا ئۆزۈمنى قۇربان قىلىۋەتكەن ئىكەنمەن. ئېھتىمال، ئارمان، مەن ساڭا يۈزسىزلىك قىلغاندا نېمىشقىمۇ مېنى بىر كاچات سالمىغانسەن. بەلكىم شۇنداق قىلغان بولساڭمۇ مەن يولنى مۇنچە خاتا باسمىغان بولاتتىم...»

مەن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۆز چاناقلىرىمدىن ئۇرغۇپ چىققان ياشلىرىمنى سىڭدۈرەلمەي قالدىم. بۇ مېنىڭ شۇنچىلىك ياشاپ تۇنجى قېتىم مەرزىيەنىڭ كۆڭلىدىن ئورۇن تېپىشىم ئىدى.

2

شۇندىن كېيىن، بىكار بولسىلا دەريا بويىغا چىقىدىغان بولدۇم. ئۇنىڭ شوخ ئېقىنلىرىغا قاراش بىلەنلا كۆز ئالدىمدا مەرزىيەنىڭ گۈپۈلدەپ تۇرغان غايەت زور يۈرىكى نامايان بولاتتى. بۇ يۈرەك بىر تۇرۇپ سەھەردە بالقىپ چىقىۋاتقان قۇياشتەك جۇشقۇن، ئۈمىدۋار كۆرۈنسە، يەنە بىر تۇرۇپ كۆكرىكىگە ئوق يەپ قىپقىزىل قانغا بويالغان، ھالسىزلىنىپ يىقىلىش ئالدىدا تۇرغان كىيىككە ئوخشاپ كېتەتتى.

«بىلەمسەن ئارمان، مەن ئەمدى بەرگىلىرىم خازان بولغان، خۇش پۇراقلىرىم تۆكۈلگەن چاغدا سېنىڭ قەدرىڭگە يېتىۋاتىمەن. مەن شۇ تاپتا بىر چاغدا سەن ماڭا ئوقۇپ بەرگەن «سوۋېت تاتار يازغۇچىسى غادىل كوتۇيىنىڭ «تاپشۇرۇلمىغان خەتلەر» پوۋېستىدىكى غالىيەگە ئوخشاپ قېلىۋاتىمەن. خۇددى ئۇ قىزغا سەيپۇللىننىڭ كېيىنكى رەسىمىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ «دادىلار مۇشۇ» دېگەندەك مېنىڭمۇ غەيرەتكە سېنىڭ داداڭ خەمىت ئەمەس، بەلكى ئارمان دېگۈم كېلىۋاتىدۇ.

ئارمان، ئىنسان دەسلىپىدە ھېسسىياتىنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۆزىگە ئەقىدە قىلغانلارغا ئازار بېرىپ قويىدىكەن، لېكىن ھاياتنىڭ رەھىمسىزلىكلىرى ئۇنى ئاخىرى شۇ ئەقىدىلەرنىڭ قەدرىگە يەتكۈزىدىكەن. ھازىر مېنىڭ بىردىنبىر روھىي مەدەتكارىم پەقەتلا سەن، مەن پەقەت سېنىڭ بۇرۇن ماڭا سەرپ قىلغان ئەقىدىلىرىڭ بىلەنلا ئۆز - ئۆزۈمنى بەزلەپ كېلىۋاتىمەن...

ئارمان، ھازىر ئىچىمگە دەرد دېگەن توشۇپ كەتتى. سۆزلىسەم نەچچە كۈندىمۇ تۈگىمەيدۇ. بىراق ھەر قانچە ئازاب تارتساممۇ، بىرەر كىمگە تېنىپ باققىنىم يوق. بۈگۈن نېمىشقىدۇر ساڭا دەردىمنى تۆككۈم كېلىپ قالدى.

بىر كۈنى مەن بىلەن بىر كافېدىرادا ئىشلەيدىغان ئايال خىزمەتدىشىم مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئۇ مېنى شۇنچىلىك قىزغىن كۈتتىكى، مەن ئۆزۈممۇ ھەيران قالدىم. ئۇنىڭ مېنى چاقىرىشتىكى مەقسىتىنى چۈشەنگەندىن كېيىنلا، كەلگىنىمگە پۇشايمان قىلىشقا باشلىدىم. ئۇنىڭ باشقا بىر ئورۇندا ئىشلەيدىغان بىر نەۋرە ئاكىسى بار ئىكەن. بۇلتۇر ئايالى ئۆلۈپ كېتىپ ئىككى بالىسى يېتىم قالغانىكەن.

— ئۆزى ياۋاش، ئوبدان ئادەم، خىزمەت ئورنىمۇ ياخشى. ئېيىغا ئىككى يۈز ئەللىك كوي ئالىدۇ، ئىشقىلىپ مېنىڭمۇ سىزنى يامان ئادەمگە سايە قىلغۇم يوق. ئىشەنمىسىڭىز باشقىلاردىن سوراپ باقارسىز، ھەر ھالدا ئۇنىڭ بالىلىرى ئانىغا، سىزنىڭ بالىڭىز دادىغا زار بولۇپ ئۆتمىسۇن دەيمەن. شۇڭلاشقا...

— مېنى شۇنىڭ ئۈچۈن چاقىرغانمىدىڭىز؟ — دېدىم ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ.

— ياق، ياق، بۇنى خاتا چۈشىنىپ قالماڭ، مېنىڭمۇ ياخشى نىيىتىم... ئىشقىلىپ ئۆزىڭىز راۋا كۆرسىڭىزلا...

راست، ئۇنىڭ نىيىتىمۇ توغرا، بەلكىم ئۇ ماڭا كۆيۈنۈۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىراق ھازىر مەن بۇنداق كۆيۈنۈشلەرگە موھتاج ئەمەس ئىدىم. مەن ئاخىرى «مەن تېخى خەمتىنىڭ ئەمرىدە»، دېگەن باھانە بىلەن ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپ ئۆيۈمگە قايتىپ كەلدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ماڭا تەتۈر قارايدىغان بولۇپ قالدى، مەن بۇ ئىشلارنى ئەمدى كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋېتەي دەپ تۇرۇشۇمغا يەنە بىر كۆڭۈلسىزلىككە دۇچار بولدۇم.

مەكتەپ ئىچىدە خېلى ئاتاق - ئابرويى بار مەلۇم بىر رەھبەر مېنى مەكتەپنىڭ بىر شوپۇرىغا سايە قىلغىلى تۇردى. ئۇ شوپۇرنى مەن ئوبدان بىلەتتىم. ئۇنىڭ ئايالىنى ئىككى بالىسى بىلەن قويۇۋەتكىنىگە تېخى ئىككى ئايچە بولمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۇنىستىگە، ئۇ، ئۇچىغا چىققان پىيەنچۇك ئىدى. مەن ھېلىقى رەھبەرنىڭ تەكلىپىنى بىردىنلا رەت قىلىشقا ئامالسىز قالدىم. مەن ئۇنىڭغا ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرمىگەچكە، ئۇمۇ ماڭا ئوغرى ئىكەندەك يېپىشىۋالدى، ھېلىقى شوپۇرمۇ بىكار بولسىلا مېنى ئىزدەيدىغان، ماڭا سوۋغا - سالاملارنى ئەكىلىدىغان بولۇۋالدى. مەن ئۇلاردىن شۇنچىلىك بىزار بولدۇمكى، بۇ

www.uyghurkitap.com

دۇنياغا كەلگىنىمگە مىڭبىر پۇشايمان قىلىپ كەتتىم.

بىر كۈنى رەھبەر يەنە ماڭا تەربىيە بەرگىلى تۇرىۋىدى، ئۆزۈمنى باسالماي پاكىسىدە ئېيتىلىپ يىغلىۋەتتىم. رەھبەر ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدى، مەن يىغلاپ تۇرۇپ تازا سۆزلەپتىمەن:

— سىز نېمىشقا مېنى قىيناۋېرىسىز؟ مېنىڭ ئەرگە تېگىدىغانلىقىمنى نەدىن بىلىسىز، بولدى مەن ئىككىنچىلەپ ئەرگە تەگمەيمەن. ماڭا كۆيۈنسەڭلار، دەپ ئاۋارىمۇ بولماڭ، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنىڭ كۆڭۈل ئارامىمنى بۇزۇۋەرمەڭ!...

شۇنداق قىلىپ ئۇلارمۇ جىمىپ قالدى، مەن شۇندىن كېيىن ماڭا «خەيرىخاھلىق» قىلماقچى بولغانلارنىمۇ مىڭبىر جاپالاردا يولغا سالدىم.بىراق بۇنىڭلىق بىلەن مەن تېخىمۇ يېتىم ھالغا چۈشۈپ قالدىم. ئىلگىرى مەن بىلەن قويۇق ئارىلاشقانلار مەندىن ئۆزىنى قاچۇرغىلى تۇردى. ھەتتا بەزىلەر ماڭا گەپمۇ قىلماي تەتۈر قاراپ يۈرىيدىغان، يەنە بەزىلىرى مېنى شەرەتلەپ كالپۇكلىرىنى پۈرۈشتۈرىدىغان بولۇشتى...

ئارمان، بۈگۈن ساڭا ئىچ ـ قارنىمنى تۆكۈپلا كەتتىم. ئەيىبكە بۇيرۇمىغىن، مەن ئالدىراپلا ھەسرەت چېكىپ كەتكەنىكەنمەن. كېيىنكى ئىشلارنى ئويلىسام، يۈرىكىم تېخىچىلا بىر يارچە مۇزدەك تۇرىدۇ...

بىر كۈنى ئىشخانىدا ھېلىقى خىزمەتدىشىم بىلەن كىچىككىنە بىر ئىش ئۈچۈنلا قىزىرىشىپ قالدىم. «نېمىگىزگە يوغانچىلىق قىلىسىز؟» دېدى ئۇ گەپ ئارىسىدا، ئۇنىڭ بۇ كېپى غۇرۇرۇمغا شۇنداق تەگدىكى، ئۆزۈمنى باسالماي ئۇنىڭ بىلەن ۋارقىرىشىپ كەتتىم. ئۇنىڭ كۆزى يۇمۇلۇپ، ئاغزى شۇنداق ئېچىلدىكى، سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ، يىقىلىپ چۈشەيلا دەپ قالدىم. «سىز، بىز بىلمەيدىغان مەرزىيەمۇ، ئۆزىڭىزنىڭ بۇزۇقلۇقىدىن مۇشۇ كۈنگە قالغان نېمىسىز، سىزنىڭ كاساپىتىڭىزدىن بىزمۇ بېشىمىزنى كۆتۈرەلمەس بولۇپ قېلىۋاتىمىز. ئۆزىڭىزچە مەن ئەتىۋارلىق؛ خان پاشا دەپ يۈرەمسىز، سىز ئەمەس، ئاۋۇ مۈشۈكمۇ مىياۋ دەپ قويسا، ئارقىسىدا نەچچىسى سوكۇلداپ يۈرمەمدۇ؟!...»

مەن ئۇنىڭغا بىرەر ئېغىزمۇ گەپ ياندۇرالمىدىم. خورلۇق دەستىدىن جالاقلاپ تىترەپ كەتتىم، كۆز ياشلىرىم مەڭزىمنى بويلاپ ئاقتى. ئاخىرى پۇت ـ قوللىرىمدا جان قالمىدى ـ دە، لاسسىدە ئولتۇرۇپ قاپتىمەن...

كېيىن مەكتەپ رەھبەرلىكى بۇ ئىش ئۈچۈن ھەر ئىككىمىزنى تەنقىدلىدى. ماڭا تەربىيە بەرگەندە نېمە دەيدۇ دېمەمسىز؟

— سىلەر ئاڭلىق ئادەملەر، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر كافىدىرادا، شۇنداق تۇرۇقلۇق چۈجە خورازلاردەك ئۇرۇشۇپ يۈرسەڭلار، ئۆزۈڭلارغىمۇ سەت، باشقىلارغىمۇ تەسىرى ياخشى بولمايدۇ. سىزگە يۇزتۇرانە ئېيتىپ قوياي، بەزى ئىشلارغا دىققەت قىلىۋېلىڭ، ھەر ھالدا خەقنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالمىغىنىڭىز ياخشى... — مەكتەپ رەھبىرىنىڭ ئاغزىدىنمۇ بۇ گەپنى ئاڭلاش ماڭا قاتتىق ھار كەلدى.

— مېنى ھاقارەتلىمەڭ، مەن سىز ئېيتقان ئۇنداق ئاياللاردىن ئەمەس! — دېدىم

مەن ھەققانىي ھالدا ئۆز-ئۆزۈمنى ئاقلاپ.

— بۇ گەپنى توغرا چۈشىنىڭ، بىزنىڭ ھەر بىر خىزمەتچىمىزگە نىسبەتەن مەسئۇلىيەتچانلىقىمىز بار، بەلكى بۇ گەپلەر ئويدۇرمىدۇر. سىزدە ئۇنداق مەسىلىلەر بولمىسا، بۇندىن كېيىنمۇ دىققەت قىلسىڭىز بولدىغۇ...

بۇ ئىشلارغا نېمە دېيەلەيمەن، بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەر ئۈچۈن نەچچە-نەچچە كېچىلەپ ياقامنى تۇتۇپ يىغلاپ چىقمىدىممۇ؟ ئۆز ئەقىدەمگە شۇنچە سادىق تۇرۇقلۇق، نېمىشقا كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە شۇنچە خۇنۇك ئوبرازغا ئايلىنىپ قالىمەن. مەن قانداق قىلسام كىشىلەرگە ئۆزۈمنىڭ پاك ئىكەنلىكىمنى چۈشەندۈرۈپ بولالايمەن؟...»

مەن دەريا بويىدىن يانغاندا زاۋال مەزگىلى بولۇپ قالغانىدى. مەن يەنە بىر پەس ئايلىنىپ يۈرگەندىن كېيىن ئۆيگە قايتتىم. بۈگۈن ياتاق بىناسى نېمىشقىدۇر تىپتىنچ ئىدى. بايا، كەچتە مەكتەپتە ھەر قايسى سىنىپلار ئارا ئويۇن مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ دېيىشىۋاتاتتى. قارىغاندا ئۇلار ئويۇنغا چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. مەن ئۈچىنچى قەۋەتكە چىقىپ، پەلەمپەيدىن ئۆيى تەرەپكە قايرىلىشىمغىلا بىر كىچىك بالىنىڭ ئەنسىز يىغىسى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا يەنە بىر نەرسىلەرنىڭ جاراڭ-جۇرۇڭ قىلغان ئاۋازى ۋە بىر ئايالنىڭ ئەنسىز ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز مەرزىيەنىڭ ئاۋازىدەكلا بىلىنىپ كەتتى. مەن ئاۋاز چىققان تەرەپكە يۈگۈرۈپ باردىم. دېگەندەكلا، مەرزىيەنىڭ ئۆيىدىن غەيرەتنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يەنە بىرى گۇپ قىلىپ يىقىلغاندەك قىلدى. ئارقىدىنلا مەرزىيە چىرقىراق ئاۋازدا: «ئادەم بارمۇ؟! ئادەم بارمۇ؟!» دەپ توۋلىدى. كۆڭلۈم بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك ئېغىپ كەتتى. ئىشىكنى ئىتتىرگەنىدىم، ئېچىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىشىكنى بىر تېپىپ ئېچىۋەتتىم. شۇئان كۆز ئالدىمدا شۇنچىلىك دەھشەت بىر مەنزىرە پەيدا بولدىكى، ئۆزۈممۇ بىلمىگەن ھالدا جايىمدا تۇرۇپ قاپتىمەن: بىر ئەر مەرزىيەنى ھەدەپ كارىۋاتقا سۆرەۋېتىپتۇ. مەرزىيە بار كۈچى بىلەن تىرەجەپ تۇرۇۋاپتۇ. مەرزىيەنىڭ كۆڭلىكى يىرتىلىپ، ئاپئاق كۆكسى ئېچىلىپلا قاپتۇ. غەيرەت بولسا ئاپىسىنىڭ پۇتىغا يېپىشقىنىچە ۋار-ۋار يىغلاۋېتىپتۇ... مەن دەرھال ئېسىمگە كەلدىم-دە، يۈگۈرۈپ بارغىنىمچە ھېلىقى ئەرنىڭ گەجگىسىدىن تۇتۇپ ئارقىغا كۆچەپ تارتتىم. ئۇ ئوڭدىسىغا ئۈچۈپ كەتتى. ئۇ دەل ھېلىقى رەھبەر مەرزىيەگە سايە قىلىپ يۈرگەن شوپۇر ئىدى. شوپۇر ئورنىدىن قوپۇپ قاچاي دەپ تۇرۇشىغا، ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىگە بىر مۇشت سالدىم. ئۇ يەنە ئوڭدىسىغا چۈشتى، مەن ئاچچىقىمغا ھاي بېرەلمەي ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىۋېلىپ بارلىق غەزەپ-نەپرىتىم بىلەن يۈز-كۆزىگە ئۇرۇشقا باشلىدىم. ئۇرغانسېرى قېنىم قىزىپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ يۈز-كۆزى بىردەمدىلا قانغا مىلىنىپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتتى. شۇ ئارىلىقتا شوپۇر قولۇمدىن بوشاپ، ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ كەتتى. سۇخانىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئۇنىڭغا يېتىشىپ باردىم-دە، قولىدىن سۆرىگىنىمچە سۇخانىغا ئەكىردىم. بۇ چاغدا ئاچچىقىم بىر ئاز يېنىپ قالغانىدى. شۇئان ئۇرۇشتىن توختاپ ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتقىنىمچە تامغا نىختىدىم:

www.uyghurkitap.com

ــ ھۇ، ئىپلاس، رەسۋا، مەرزىيەنى ھېچبىر قارانچۇقى يوق دەپ ئويلاۋاتامسەن؟! ھېلىپ قوي، ئۇنى بوزەك قىلالمايسەن!

ــ ئارمان، مېنى كەچۈرگىن! مېنى، مېنى، قويىۇۋەتسەڭ!...

ئۇنىڭ ئىېغىزىدىن چىققان قاڭسىق ھاراق پۇرىقى بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى. مەن ئۇنىڭ كارنىيىنى تېخىمۇ چىڭراق بوغۇپ ئىېيتتىم:

ــ باشقا ئادەم بولسىغۇ بىر نۆرى، بىر مەكتەپتە تۇرۇپ سەنمۇ مۇشۇنداق قىلامسەن؟ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەيمۇ سەن خۇمسىنى!

ــئارمان، سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنمىساڭ. مېنىڭمۇ بۇنداق قىلىش نىيىتىم يوق ئىدى. ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، مەن ئۇنىڭغا چىرايلىقچە ئادەم قويدۇم. ئۇنىمىدى. ئاخىرى مۇشۇنداق قىلىپ بولسىمۇ ئۇنى ئىندەككە كەلتۈرەي دەپ...

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ غەزىپىم ئۆرلەپ كەتتى. ئاچچىقىمغا پايلىماي ئۇنى يەنە بىر تەستەك سىلىۋەتتىم...

مەن مەرزىيەنىڭ قېشىغا كىرگەندە، ئۇ غەيرەتنى باغرىغا باسقىنىچە يىغلاپ ئولتۇرغانىكەن. مەن ئۇنىڭغا نېمىدەپ تەسەللى بېرىشنىمۇ بىلمەيتتىم. ئۇمۇ نومۇس، خورلۇق دەستىدىن ماڭا تىكىلىپمۇ قارىيالماي كۆز يېشىغا زورلىماقتا ئىدى.

ــ قورقماڭ! ــ دېدىم مەن ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، ــ ئەمدى ئۇ يەنە كېلىدىغان بولسا پۇتىنى چېقىۋەتمىسەم ھېساب ئەمەس.

3

«...ھازىر ماڭا «ئۆلۈم» دېگەن بۇ سۆز خۇددى ئەللەي ناخشىسىدەك يېقىملىق، زېمىستان قىشتا پالىدە چىققان قۇياشتەك يىللىق بىلىنىدىغان بولۇپ قالدى. مەن پۇت ـ قوللىرىم چىڭ تېڭىلغىنىچە بۆشۈككە بۆلىنىپ، ئۆلۈمنىڭ مەيىن رىتىمىلىرىدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىشنى تولىمۇ، تولىمۇ ئارزۇلايدىغان بولدۇم. بىراق مەن نېمە ئۈچۈن ئۆلۈۋالىمەن؟ ئىپلاس كىشىلەردىن غايىبانە ئۆچ ئېلىش ئۈچۈنمۇ؟ ئۆزۈمنىڭ پاك ـ غۇبارسىز ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈنمۇ؟ ياكى بولمىسا ھاياتتىن بىزار بولغانلىقىم ئۈچۈنمۇ؟ياق، مەن ياشاشنى، ھاياتلىقنى ھېلىمۇ ياخشى كۆرىمەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق، يەنىلا ئۆلۈشنى خالاپ قالدىم. دۇنيادا ئۆلۈۋالغان ئادەملەر ئازمىدى. گوللاندىيىلىك مەشھۇر رەسسام ۋانگوك شۇنچە نادىر ئەسەرلەرنى قالدۇرغان تۇرۇقلۇق، ئاخىرى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. مۇستاپا كامال پۈتۈن بىر دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەن،پۇشكىن مۇھەببەت ئۈچۈن دۇئېلدا ئۆلگەن، يەنە ھېمىڭۋاي، يېسىنىن، لاۋشې...لارمۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانىكەن. ئۇلارغا قارىغاندا، مەن ناھايىتىمۇ ئەرزىمەس بىر شەخس، ئەمما شۇنداق بولسىمۇ، مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە خاس ئۆلۈۋېلىش پەلسەپەم بولۇشى كېرەك...»

مانا بۇ ئاشۇ كۈندىكى كۆڭۈلسىزلىكنىڭ مەرزىيەنىڭ خاتىرىسىدە قالدۇرغان ئىزناسى. ئۇ ھازىر ئۆيدىن سىرتقا ناھايىتى ئاز چىقىدۇ، سىرتقا چىقسىمۇ قاپىقىنى ئاچماي،

بېشىنى ئىچىگە تىقىپ جىمىدە ماڭىدۇ. ئۇنى يۈزەكى چۈشەنگەنلەر، ئۇ، تىرىك تۇرۇپ-
لا ئۆزىنى ئۆلۈمگە چىقىرىۋەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىشى مۇمكىن. بىراق ئۇنىڭ «ئۆلۈ-
ۋېلىش» تۇيغۇسىنىڭ تېگىگە ئاجايىپ پىكىر يوشۇرۇنغانىدى... لېكىن ماڭا ئۇنىڭ ياشاش-
قا بولغان زوقى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىپ بارغاندەك تۇيۇلماقتا. ئۇ ئارىلاپ- ئارىلاپ
ماڭا ئاماق ئېتىپ ئەكىرىپ بېرىدىغان بولدى. بەزىدە تېخى كىيىملىرىڭىزنى يۇيۇپ
بېرەي دەپ كىرىدىغانمۇ بولدى. مەن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنەتتىم. ئۇ ھازىر مېنى
ئۆزىنىڭ بىردىنبىر قارانچۇقى دەپ تونۇيدۇ. مەنچۇ؟ مەنمۇ ئۇنى ئۆزۈمنىڭ بىردىن-
بىر قوغداشقا تېگىشلىك كىشىم دەپ تونۇيمەن.

كېچىلىرى ئۇ غەيرەتنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئۆزى ئۇزۇندىن ئۇزۇن خىياللارغا
چۆمۈپ كېتىدۇ. ئۇ يىراق ئۆتمۈشنى ئەسلەيدۇ. تارتقان كۈلپەتلىرى ئۈچۈن ھەسرەت
چېكىدۇ. ئەنە شۇنداق چاغلاردا ئۇ مېنىڭ قېشىمغا چىقىپ، كۆكسۈمگە بېشىنى قويۇپ
قانغۇچە يىغلىغۇسى كېلىدۇ. ئۇلارنى كۆزۈم كۆرمىسەمۇ، قۇلىقىم ئاڭلىمىسىمۇ لېكىن كۆڭلۈم
تۇيۇپ تۇرىدۇ. ئەلۋەتتە، مەنمۇ ئەرلەرگە خاس ئىنتىلىش بىلەن ئۇنى خىيال قىلىمەن.
ھازىر زۇلپىيە خىيالىمغىمۇ كىرمەيدۇ. ئۇنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرى ئېسىمدىن
كۆتۈرۈلگەن. مەرزىيەنى ئويلىسامىلا، ھېلىقى كۈندىكى دەھشەتلىك مەنزىرە كۆز ئالدىمغا
كېلىدۇ. يەنە ئۇنىڭ ئېچىلىپ قالغان ئاپپاق كۆكسىمۇ كۆزلىرىمگە كۆرۈنۈپ مېنى
ئاجايىپ شېرىن ھېسلارغا چۆمدۈرىدۇ... بىراق بىز ھازىر بىر- بىرىمىزگە تىكىلىپمۇ
قارىيالمايدىغان تۇرساق، باشقا گەپلەردىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىنمۇ؟!

## 4

ئايالىمنىڭ يامانلاپ كەتكىنىنى خىزمەتداشلىرىمىلا ئەمەس، ساۋاقداش، دوست-
بۇرادەرلىرىممۇ بىلىپ بوپتۇ. ئاغىنىلەر زۇلپىيەنى ئەكىلىپ قويايلى دەپ سالا- سۇلا
قىلغىلى تۇردى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۆزۈممۇ كامالنى سېغىنىپ قالغانىدىم. زۇلپىيەمۇ
مېنىڭ بىرەر ئادەم ئەۋەتىشىمنى كۈتۈپلا تۇرغانىكەن. شۇڭا دوستلىرىم ھېچقانچە
كۈچىمەيلا ئايالىم بىلەن كامالنى ئۆيگە ئەكىلىپ قويدى.

زۇلپىيە كەلگەندىن كېيىن ئۆي ئىچى سەرەمجانلىشىپ، قورسىقىمغىمۇ ئىسسىق-
ئىسسىق يەيدىغان بولدۇم. زۇلپىيەمۇ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا خېلى ھوللايملىشىپ قاپتۇ.
بىراق بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىنلا ئۇنىڭ كونا كېسىلى يەنە قوزغىلىشقا باشلىدى.

كامال بىلەن غەيرەت بىر يەسلىدە بولغاچقا، بىر- بىرىگە ئوبدانلا ئۆرە بولۇپ
قالغانىدى. شۇڭا ئۇلار زۇلپىيەنى كۆرسىمۇ، مەرزىيەنى كۆرسىمۇ ئوخشاشلا «ئاپا» دەپ
توۋلىشاتتى. كەچتە يەسلىدىن قايتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۇلار دائىم ئىشىك تۈۋىدە
بىللە ئوينىشاتتى. بەزىدە كامال غەيرەتلەرنىڭ ئۆيىگە كىرىۋالاتتى. بۇنداق چاغلاردا
زۇلپىيە ئۆكۈپ- تاتىرىپ «سېنى كىم بۇيەرگە كىر دەپتۇ؟» دېگىنىچە كامالنى سۆرەپ
ئېلىپ چىقاتتى. كامال غەيرەتتىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغاي يىغلاپ

www.uyghurkitap.com

كارىدورنى بىر ئالاتتى. مەرزىيە بۇنداق چاغلاردا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ لام-جىم دېمەيتتى. بەزىدە غەيرەت بىزنىڭ ئۆيگە كىرىۋېلىپ كامال بىلەن بىللە ئوينايتتى. ئۇلارنىڭ ئىناقلىقىغا قاراپ ئىختىيارسىز مەسىلىكىم كېلەتتى. كامال مېنى «دادا» دەپ چاقىرسا، غەيرەتمۇ دوراپ «دادا» دەپ چاقىراتتى. بۇنداق چاغلاردا زۇلپىيەنىڭ جان-ئىمانى چىقىپلا كېتەتتى.

زۇلپىيە يەنە باشقىلاردىن مېنىڭ مەرزىيە بىلەن ئاللىقانداق «مۇناسىۋەت» لەردە بولغانلىقىمنى ئاڭلىغان بولسا كېرەك، مېنى يەنە قاتتىق كۆڭلىگىلى تۇردى. مەن ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا قاراپ، تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىسا، تۇرۇپ ئۇنىڭ ھەددىدىن زىيادە شەخسىيەتچىلىكىگە ئۆچلۈكۈم كېلەتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە گېزىتكە بىر ھېكايەم بېسىلدى. ھېكايىنىڭ قىستۇرما رەسىملىرىنى مەرزىيە سىزىپ بەرگەنىدى. ئايالىم بۇ ھېكايىنى نەلەردىندۇر كۆرۈپ قاپتۇ ۋە گېزىتتىن بىرنى ئالغاچ كەپتۇ.

— سىزگە خۇش خەۋەر، — دېدى ئۇ كەچتە ئۆيگە قايتىپ كىرىشىمگىلا، — ھېكايىڭىز چىقىپتۇ.

مەن ھېكايەمنى بايىلا گېزىتتىن ئوقۇغانىدىم. شۇڭا بۇ گەپ ماڭا ئانچىمۇ يېڭى تۇيۇلۇپ كەتمىدى.

مەن كامالنى قولۇمغا ئالدىم. ئايالىم بۈگۈن نېمىشقىدۇر يەنە خاپا بولۇپ قالغانىدى. ئۇ كۈندە دېگۈدەكلا تۇتۇلۇپ-ئېچىلىپ يۈرگەچكە، ئۇنىڭ خاپا بولۇشلىرى قاپتىلىمىغىمۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— ھېكايىڭىز ياخشى يېزىلىپتۇ، — دېدى ئۇ يەنە ئاردىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — رەسىمنىمۇ ئوبدان تاللاپسىز.

ئۇنىڭ شۇ گېپىدىنلا كۆڭلىدىكىنى بىلىپ يەتتىم.

— قانداق، ھېكايەمگە مەرزىيە رەسىم سىزىپ بەرسە بولمامدىكەن؟

— ياخشى دەۋاتىمەنغۇ، بۇندىن كېيىن داۋاملىق شۇ نېمىڭىزگە سىزدۇرۇڭ.

ئۇنىڭ گېپى يەنە غۇژژىدە ئاچچىقىمنى كەلتۈرۈپ قويدى.

— يەنە شۇ گەپمىدى؟ — دېدىم مەن ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ.

— دېسەم، دېمىسەم يالغانمۇ؟ مەندەك بىماس خوتۇننى ئالغۇچە باشتىلا شۇ چېچەننى ئالسىڭىز بولمامدۇ؟...

ئۇ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ يىغلاشقا باشلىدى. مەن تاماكا ئوراپ ئاچچىق-ئاچچىق تارتىشقا باشلىدىم.

بىر چاغدا زۇلپىيە ئورنىدىن دەست تۇردى-دە، ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىگىلى تۇردى:

— مېنى كەتكۈزۈۋېتىپ مەرزىيە بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىڭىزنى مېنى بىلمەيدۇ دەمسىز، بۇرۇنلا مۇشۇنداق يۈزسىز ئىكەنلىكىڭىزنى بىلگەن بولسام سىزدەك ئادەمگە قارار كۆزۈم يوق ئىدى. ھازىرمۇ كامالنىڭ يۈزىنى دېمىسەم... بىلمەن، كۆڭلىڭىزدە پەقەت مەن يوق...

— قاچانمۇ مۇشۇ گەپلىرىڭ تۈگەر، بىردەم يازغانلىرىمدىن پۇتاق چىقارساڭ، بىردەم ئۇ نېمىشقا رەسىم سىزىپ بېرىدۇ دەپ بېشىمنى قوچىساڭ، سەنچە زادى نېمە قىلسام بولىدىكەنتاڭ؟

— ھە، سىزچە تېخى نېمە قىلىمەن دېسىڭىز مەيلىڭىزگە قويۇپ بەرسەم بولىدىكەن-دە؟ بىلىپ قويۇڭ، مەن ئۇنچىلىك ئەخمەقلەردىن ئەمەس!

شۇنداق قىلىپ ئۇ كۈنمۇ خېلى ئۇزۇنغىچە جەڭگە - جېدەل بېسىقمىدى.

يەنە بىر كۈنى زۇلپىيە بالا ئارىسىغا كىرىپ مەرزىيە بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدى. بۇ چاغدا مەن ئۆيدە كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتىم.

زۇلپىيە ھەدەپ مەرزىيەنى سەتلەيدىغان گەپلەرنى قىلغىلى تۇردى، مەرزىيە زۇلپىيەنىڭ گېپىگە چىدىماي غەيرەتنى ئۇرۇپ كەتتى. مەن كىتابىنى قويدۇم-دە، دەرھال چىقىپ ئۇلارنى توسماقچى بولدۇم. لېكىن «ئۆزلىرى بېسىقىپ قالار» دېگەن ئويدا يەنە بىردەم تەخىر قىلىپ باقاي دېگەن يەرگە كەلدىم.

— نېمانچىلا قىپ كېتىسىز، مەن سىزگە نېمە يامانلىق قىپتىمەن؟

بۇ مەرزىيەنىڭ تۇنجى قېتىم زۇلپىيەگە قارشىلىق بىلدۈرۈشى ئىدى. بۇ گەپ بىلەن زۇلپىيەنىڭ ئاغزى شۇنداق ئېچىلماسمۇ، ئايھاي! سەكسەن جىنى تۇتقان باخشىلارمۇ ئۇنىڭغا يېتەلمەيتتى. ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزۈمنىڭ ئايالىم ئىكەنلىكىگىمۇ ئىشەنگۈم كەلمىدى. مەن بىر پەسلىك خىيالدىن كېيىن ئۆزۈمگە كەلسەم، زۇلپىيەنىڭ ئاغزى تېخىچىلا بېسىقماپتۇ:

— سىز بەك رەھىمدىل، بەك ساپ، بەكلا ئوبدان، شۇڭا بارلىق توققۇناق بالا، ئىلمەك قازالارنىڭ ھەممىسى سىزدىن كېلىۋاتىدۇ. ۋايىيەي، سىزنىڭ نېمە بۇزۇقچىلىقلارنى قىلىۋاتقىنىڭىزنى مېنى بىلمەيدۇ دەمسىز؟ تېخى يۈزىڭىزنى داپتەك قىلىپ نېمە يامانلىق قىلدىم دەيسىزغۇ! رەسۋامەش تېخى! رەسۋامىلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەنمۇ؟ شۇنچە قىلغان ئەسكىلىكلىرىڭىز يەتمىگەندەك ئەمدى مېنىڭ ئېرىمنىمۇ يولدىن چىقىراي دەمسىز!؟ ۋۇي تېگى پەس لالما! ۋۇي پاسكىنا بۇزۇق! ۋۇي نومۇسنى بىلمەيدىغان داپشاق!...

مەن ئەمدى ئايالىمنىڭ مەرزىيەنى ھاقارەتلەۋېرىشىگە چىداپ تۇرالماي ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقىپ زۇلپىيەنىڭ ئالدىغا ئۆتتۈم-دە، غەزەپ بىلەن:

— ئاغزىڭنى يۇم! — دەپ ۋارقىرىدىم.

زۇلپىيە مېنىڭ بۇنداق قىلارىمنى كۈتمىگەنىدى، بەلكى مېنى چوقۇم ئۆزىگە يان باسىدۇ دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. شۇڭا بۇ زەربىدىن ئۈنى ئۆچۈپ، كۆزلىرىنى چۆچەكتەك ئاچقىنىچە، ماڭا قاراپ قېتىپلا قالدى. ئۇ گويا مېنى ئەمدىلا تونۇۋاتقاندەك قىلاتتى. دەسلەپتە ئۇنىڭ كۆز قۇيرۇقلىرى لىپىلداپ كەتتى. ئارقىدىنلا لەۋلىرى تىترەشكە باشلىدى.

— قاراپ تۇرۇپ خەقنى ھاقارەتلەشنى نەدىن ئۆگەندىڭ! — دېدىم زۇلپىيەنى ئەيىبلەپ.

www.uyghurkitap.com

بۇ چاغدا مەرزىيە ھۆكىرەك ئېتىپ يىغلىغىنىچە غەيرەتنى ئېلىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى ۋە غەيرەتنى مېنى مۇشۇنچىلىك گەپكە قويغۇچە ئۆلۈپ قالساڭ بولماسمىدى، دەپ ئۇرۇپ كەتتى. ئارقىدىن يەنە غەيرەتنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپ كەتتى. بۇ چاغدا زۇلپىيە مۇمىنىڭ ياقامغا ئېسىلىپ مەرزىيەگە دەپ بولالمىغان گەپلىرىنى ماڭا ئېيتىشقا باشلىغانىدى. مەن باشقىلارغا تاماشا بولۇپ بەرمەيلى دەپ، زۇلپىيەنى سۆرەپ دېگۈدەك ئۆيگە ئېلىپ كىردىم.

— ھە، ئەمدى بىلدىم، گۆش بىلەن ياغ بىر تۇغقان، پىيازنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن دېگەندەك ئىككىڭلارنىڭ تىلى بىر، مەن سىزنى تېخى ئېرىم دەپ يۈرۈپتىمەن. خەقنىڭ ئالدىدا ماڭا چاپان ياپماقتا يوق مېنى سىلكىشلەپ يۈرۈيسىزغۇ تېخى! ئۇ پاسكىنا، بۇرنىڭىزغا چۇلۇك ئۆتكۈزۈپ بولغان! ئەرخەق دېگەن سىزدەك بولسا، تۇفى! لەنىتى!...

— ئاغزىڭنى يۇم! — دېدىم مەن يەنە، — بىگۇناھ ئادەمگە تۆھمەت قىلساڭ يۈزۈڭ چىمىلدىمامدۇ سېنىڭ؟!

— ۋىيەي تېخى، سەن دېگۈچە مەن دەۋالاي دېگەندەك مۇنۇ گېپىنى، يۈزۈم چىمىلدىغۇدەك نېمە ئىش قىپتىمەن زادى؟ سىزنىڭ مەن كەلگۈچە نېمە ئىشلارنى قىلغىنىڭىزنى بىلمەيدۇ دەمسىز؟ قورقۇشىڭىز بولمىسا، نېمىشقا بالىڭىز ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنىڭغا گەپ قىلمايسىز، سىز دېمىسىڭىزمۇ كۆڭلىڭىزدىكىنى بىلىمەن. مەنمۇ بۇنداق تۇرمۇشتىن جاق تويدۇم. مۇشۇ بىر نېمە پېشانەمگە پۈتۈلۈپ قالمىغان بولسا...

زۇلپىيە شۇنداق دېدى - دە، كامالنىڭ كاچاتلىرىغا ئۇرۇپ كەتتى. كامال چىر - چىر يىغلىغىنىچە ماڭا ئۆزىنى ئاتتى. مەن ئۇنى دەرھال كۆتۈرۈۋالدىم. زۇلپىيە ئەمدى مېنىڭ ياقامغا ئېسىلغىلى تۇردى. مەن بىر قولۇم بىلەن ئۇنىڭ قولىنى قايرىشىمغا، ئۇ يەنە بىر قولى بىلەن كاچىتىمغا بىر تەستەك سېلىۋەتتى. بۇ خورلۇققا زادىلا چىداپ تۇرالمىدىم - دە، ئۆزۈممۇ بىلمىگەن ھالدا ئۇنى بىر ئىتتىرىۋىدىم، ئۇ سېمونت يەرگە ئوڭدىسىغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئۆمىلەپ قوپتى - دە، قولغا ئېلىشقان بىر پاي سايپىما كەشنى ماڭا قارىتىپ ئاتتى. ئاندىن يەنە چىنە - قاچىلارنى چېقىشقا، كىتاب - خاتىرىلەرنى چېچىشقا باشلىدى. مەن ئارتۇقچە گەپمۇ قىلماي كامالنى كۆتۈرگىنىمچە تۇرۇۋەردىم. ئۇ بىردىنلا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ، ئۆز - ئۆزىنى كاچاتلىغىلى تۇردى...

مەن ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىغا قاراپ ھەيران بولغىنىمدىن تۇرۇپلا قاپتىمەن. ئۇنىڭ مۇنچىلىك ھازازۇل ئىكەنلىكى ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرىپ باقمىغانىدى...

كېيىنچە بۇنداق جېدەللەرگە ئاستا - ئاستا كۆنۈپمۇ قالدىم. ئۇ بىرەر باھانە تاپسىلا مەن بىلەن ئۇرۇشاتتى. ئۇرۇشقاندا كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالاتتى. ئۇرۇشۇپ ئاچچىقى چىقىپ بولغاندىن كېيىن يەنە مەندىن كەچۈرۈم سورايتتى، ئەلۋەتتە، مەنمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلەتتىم. ئۇ مەندىن مۇھەببەت تەلەپ قىلىدۇ. بىراق مېنىڭ كاللامغا مەرزىيەگە بولغان ئىنتىلىش ئورناپ كەتكەن.

زۇلپىيە مەن ئۈچۈن گويا يېنىمدىكى ئىسسىق چىراغ، خالىسام ياندۇرىمەن، خالىسام ئۆچۈرىمەن. مەرزىيە بولسا كۆكتىكى ئاي. مەن ئۇنى ياندۇرىمەن دەپمۇ ياندۇرالمايمەن. ئۆچۈرىمەن دەپمۇ ئۆچۈرەلمەيمەن. ئۇنىڭ يارقىن نۇرلىرى مېنى ھاياجانغا سالغاندا، يېنىمدىكى چىراغنىڭ پىلدىرلاپ تۇرغان ئاجىز نۇرلىرى ماڭا تولىمۇ ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بىراق زۇلپىيە يەنىلا مېنىڭ نىكاھلىق ئايالىم - دە، مەن ئۇنىڭغا كۆڭۈل بېرەلمىسەممۇ ئۇنى قانۇن ۋە بارلىق كىشىلەر ئارماننىڭ ئايالى دەپ تونۇيدۇ. مەرزىيەنىچۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇ قەلبىمدە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلىگەن. مېنىڭ ياشلىق چاغلىرىمدىن قېپقالغان ئارزۇ - ئارمانلىرىم، كۆڭلۈمگە كۆمۈلۈپ قالغان تەقەززالىق ئۇنى سۆيگۈ مەبۇدەم دەپ تونۇيدۇ. زۇلپىيەنى ئويلىسام، دۇنيادىكى ھەممە مەۋجۇداتلار گويا مەلۇم ئېھتىياج تۈپەيلىدىنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقاندەك، ئۆزۈممۇ ئەقىل - ئىدراكىمنىڭ كۈچى بىلەن ياشاپ كېلىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. مەرزىيەنى ئويلىساملا ئۆزگىچە دۇنياغا كىرىپ قالىمەن. شېرىن خىياللار، گۈزەل تەسەۋۋۇرلار بەخش ئەتكەن ھاياجاندىن يۈرىكىم لەرزىگە كېلىدۇ. بۇنداق چاغلاردا، ماڭا پەقەت ھېسسىي غالىبلىقلا بەخت ئېلىپ كېلەلەيدىغاندەك تۇيۇلىدۇ... بىراق مېنىڭ مەرزىيەگە بولغان ئېتىقادىمنى ئۆزۈمدىن بۆلەك ھېچكىم ئېتىراپ قىلمايدۇ. ھەتتا ئۇنى بىرخىل ئەخلاقسىزلىق دەپ قارايدۇ.

مەن زۇلپىيەنى رەنجىتىشنى خالىمايتتىم. مەرزىيەگە بولغان يوشۇرۇن مۇھەببىتىمنىمۇ تەرك ئېتەلمەيتتىم. ئەلۋەتتە بۇنى ھەرقانچە سىر ساقلىساممۇ زۇلپىيە بىلىپ تۇراتتى. ئۇ مېنىڭ تاماكىنى كۆچەپ تارتىشلىرىمدىن، ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۇھ دەپ قويۇشلىرىمدىن مېنىڭ نېمە ئويلاۋاتقىنىمنى، نېمە ئىشلارنى خىيال قىلىۋاتقىنىمنى بىلىپ تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇنى يەنە رەنجىتىپ قويدۇم. بۇ قېتىم ئۇ رەنجىگەندىمۇ قاتتىق رەنجىدى. بىراق ئىلگىرىكىدەك مەن بىلەن ئۇرۇشۇپمۇ يۈرمىدى.

— ئارمان، بىز ئاجرىشىپ كېتەيلى، — دېدى ئۇ كۆزلىرىگە مۆلدۈرلەپ ياش ئالغان ھالدا، — مەن كۆپ ئويلاندىم. ئەمدى سىزگە ئارتۇقچە يۈك بولۇپ قالغاندەك تۇرىمەن. سىزنى ھەرقانچە قوغلاشقىنىم بىلەنمۇ بەرىبىر تۇتۇپ قالالمىغۇدەكمەن...

ئىش مۇنداق يۈز بەرگەنىدى: شۇ كۈنى قولۇمغا شەھەرلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيىنىڭ بىر بېلەتى تېگىپ قالدى. ئۇقۇشسام بۇ ماي بوياق رەسىم كۆرگەزمىسىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەرنى مۇكاپاتلاش مۇراسىمى مۇناسىۋىتى بىلەن تارقىتىلغان بېلەت ئىكەن. ئۆزۈم گۈزەل سەنئەتكىمۇ قىزىققاچقا، چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىلەر بىلەنلا ئۇيەرگە يېتىپ باردىم. مۇراسىمغا ھەرقايسى ساھەلەردىن بولۇپ نۇرغۇن ئادەم كەلگەنىكەن.

مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىلەرنىڭ ئىسىملىكى ئوقۇلغاندا، ئۈچىنچى بولۇپ مەرزىيەنىڭ ئىسمى چىقتى. مەن قۇلىقىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم. مۇكاپاتقا گويا ئۇ ئەمەس، ئۆزۈم ئېرىشكەندەك خۇش بوپ كەتتىم. بىر تۇرۇپ، باشقا مەرزىيە بولۇپ قالمىسۇن يەنە دەپمۇ ئويلىدىم. مەن ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقانلارغا كۆزۈمنى ئۈزمەي قاراپ تۇردۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاخىرىدىراق چىققان زىلۋا ئايالنى كۆرۈش بىلەنلا ھاياجاندىن يۈرىكىم ئويناپ كەتتى. بۇ نەق بىزنىڭ مەرزىيە ئىدى!

مەن مەرزىيەگە قارىدىم. ئۇنىڭ غەمكىن كۆزلىرى باشقىچە نۇرلىنىپ، بىزگە تەبەسسۇم بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۇ شۇ تاپتا قانچىلىك خۇشال بولۇۋاتقاندۇ-ھە، — دەپ ئويلىدىم مەن، — سەنئەتكار ئۈچۈن ئۆز ئەسىرىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشىدىنمۇ ئارتۇق بەخت بولامدۇ

بۇ چاغدا مەرزىيەمۇ مېنى كۆرۈپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىگىنىمچە بېشىمنى لىڭشىتتىم. بۇ ئارقىلىق ئۇنى قۇتلۇقلايدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم.

كەچتە مەرزىيە ئىككىمىز مەكتەپكە بىللە قايتتۇق. يول بويى خۇددى ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمىزدىكىدەك سەنئەت ھەققىدە پاراڭلىشىپ ماڭدۇق. مەرزىيە دەسلەپتە تولىمۇ ھاياجان بىلەن ئۆزىنىڭ سەنئەت ۋە رەسساملىق ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنى سۆزلىدى. كېيىن نېمىشقىدۇر، چىرايىدىكى كۈلكە يوقاپ يەنە غەمكىن تۈس ئېلىشقا باشلىدى. بەلكىم مۇكاپاتقا ئېرىشكەن چاغدىكى ھاياجىنى تۈگەپ، يەنە بۇرۇنقى كۆڭۈلسىز ئىشلار ئېسىگە كەلگەندۇر.

— مەنمۇ بۇرۇن بىرەر نەتىجە يارىتىمەن، شۆھرەت قازىنىمەن دەپ رەسىم سىزاتتىم. بىراق ھازىر شوپېنخائىرچە ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇ سەنئەتنىڭ مۇددىئاسى كىشىلەرنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن دېگەنىكەن. مەنمۇ ھازىر پەقەت خىيال سۈرمەسلىك، كۆڭۈل ئازابلىرىمنى ئۇنتۇش ئۈچۈنلا رەسىم سىزىش بىلەن ئەرمەك بولۇپ ئۆتۈۋاتىمەن.

— ياق، بۇ قارىشىڭىز توغرا ئەمەس، — دېدىم مەن، — ھەرقانداق ئادەمنىڭ چۈشكۈنلىشىدىغان مەزگىلى بولىدۇ. پەقەت ئىرادىسىز كىشىلەرلا چۈشكۈنلۈكنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىدۇ. لېكىن سىزدە يەنىلا بۇ ئازابلارنى يېڭىپ كېتىدىغان جاسارەت بار.

— بەلكىم شۇنداقتۇر... — ئۇ بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بىراق بۇ مېنىڭ ھەقىقىي سۆزۈم. مەن ئاتالمىش جاسارەت، غەيرەت دېگەندەك ئاتالغۇلار بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ئازابنى يوشۇرۇشنى خالىمايمەن. ئادەم ئۈمىدۋار بولغىنى ياخشى. ئۈمىدۋار ئادەمدە جاسارەت بولىدۇ. ئەمما كۆڭۈلدىكى ئازابلارنى ۋە روھىي دۇنياغا يوشۇرۇنغان غەمكىنلىكلەرنى يوشۇرماي ئەينەن ئېيتىشمۇ بىر خىل جاسارەت!

بىز ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ، يان كوچا بىلەن مەكتەپكە ماڭدۇق. مەرزىيە نېمىدىندۇر ئەنسىرىگەندەك ئېيتتى:

— سىز كىرىپ كېتىۋېرىڭ، مەن ئارقىڭىزدىن كىرەي. بىللە ماڭغىنىمنى يەنە زۇلپىيە كۆرۈپ قېلىپ، كۆڭۈل ئاغرىقى بولمىسۇن.

— قورقماڭ، — دېدىم مەن، — زۇلپىيە كۆرسە كۆرمەمدۇ.

— ئۇنداق دېمەڭ، مېنى بالاغا قويىسىز.

ئەمدى مەرزىيەگە كۆڭۈلدىكى گەپلەرنى دەيدىغان مەزگىل كەلگەنىدى. بىراق.

سۆزلى ئەدىن باشلاشنى بىلەلمەيتتىم.

— قولىدىن كەلگەننى قىلىمامدۇ. مەنمۇ ئۇنداق نېمىدىن بىزار بولۇپ كەتتىم، — دېدىم ئاخىرى.

— ئېمىلا بولىسنى بىلەن ئۇ سىزنىڭ ئايالىڭىز، ھەرھالدا ياخشى ئۆتكىنىڭلار تۈزۈك.

— ئۇغۇ مېنىڭ ئايالىم، بىراق، — مەن ئېمىندۇر دېمەكچى ئىدىم، ئەمما ئاخىرىنى ئېيتىش ماڭا ناھايىتىمۇ ئەپسىز بىلىندى. بۇ چاغدا بىز دەريا ئانىنىڭ بويىغا كېلىپ قالغانىدۇق.

بىز ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا دولقۇنلىرىغا بىر پەس قاراپ قالدۇق. دەريا شاۋقۇنلىرى ئېسىمگە مەرزىيەنىڭ بىر چاغلاردىكى يۈرەك سۆزلىرىنى ئەسلەتتى. مەن شۇتاپىنىڭ ئۆزىدىلا مەرزىيەگە بارلىق كۆڭۈل سىرلىرىمنى ئاشكارىلىماقچى بولدۇم، بىراق ئاغزىمغا ھېچ گەپ كەلمىدى.


— قاراڭ دەريا دولقۇنلىرىغا، — دېدىم مەن، — ئۇنىڭ شاۋقۇنلىرىغا ئۇبدان قۇلاق سېلىڭ. ئۇ بىزنىڭ يۈرىكىمىزدىكى گەپلەرنى دەۋاتىدۇ.

— قويۇڭە سىزنى، يەنە رومانىنىڭ خىياللارغا چۆككىلى تۇردىڭىز، — دېدى ئۇ ماڭا قىزىقسىنغان ھالدا تىكىلىپ.

— ئىشەنمەمسىز؟ دەريا ئانا شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە بىزنىڭ ئېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقلىرىمىزنى بىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. سىز دېمىگەن بىلەن دەريا ئانا سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدىكى گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ماڭا سۆزلەپ بېرىدۇ.

— بولدى، ئۇ گەپلەرنى قويۇڭ، — دېدى ئۇ كېيىمىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ، كۆزلىرىنى دەرھال مەندىن ئەپ قېچىپ دولقۇنلارغا تىكىلگىنىچە، — ھېكايە، رومانلارنى بەكلا كۆپ ئوقۇپ كېتىپسىز.

شۇ چاغدا بىرى قارا دېگەندەك قىلىپ قالدى، شۇنداق ئارقامغا قارىسام، زۇلپىيە كامالنى كۆتەرگىنىچە بىزگە قاراپ تۇرۇپتۇ!



...ابولغان ئىشىنىڭ بارى شۇ، زۇلپىيە بىزنىڭ گەپلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلاپ تۇرغانىكەن. ئەسلىدە ئۇ بىز ئاپتوبۇستىن چۈشكەن چاغدا كۆرۈپ قېلىپ، ئارقىمىزدىن ئىز بېسىپ كەلگەنىكەن.

www.uyghurkitap.com

زۇلپىيە بۇ كۈنى مەن بىلەن ئۇرۇشۇپمۇ يۈرمىدى. ئەمما چىرايى گويا يۇلۇپ تاشلىنىۋەتكەن گۈل بەرگىلىرىدەك بەكلا سۇلغۇنلىشىپ كەتتى. ئۇ ئۆيگە كىرگىنىچە ماڭا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ بارلىق دەرد - ئەلەملىرىنى كۆز ياشلىرى بىلەن چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك ئۈزۈنغىچە يىغلىدى. مەن ئۇنىڭغا نېمىدەپ تەسەللى بېرىشنىمۇ بىلمەيتتىم. ھەتتا ئۇنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قاراشقىمۇ پېتىنالماي، بېشىمنى ساڭگىلاتقىنىمچە ئولتۇردۇم. ئەمدى، ھەرقانچە يوشۇرغان بىلەنمۇ بەربىر ئىدى...

5

شۇنداق قىلىپ، ئۇ كامالنى ئېلىپ كېتىپ قالدى...

مەن ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى ئاقلاشقىمۇ ئامالسىز ئىدىم. ئۇ كەتكەندىن كېيىن بىرەر ھەپتىنى ئۆتكۈنۈش، ئۆز - ئۆزۈمنى جىملەش ۋە زۇلپىيەگە ئىچ ئاغرىتىپ ئازابلىنىش بىلەن ئۆتكۈزدۈم. لېكىن مەرزىيەگە بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتىم بۇ ئىشلارنىمۇ تېزلا ئۇنتۇپ كېتىشىمگە سەۋەبچى بولدى.

مەن ھازىر بىكار بولساملا مەرزىيەنىڭ ئۆيىگە كىرىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇندىن ئۇزۇن پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدىغان بولدۇم. ئۇ بەزىدە بىز بۇنداق يۈرۈۋەرسەك باشقىلار نېمىدەپ ئويلاپ قالار؟ دەپ ئەنسىرەپمۇ قوياتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ قوياتتىم. شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ بۇرۇنقىدەك قويۇق مۇناسىۋىتىمىز يەنە ئەسلىگە كەلدى.

بۈگۈن ئۇ يېقىندا سىزىپ پۈتتۈرگەن بىر رەسىمىنى ئىشخانىسىدىن ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەنىكەن. مەن بۇ رەسىمگە قىزىقىپ قالدىم.

رەسىمگە غايەت زور بىر يۈرەكنىڭ رەسمى تاغقا ئوخشىتىپ سىزىلغانىدى. يۈرەك تومۇرلىرى قات - قات تاغ تىزمىلىرىغا، يۈرەكنى ئوراپ تۇرغان مايلار تاغ چوققىلىرىدىكى ئاپئاق بۇلۇتلارغا ئوخشىتىلغانىدى. تاغ ئاستىغا مۈگدەپ ياتقان چىلان تۇپراق، چىلان تۇپراقتا ئېغىناپ ياتقان بىر قىز سىزىلغانىدى.

— پۈتۈن رەسىمنى قىزىل، سېرىق، قارا ئۈچ خىل ئىسسىق رەڭ بىلەنلا سىزىپ چىقتىم، — دېدى ئۇ سىزىش ئۇسلۇبىنى ماڭا چۈشەندۈرۈپ.

مەن گەرچە نېمىنىڭ ئىسسىق رەڭ، نېمىنىڭ سوغۇق رەڭ ئىكەنلىكىنى بىلمىسەممۇ، ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشى بويىچە رەسىمگە قارىدىم. رەسىمگە قارىغانسېرى ئۇنىڭدىكى بەدىئىي كۈچنىڭ تەسىرىدىن ئاجايىپ گۈزەل دۇنياغا كىرىپ قېلىۋاتاتتىم.

— شۇ تاپتا، رەسىمىڭىزنى كۆرۈپ مۇنداق تۇيغۇلارغا كېلىۋاتىمەن، — دېدىم مەن ئۆز كۆز قارىشىمنى سۆزلەپ، — بىر تۇرۇپ ئۆزۈمنى پۈتۈن ئەتراپى قىزىللىققا چۆمۈلگەن تاڭ ئۇپۇقىدا تۇرغاندەك ھېس قىلسام، يەنە بىر تۇرۇپ چوڭقۇر جىلغىدا قانغا بويىلىپ يېتىپ قالغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. بىر تۇرۇپ ساپ كۆڭۈل، ۋاپادار بىر قىزنىڭ

سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاۋاتقاندەك ھېس قىلسام، يەنە بىر تۇرۇپ زېمىننىڭ تارىخىنى ئوقۇۋاتقاندەك بولۇۋاتىمەن.

— مەن بۇ رەسىمدە، — دېدى مەرزىيە بىرئاز ھاياجانلانغان ھالدا، — ئالاھىدە بىر يېڭى مەنىنى ئىپادىلىمەكچى ئەمەسمەن. مەن بۇ رەسىم ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ زامان ۋە ماكاندىن ھالقىغان بىر خىل سۇبيېكتىپ ئارزۇيۇمنىلا ئىپادىلىمەكچى. ئۇخلاۋاتقان زېمىن قويندا ياتقان قىز مېنىڭ سىمۋولۇم. تاغ شەكلىدىكى يۈرەك — مېنىڭ يۈرىكىم، مەن زېمىننىڭ قىزى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ زېمىننىڭ تارىخى ئەمەس، بەلكى ئۆزۈمنىڭ تارىخىم. بۇ رەسىمدىكى ھەربىر سىزىق مېنىڭ بالىلىق ۋە قىرانلىق، شادلىق ۋە ئازاب، ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆتكەن ھاياتىمنىڭ ئىزناسى.

— رەسىم ھەقىقەتەن ياخشى سىزىلىپتۇ، — دېدىم مەن قايىل بولۇپ، — رەڭ بىلەن ھېسسىيات، مەنزىرە بىلەن تەسەۋۋۇر بىر-بىرىگە ناھايىتى ياخشى گىرەلەشتۇرۇلۇپتۇ.

— بىراق، بۇ رەسىمدىنمۇ بىر خىل غەمكىنلىك چىقىپ تۇرىدۇ.

— تاگۇر خىلدۇەت جايلارغا نۇرغۇن گۈزەللىكلەر يوشۇرۇنغان بولىدۇ دەپتىكەن، غەمكىنلىكنىڭ تېگىگىمۇ نۇرغۇن گۈزەللىكلەر يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

مېنىڭ سۆزۈم ئۇنىڭغا خېلى تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، ئۇ جىممىدە بولۇپ قالدى.

كەچتە مېنىڭ تەكلىپىم بىلەن ئىككىمىز باغچىغا باردۇق.

بۇ كۈز مەزگىلى بولغاچقا دەرەخلەرنىڭ ئالدى خازان تۆكۈشكە باشلىغانىدى. يول بويىدىكى چىراغلار باغچە ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. كۈز شامىلى يوپۇرماقلارنى داۋاملىق ئۇچۇرۇپ چۈشۈرمەكتە ئىدى. بىز خازانلار تۆكۈلگەن يولنى بويلاپ ئاستا ماڭدۇق. مەن بىردىنلا مەرزىيەگە كۆڭۈل ئىزھار قىلىپ تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئايلانغان چاغلارنى ئەسلەپ قالدىم، ھازىرچۇ؟ ھازىرمۇ شۇ چاغدىكىدەك بىر-بىرىمىزگە ياندىشىپ دېگۈدەك كېتىپ بارساقمۇ، بىراق ئۇ چاغدىكى ھېسسىياتىمىز بىلەن ھازىرقى ھېسسىياتىمىز ئوخشىمايتتى. ئۇ چاغدا بىز گويا تۇخۇم يېرىپ چىققان يۇمران چۈجىلەرگە ئوخشايتتۇق. ھەممىلا نەرسە بىزگە يېڭى بولۇپ تۇيۇلاتتى. بىراق ھازىر بىز كۆپ ئىشلارنى كۆرگەن تەمكىن ئادەملەرگە ئايلىنىپ قالدۇق. ھېسسىياتىمىزدىكى ئوخشاشلىق ۋە ھايات قانۇنىيىتى بىزنى يەنە بىر يولدا ماڭغۇزۇپ قويدى. شۇنداقتىمۇ بىزگە بىر نەرسە يەنىلا يېڭى بولۇپ تۇيۇلماقتا ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، مۇھەببەت! بىز بىر-بىرىمىزگە مۇھەببەت ئىزھار قىلمىساقمۇ لېكىن بىر-بىرىمىزنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئوبدان چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

مەن ئەمدىلەتىن مۇھەببەت يولىغا قەدەم قويغان يىگىتلەردەك قايناق ھېسسىيات بىلەن كېتىپ باراتتىم. ئىلگىرى مەن ھەسرەت چەككەن چاغلاردا چوغدەك گۈللەر، زۇمرەتتەك ياپيېشىل دەرەخلەر، سۈپسۈزۈك سۇلارنىڭ ھەممىسىلا ماڭا كۆرۈمسىز بولۇپ تۇيۇلغانىدى. ئەمدىلىكتە ماڭا ئەتراپتىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىلا، يالىڭاچلىنىپ قالغان دەرەخ شاخلىرى، قوراي بولۇپ قالغان گۈل غوللىرى، قۇرۇپ كەتكەن ئوتلار، ئۇۋۇلۇپ توپىغا مىلىنىپ كەتكەن يوپۇرماقلارمۇ گۈزەل ۋە يېقىملىق بولۇپ تۇيۇلماقتا...

مەن بىردىنلا ئۆمەر مۇھەممەدىنىڭ «خازانلار چۈشكەندە» شېئىرىنى ئەسلەپ قالدىم ۋە مەرزىيەگە ئوقۇپ بەردىم:

....
شىرت - شىرت...
ئاستا يەر قۇچىقىدا
يەرنى سۆيۈپ خازانلار چۈشىدۇ.
دەرەخلەردە يوپۇرماقلار شالاڭلايدۇ.

مەرزىيە شېئىرنى زوقلىنىپ ئاڭلىدى ۋە:

— ھەقىقەتەن ياخشى شېئىر ئىكەن. شېئىرنى ئاڭلاپ بىر پارچە رەسىم كۆرگەندەك بولدۇم، — دېدى.

بىز پاراڭلاشقانسېرى پاراڭىمىز ئاۋۇغىلى تۇردى. پىكرىمىزمۇ دائىم دېگۈدەك بىر يەردىن چىقاتتى. بىز بىر - بىرىمىزنى شۇنچىلىك چۈشىنىدىغانلاردىن تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا...

بىز بىر دەرەخ ئاستىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇق.

مەن تاماكا چەككەچ ئاسمان بوشلۇقىغا تىكىلدىم. ھاۋا ئوچۇق بولغاچقا يۇلتۇزلار چىمىرلاپ تۇراتتى. مەرزىيەمۇ يۇلتۇزلارغا قارىغىنىچە بىر پەس تۇرۇپ قالدى.

— مەن كىچىكىمدە يۇلتۇزلارغا قاراپ تۇرۇشنى بەك ياخشى كۆرەتتىم، — دېدى ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا.

— مەنمۇ شۇنداق ئىدىم.

— مەن ئۇ چاغلاردا ھاياتنى خۇددى ئاشۇ يۇلتۇزلارغا ئوخشاش نۇرلۇق بولىدۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتىم، بىراق كۈتكەنلىرىمنىڭ بىردىگىمۇ ئېرىشەلمىدىم.

— مەنمۇ ئۇ چاغلاردا سىزگە ئوخشاش ھېسسىياتتا ئىدىم، نۇرلۇق يۇلتۇزلارغا تەلپۈنەتتىم. بىراق ئۇ چاغلاردا باللارچە ھېسسىياتىمغا تايىنىپلا شۇنداق ئويلىغان ئىكەنمەن. ئەمما مەن يەنىلا شۇ نۇرلۇق يۇلتۇزلارغا قاراپ تۇرۇشنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدىم مەن.

— مەن ئۇنداق ئەمەس، — بۇ قېتىم ئۇ سۆزۈمگە قارشىلىق بىلدۈردى، — مەنمۇ ئىلگىرى بىر قاراشتىلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان نۇرلۇق يۇلتۇزنى ياخشى كۆرەتتىم، ھازىر نۇرلۇق يۇلتۇز ماڭا تولىمۇ كۆرۈمسىز كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى... سىز ئاشۇ نۇرلۇق يۇلتۇزنىڭ ئارقىسىدىكى بىر ئۆچۈپ، بىر يېنىپ، كۆزگە ئارانلا چېلىقىپ تۇرغان ئاۋۇ يۇلتۇزلارغا قاراڭ. ئۇلار تولىمۇ يىراقتا، سەللا دىققەت قىلمىغان ئادەم ئۇنى كۆرەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ نۇرلۇق يۇلتۇزلاردىن تېخىمۇ نۇرلۇق... مەن ھازىر ئەنە شۇنداق يۇلتۇزلارنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم...

مەن خىرە يۇلتۇزلارغا تىكىلگىنىمچە ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدىم ۋە ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ سۆزنىڭ مەنىسىگە يەتتىم - دە، مەرزىيەگە قارىدىم. ئۇنىڭ ماڭا مۇھەببەت بىلەن

تىكىلىپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرىمۇ، ئۆز سۆزلىرىنىڭ دەل مەن ئويلىغاندەك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

ياپراقلار مەيىن كۈز شامىلىدا شىلدىرلاپ تۆكۈلمەكتە. ئېرىقتىكى سۈزۈك سۇلار ئۇلارنى يۇيۇپ - تاراپ شىرىلداپ ئاقماقتا. بۇلۇتسىز، سۈزۈك ئاسماندا سانسىز يۇلتۇزلار جىمىرلاپ يانماقتا...

بۇ ئۇرۇمچىنىڭ مەن تۇغۇلۇپ شۇ كەمگىچە تۇنجى قېتىم كۆرگەن ئەڭ سۈزۈك ۋە يۇلتۇزلارنىڭمۇ ئەڭ كۆپ يېنىپ تۇرغان گۈزەل ئاسمىنى ئىدى. شۇنداقلا بۇ يەنە ئۇزۇندىن بېرى دەرد - پىراقتا مۇجۇلۇپ كەلگەن يۈرىكىمنىڭمۇ تۇنجى قېتىم ئۆز ئەركى بويىچە ئازادە، خۇشال سوقۇشى ئىدى...

6

مەرزىيەنىڭ شۇ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەن باشقىچىلا بىر ئادەم بولۇپ قالدىم. ئۆزۈمنى بىر بالىسى بار ئەر ئەمەس، بەلكى مۇھەببەت يالقۇنلىرىغا پەرۋانىدەك ئىنتىلىپ تۇرغان شوخ يىگىتلەردەك ھېس قىلىشقا، ئايالىم ۋە بالامنىمۇ ئۇنۇتقان ھالدا بارلىق ھېسسىياتىمنى مەرزىيەگىلا ئاتاشقا باشلىدىم. ئىلگىرى ئازابلىق خىياللار دەستىدىن ئۇخلىماي يۈرگەن بولسام، ھازىر خۇشاللىق ئىچىدە گۈزەل تەسەۋۋۇرلارنى قىلىپ ئۇيقۇم كەلمەيدىغان بولدى. چۈنكى مەن ئۆمۈر بويى ئېرىشەلمەيمەن دەپ ئۈمىدنى ئۈزگەن مۇھەببەتكە، مەرزىيەنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەنىدىم. ھايات ئاخىرى ئۇنىڭغا كىمنىڭ ھەقىقىي ئىنسان ئىكەنلىكىنى، كىمنىڭ ئۇنىڭغا چىن دىلىدىن ئەقىدە قىلىپ كەلگەنلىكىنى تونۇتتى. مەن ئۇنىڭ قەلبىدىن كېچىكىپ ئورۇن ئالغان بولسامۇ، بەربىر كۈتكىنىمگە ئېرىشتىم. بىراق كامال بىلەن ئايالىم ئېسىمگە چۈشۈشى بىلەنلا يەنە روھسىزلىنىپ بېشىم چۈشۈپ كېتەتتى. مەن ھازىر كۈتكەنلىرىمنىڭ كۆلەڭگىسىنىلا كۆرگەنىدىم. ھەقىقىي بەختكە، ئۆمۈرلۈك خۇشاللىققا ئېرىشىمەن دەيدىكەنمەن مەرزىيە بىلەن توي قىلىشىم كېرەك. ئۇ چاغدا ئايالىمنىڭ كۆزى ياش بىلەن تولىدۇ، ئوغلۇم يېتىم ئوغلاق دېگەن ئاتاققا قالىدۇ. بىزنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا نەپرەتلىنىدۇ... شۇلارنى ئويلىسام مېنىڭ بۇ شېرىن خىياللىرىم گويا راسا يوغىناپ ۋاققىدە يېرىلىپ كەتكەن شاردەك نەلەرگىدۇ غايىب بولىدۇ.

مەن يەنە مەرزىيە بىلەن ئۇچرىشىپ قالىمەن. بىزنىڭ كۆزلىرىمىز بىر - بىرىمىزدىن ئىمىلەرنىدۇ، تەلەپ قىلىشىدۇ. بۇ ئۈن - تىنسىز قارىشىشلاردىن بىز بىر - بىرىمىزنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىمىز. بۇنداق چاغلاردا تىنىپ قالغان قايناق سۇ كۈچلۈك يالقۇن تەپتىدىن پورۇقلاپ قايناپ كەتكىنىدەك، بەزلەش بىلەن تىنچىپ قالغان تۇيغۇلارمۇ بىردىنىلا ئويغىنىپ، يۈرىكىم لەرزىگە كېلىدۇ. مەن يەنە گۈزەل تەسەۋۋۇرلارنى قىلىپ ئۆزۈنىچە خىيال سۈرىمەن. تاتلىق خىياللىرىمدىن ئۆزۈمچە ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈپ قويىمەن... زۇلپىيە بولسا گويا مېنى ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن مورلاۋاتقان غالجىر مۈشۈكتەك

uyghurkitap.com

كۆرۈنۈپ كېتىدۇ. «ئاھ، ئۇنىڭدىن قاچانمۇ قۇتۇلارمەن» دەيمەن ئېغىر تىن تارتىۋېتىپ، بىراق كۆزىنى ياشلاپ كىشىلەرگە تەلمۈرۈپ تۇرغان كاماللىق كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈشۈم بىلەنلا يەنە ئۆز-ئۆزۈمگە نەپرەتلىنىپ كېتىمەن. زۇلپىيەگىمۇ تۇرۇپلا ئىچىم ئاغرىپ قالىدۇ... شۇ تاپتا مەن ئۇچۇشقا شۇنچە ئىنتىزار بولسىمۇ، ئاستىدا بېسىپ ياتقان تۇخۇملىرىنى تاشلاپ كېتەلمەيۋاتقان قۇشقا ئوخشىشىپ كېتەتتىم...

ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ كەچمۇ بولۇپ قالدى. مەن چوڭ ئۆيگە قايتماقچى بولۇپ چاپىنىمنى كىيەي دەپ تۇرۇشۇمغا ئىشىك تىرىقلىغاندەك بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىم. ئىشىك تۈۋىدە غەيرەت ئويۇنچۇق پىلىموتىنى تۇتقىنىچە تۇرغانىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈش بىلەنلا «دادا» دەپ ماڭا ئېسىلدى.

— بالام، — دېدىم مەن ئۇنى كۆتۈرۈۋېلىپ ۋە ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزۇپ قويدۇم:

— مىلتىقىڭنى كىم ئېلىپ بەردى؟

— ئاپام، — دېدى ئۇ چۈچۈك تىلىدا.

— مىلتىق بىلەن كىمنى ئاتىسەن؟

— دۈشمەنلەرنى.

— باتۇر بالا بوپسەن، دۈشمەنلەرنى جىقراق ئات.

ئۇ بۇ ماختىشىمدىن بەكلا خۇش بولۇپ كەتتى ۋە دەرھال دۈشمەنلەرنى ئېتىۋاتقاندەك، پىلىموتىنىڭ تەپكىسىنى بېسىپ تاتاتىلىتىپ قويۇپ بەردى. مەن ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىدىن زوقلىنىپ، ئۇنىڭغا بىر تال ئالما تۇتقۇزۇپ قويدۇم.

بۇ چاغدا ئۆيگە مەرزىيەمۇ كىرىپ كەلدى.

— ئۆيدە زادىلا جىم ئولتۇرمايدۇ بۇ قۇياڭقا، — دېدى ئۇ بوسۇغىدىن كىرىشى بىلەنلا، — چوڭ بولۇۋالسا ئوت بولىدىغان ئوخشايدۇ.

— ئوغۇل بولسا شوخ بولسا، شوخ بولمىسا يوق بولسا، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، — دېدىم مەنمۇ غەيرەتنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ.

مەرزىيە ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، ئۇ چىققىلى ئۇنىمىدى.

— بولدى، ئويناۋەرسۇن، — دېدىم مەن.

شۇنىڭ بىلەن بىز بىر پەس پاراڭلىشىپ تۇرۇپ قالدۇق. گەپ ئارىلىقىدا ئۇ ئىدىشقا دۈۋىلىنىپ كەتكەن كىرلارنى كۆرۈپ:

— زۇلپىيەنى قاچان ئەكىلىۋالىسىز؟ — دەپ سوراپ قالدى.

مەن دەماللىققا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي ئۇنچىقماي تۇرۇپ قالدىم. مەرزىيە ئۆز سۆزىگە ئۆزى جاۋاب بەرگەندەك سۆزلىدى:

— ۋاقتىدا ئەكىلىۋېلىڭ، ئۆزىڭىزمۇ قىيىنىلىپ كېتىسىز!.. زۇلپىيەمۇ مېنى باشقىچە چۈشىنىدۇ. ئىشقىلىپ مەن ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قېلىشقا سەۋەبچى بولۇپ قالدىممىكىن دەپ ئويلايمەن...

— ياق، سىزدە گۇناھ يوق، — دېدىم مەن دەرھال، — بۇنىڭغا ئۆزۈم سەۋەبچى. مەن

ئۇنى ئەكسىلئۇبلىشنى ئويلاپ باقمىدىم، راستىنى ئېيتسام، ئەكسىلئۇالغان بىلەنمۇ بەزىبىر ئوخشاش.

— نېمىشقا؟

— ئۇ توغرىلىق پاراڭلاشمايلى.

مەرزىيە شۈككىدە بولۇپ قالدى.

كەچتە مەن يەنە دەريا ئانىنىڭ قېشىغا چىقتىم.

— هەي ئارمان، هەي ئارمان، قاچانمۇ مۇشۇ تۈگىمەس خىياللاردىن ساقىت بولارسەن، — دېدى دەريا ئانا چىرايىمغا قارىغىنىچە ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، — قارىغاندا مېنىڭ سۆزۈمگىمۇ كىرمەيدىغان ئوخشايسەن، قارلىغاچ بىر قىش ئۆتۈپ كەتسىمۇ يەنە ئۆز ئۇۋىسىنى تېپىپ كەلگەندەك سەنمۇ ئاخىر بېرىپ يەنە شۇ مەرزىيەنى ئەگىلى تۇردۇڭ، بۇنىڭغا نېمە دەيمەن، سەنمۇ بەختلىك بولسام دەيسەن، بوپتۇ،

مەن ساڭا مەرزىيەنىڭ ئاخشام يازغان خاتىرىسىنى ئوقۇپ بېرەي:

«... مەن كۆپ ئويلاندىم. ئاخىر ئارمان بىلەن ئۆتۈپ كېتىش قارارىغا كەلدىم. ئۇمۇ ئۆز ئايالىدىن بىزار بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدا ئۆز ئايالىغا نىسبەتەن مۇھەببەت يوق. ئۇ يەنىلا مېنى ياخشى كۆرىدىكەن، ئويلاپ باقسام ماڭىمۇ شۇنداق ئادەم زۆرۈر ئىكەن. ئەمدى مېنى ئۇنىڭدەك ياخشى كۆرىدىغان ئادەم ئەبەدىلئەبەد چىقمايدۇ...ئەگەر ئۇ خالىسا... لېكىن ئۇنىڭ ئايالى ۋە گۆدەك بالىسى بار... بىراق ئارمان ئۇنىڭ بىلەن بەختلىك ئۆتەلمەيدۇ، مەن ئارماننى بەختلىك قىلالايمەن، ئۆزۈممۇ تارتقان زىيانلىرىمنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ كېتەلەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەكتەپتە ھەممىسى دېگۈدەك ئارمان ئىككىمىزنى...»

مەن خىيال بىلەن ئۆيگە قايتتىم.

ئاھ زۇلپىيە، مەن سېنى ئاخىرى بەختكە ئېرىشتۈرەلمىدىم. سېنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدىكەن، مېنى كەچۈر. ئاھ بىچارە ئوغلۇم كامال، سەنمۇ چوڭ بولساڭ داداڭغا نەپرەتلىنەرسەنمۇ؟ بەلكىم نەپرەتلىنىدىغانسەن. لېكىن داداڭنىڭ سېنى دەپ قانچىلىك ئازابلانغانلىقىنى، داداڭنىڭمۇ كۆڭلىدە ئارزۇ-ئارمانلىرى بار ھېسسىياتلىق ئادەم ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن چېغىڭدا، بەلكىم كەچۈرۈۋېتەرسەن. مېنىڭ نېمىلا بولمىسۇن ئۆزۈم كۈتكەن خىياللارغا بىر ئۇرۇنۇپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ... خەير، مېنى كەچۈرگىن دەريا ئانا...

مەن ئۇدۇل بېرىپلا مەرزىيەنىڭ يېنىغا كىردىم. ئۇ رەسىم سىزىۋاتقانىكەن. مەن ئۇندىمەيلا ئولتۇردۇم ۋە تاماكا ئوراپ تۇتاشتۇردۇم، مەرزىيە چىرايىمدىن مېنىڭ بىر نەرسە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىمنى پەملىگەن بولسا كېرەك، ئۈنچىقماي مەندىن سۆز كۈتۈپ تۇردى.

— سىزگە بىر گەپنى ئېيتقىلى كىردىم، — دېدىم مەن باشقا سۆز تاپالماي ئۇدۇللىغىلا.

— نېمە گەپ؟

www.uyghurkitap.com

— بىز ئۆي قىلايلى!

مەرزىيە بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەندىكىپ كەتتى ۋە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جىم بولۇپ قالدى. مەنمۇ ئۇزۇنغىچە ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتىم.

— بىز ئۆي قىلايلى مەرزىيە، — دېدىم مەن يەنە ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — بىز بىر - بىرىمىزنى شۇنچىلىك چۈشىنىدىغانلاردىن تۇرۇپ يەنە نېمىشقا بىز - بىرىمىزدىن ھېيىقىپ يۈرىمىز؟ مەن ئايالىم بىلەن بەختلىك ئۆتەلمىدىم. سىزمۇ بەختسىز ئۆتتۈۋەرمەڭ...

مەرزىيە يەنىلا لام - جىم دېمەي يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى.

مەن قانداق بىر غەيرەت بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قالغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. مەن ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئۆزۈمگە تارتقىنىمچە:

— ماقۇل دەڭ مەرزىيە، مېنىمۇ، ئۆزىڭىزنىمۇ ئازابلاۋەرمەڭ، — دەپ يالۋۇردۇم.

ئۇنىڭ ۋۇجۇدى سۇس تىترەۋاتاتتى. ئۇ دەرھال نېرى سۈرۈلۈپ مەندىن ئۆزىنى قاچۇردى.

— ئايالىڭىزنى قانداق قىلىسىز؟

— ئاجرىشىپ كېتىمىز.

...

مەن يەنە ئۇنىڭ قېشىغا سۈرۈلۈپ باردىم. بۇ قېتىم ئۇنى بىراقلا قۇچاقلىۋالدىم. ئۇ تىپىرلاشقا، يۇلقۇنۇشقا باشلىدى. مەن ئۇنى قويۇپ بەرمىدىم ۋە ئۇنىڭ چاچلىرىغا، قاش - كۆزلىرىگە، ئاندىن چوغدەك لەۋلىرىگە ئەسەبىيلەرچە سۆيۈپ كەتتىم. ئۇمۇ لاسسىدە بوشاپ قۇچىقىمغا ئۆزىنى تاشلىدى ۋە بېشىنى كۆكسۈمگە قويۇپ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى...

## ئالتىنچى باب

1

كېچە...

ئۇرۇمچىنىڭ نىپىز تۇمان باسقان ئاسمىنىدا يۇلتۇزلار قىزلارنىڭ شايى ياغلىق ئاستىدىكى چاچ تەڭگىلىرىدەك غىل - پال كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. كەچكۈزنىڭ ئاخىرقى خازانلىرى ئۇچۇپ يۈرىدۇ... مەن ئۇرۇمچى دەرياسىنى بويلاپ ئاستا كېتىپ بارىمەن.

بوگۈن سۈيى سوغۇلۇپ قالغان دەريا ئانىمۇ مەن بىلەن پاراڭلاشقۇسى يوقتەك، شاۋقۇنسىز ئاقماقتا ئىدى.

— ياخشى تۇرۇۋاتامسەن دەريا ئانا؟ — دەپ سالام بەردىم ئۇنىڭغا خىيالچان كۆزلىرىمنى تىكىپ.

— ئۆزۈڭچۇ ئارمان بالام؟ ھە، بۇياققا كەپقاپسەنغۇ؟

دەريا ئانا بۇ قېتىم دىلى چېكىلىپ قالغاندەك، چىرايىمۇ ئاچماي، تىلىنىڭ ئۇچىدىلا شۇنداق دەپ قويدى. قارىغاندا سەنمۇ مەندىن رەنجىپ قالغان ئوخشايسەن - ھە، دەريا ئانا؟

— رەنجىپ نېمە قىلاتتىم،— دېدى دەريا ئانا مۇڭلۇيۇپ،— مەن ساڭا كۆرگەن-بىلگەنلىرىمنى سۆزلەپلا بېرىمەن. بىراق ساڭا مۇنداق ياشىغىن دېيەلمەيمەن. ئىنسان ياشاش يولىنى بەرىبىر ئۆزى تاپقىنى ياخشى.

ئۇ شۇ گەپلەرنى دېدى-دە، يەنە جىم بولۇپ قالدى.

مەن يەنە تۇمانلار ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان خىرە يۇلتۇزلارغا تىكىلدىم ۋە مەرزىيەنىڭ مەن ھازىر خىرە يۇلتۇزلارنى ياخشى كۆرىمەن... دېگەنلىرىنى ئەسلەپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىدە، خۇددى كۈلگە كۆمۈلۈپ ياتقان بىر پارچە چوغدەك پىنھان ۋە غەمكىن تۇيغۇ بىردىنلا كۈچىيىپ كۈچلۈك يالقۇنغا ئايلانغاندەك، تومۇر-تومۇرلىرىم قىزىشىپ كەتتى. دېمەك، تۇرمۇش دېگەن ئەنە شۇنداق، يېنىڭدا چوغلۇق ئېچىلىپ تۇرسا يىراقتىكى كاساڭ قورايغا ئىلىشىپ قالغان كۆكۈچ نەرسىگە ئىنتىلىسەن. ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ گۈل ئەمەس، بەلكى يولۇچىلار تاشلاپ كەتكەن قەغەز پارچىسى ئىكەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە يەنە ئارقاڭغا قايرىلىپ ھېلىقى چوغلۇققا قارايسەن. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە قايىل بولىسەن ... مەرزىيەمۇ ھازىر ھاياتنى چۈشەندى. نېمىنىڭ ھەقىقىي گۈزەللىك ئىكەنلىكىنى بىلدى. مەن دەرد تارتقانغا يارىشا ئاخىرى ئۇنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشتىم. شۇنچە ئۇزۇن ۋاقتىم ھەسرەت، ئۈمىدسىزلىك ۋە ئىنتىزارلىق ئىچىدە ئۆتۈپتۇ. ئۇندىن كېيىنكى ھاياتىمنى بولسىمۇ كۆڭلۈمدىكىدەك ئۆتكۈزىدىغان بولدۇم، بىراق زۇلپىيە بىلەن ئوغلۇمنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرى يادىمغا يەتسىلا يەنە چىرايىمدىكى كۈلكە يوقاپ، ھەسرەت تۇمانلىرى باسىدۇ. ئاھ، مەن بىرىمۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىشنى خالىمايتتىمغۇ. نېمىشقا ھايات ئىنساننىڭ كۈتكىنىدەك بولمايدىغاندۇ؟

مەن يەنە دەريا ئانىغا ئۆتۈنۈش نەزىرىدە قارىدىم. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ماڭا نۇرغۇن-نۇرغۇن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىشىنى كۈتمەكتە ئىدىم. بىراق ئۇ ئۈندىمىدى. قارىغاندا «ئىنسان ياشاش يولىنى بەرىبىر ئۆزى تاپقىنى ياخشى» دېگەن سۆز ئۇنىڭ ماڭا قالدۇرغان ئەڭ ئاداققى نەسىھىتى ئوخشايدۇ.

شۇنداق قىلىپ مەن ئاخىرى زۇلپىيە بىلەن ئاجرىشىپ كەتتىم. ماڭا ئۆي، بىر كارىۋات، ئورۇن-كۆرپە، كىتاب جازىسى، تاماق ئېتىدىغان گاز ئوچاق، قازان-قومۇچ دېگەندەك نەرسىلەرلا قالدۇرۇلدى. قالغان بىساتنىڭ ھەممىسى زۇلپىيەگە بۆلۈپ بېرىلدى. كامالنىمۇ زۇلپىيە ئېلىپ كەتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، شۇنداق بولۇشىنى ئۆزۈم تەلەپ قىلغانىدىم.

مانا مەن قۇرۇقدىلىپ قالغان ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرىمەن. ئەمدىكى گەپ مەرزىيە بىلەن توي قىلىشتىلا قالغانىدى. ھازىر كىرىپلا ئۇنىڭغا بۇ تەكلىپنى بېرىمەن،— دەپ ئويلىدىم مەن،— ئۇمۇ مۇشۇ گەپنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپلا تۇرغاندۇ ھەقاچان. بىز توي قىلغاندىن كېيىن چوقۇم بەختلىك ئۆتىمىز. ئۇ رەسىم سىزىدۇ، مەن يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىمەن. غەيرەتىمۇ

www.uyghurkitap.com

چوڭ بولسا، رەسسام ياكى يازغۇچى بولۇپ چىقىدۇ. يەنە بىرەر - ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆگىنىشمۇ بار بولىدۇ. ئۇ چاغدا ئىككىسى بىر بولۇپ ئۆيگە جان كىرگۈزۈۋېتىدۇ. مەن ئۇلارغا هاي، هاي شوخلۇق قىلماڭلار باللىرىم ئاپاڭلار رەسىم سىزىۋالسۇن، دەيمەن. مەن يېزىقچىلىقتا ئولتۇرغاندا، ئۇلار كېلىپ قەغەز - قەلەملىرىمنى تارتقۇشلىغىلى تۇرسا، مەرزىيە تىنچ ئولتۇرۇڭلار ئاپئاق باللىرىم، داداڭلارنىڭ پىكىرىنى چاچماڭلار، يېزىۋالسۇن، دەيدۇ. بىز يەكشەنبە كۈنلىرى ئۇلارنى ئېلىپ باغچىلارنى ئايلىنىمىز. قولۋاقلارغا چۈشۈپ ئوينايمىز... بىز كېيىنچە شۇنداق ئۈم بولۇپ كېتىمىزكى...

مەن بىر پەس ئەنە شۇنداق شېرىن خىياللار بىلەن مەستخۇش بولۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن مەرزىيەنىڭ ئۆيىگە چىقماقچى بولۇپ ماڭدىم. ئۇنىڭ ئىشىك تۈۋىگە كېلىش بىلەنلا نېمىشقىدۇر يۈرىكىم سېلىپ كەتتى. مەن ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم مۇھەببەت مەكتۇپىمنى ئاپارغان چاغلارغا يېنىپ قالغاندەك بولدۇم. ئۇ مېنى كىرىشلوغىلا تەكلىپ قىلدى. بىراق ئۇنىڭ ئاۋازى نېمىشقىدۇر بىر ئاز بوش ئىدى. چىرايىمۇ ئۈششۈك تەگكەن يوپۇرماقتەك پۈچۈلۈپ قالغانىدى.

— نېمىشقىمۇ ئاجرىشىپ كەتكەنسىلەر،— دېدى ئۇ ئالدىمغا بىر تەخسە لەگمەننى قويۇۋېتىپ،— بىچارە زۇلپىيەگە بەكلا ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ.

مەن ئۇنىڭدىن بۇنداق گەپلەرنى كۈتمىگەنىدىم، شۇڭا:

— قويۇڭا، بۇ گەپلەرنى، هەممە ئىش پۈتۈپ بولدى. يەنە كونا خاماننى سورۇپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە هاجىتى. ئەمدى بىزمۇ بۇنداق ئۆتتۈرمەيلى، بولمىسا خەقنىڭ سۆز-چۆچەكى توگىمەيدۇ. سىزمۇ ئۆيدىكىلەرگە مەسلىھەت سېلىڭ. مەنمۇ سالاي، يەنە بىر-ئىككى ئايغىچە تونۇش - بىلىشلەرنى چاقىرىپ چاي بېرىۋېتەيلى،— دېدىم.

مەرزىيە ئۇندىمەي جىم تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇرۇنمۇ شۇنداق ئادىتى بار ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل هالىتى ئالاهىدە بىر خىل سېھىرلىك كۈچكە ئىگە ئىدى. ئۇ جاۋابنى قاچان بەرسە ئۇزاقتا ئالدىرىمايتتى...

(بەرمەي جىم تۇرۇۋالغانسېرى، مەن ئۇنىڭغا شۇنچە تەلپۈنەتتىم. مەن ئۇنىڭ بەرمەي جىم تۇرۇۋالغانسېرى، مەن ئۇنىڭغا شۇنچە تەلپۈنەتتىم.)

خىيالچان كۆزلىرىدىن جاۋاب ئىزدىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى دېڭىزدەك چوڭقۇر هەم سىرلىق ئىدى. نېمانچە ئالدىرايسىز، ئارمان،— دېدى ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۈنسىز هالدا،— ئالمىغا ئۇلانغان ئۇلاقنىڭ تۇتۇشىغىمۇ خېلى ۋاقىت كېرەك تۇرسا، بىز ئۇنىڭغا قارىغاندا تېخىمۇ سەۋرچان بولغىنىمىز تۈزۈك.

مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ، يەنە باشقا جاۋابلارنىمۇ ئىزدەشكە باشلىدىم. بۇ چاغدا مەرزىيە ئۆزى سۆز ئېچىپ قالدى.

— ئارمان، سىزگە نېمە دېسەم بولار؟ راستىنى ئېيتسام، هازىر كاللام بەكلا قېتىپ كېتىپ بارىدۇ. بۇندىن كېيىن قانداق ياشىشىمنىمۇ بىلمەي قېلىۋاتىمەن.

مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ۋاقىتلىق نازى دەپلا چۈشەندىم. شۇڭا ئارتۇقچە گەپمۇ قىلمىدىم، ئاخىردا ئۇنىڭغا ئوبدان ئويلىنىشىپ باقارسىز، دەپ ئۆز ئۆيۈمگە چىقىپ كەتتىم.

ئىككى كۈنگىچە دەرس تەييارلايمەن، تاپشۇرۇق تەكشۈرىمەن دەپ مەرزىيە بىلەن كۆرۈشەلمىدىم، ئۈچىنچى كۈنى چۈشتە مەرزىيەنىڭ ئۆيىگە كىردىم. ئۇ مېنى ئوخشىتىپ ئەتكەن لەگمەن بىلەن كۈتۈۋالدى. بىراق ئۇ بۈگۈن نېمىشقىدۇر تولىمۇ مىسكىن كۆرۈنەتتى. تولا يىغلىغاندەك قاپاقلىرىمۇ ئىششىپ كەتكەنىدى.

ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ كەتتى ۋە بىچارە، تېخىچىلا شۇ زۇلپىيەگە ئىچ ئاغرىتىپ يىغلاپ يۈرۈپتۇ ـ دە، دەپ ئويلىدىم. بۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمۇ زۇلپىيەگە قىلىپ قويغانلىرىم ئۈچۈن ئىچىمدە ئازابلاندىم.

بىز بىر پەس پاراڭلاشقاندىن كېيىن، مەرزىيە تۇيۇقسىزلا ئېيتتى:

— ئارمان، سىزگە بىر نەرسىنى كۆرسەتسەم خاپا بولامسىز؟

— نېمىكەن ئۇ؟ — دېدىم مەن قىزىقسىنىپ.

مەرزىيە ئۈستەلنىڭ تارتمىسىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ ماڭا سۇندى. بۇ خەتنىڭ تۇرمىدىن مەرزىيەگە يازغان خېتى ئىدى. خەتنى كۆرۈش بىلەنلا بىرەر شۇملۇقنى تۇيغاندەك، يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ قالدى.

مەن خەتنى ئوقۇشقا كىرىشتىم:

«...مەن ھەقىقەتەنمۇ نەپرەتلىك ئادەممەن. بۇنى تۈرمىگە چۈشكەندىن كېيىن تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتتىم. تۈرمە ھاياتى ئاجايىپ ھايات ئىكەن. ئۇ ئۆتەتەك يىگىتلەرنى سوغۇق قان؛ بىغەم، سەرەمەس ئادەملەرنى ئويچان قىلىپ قويۇدىكەن. مەن بۇ يەرگە كىرگەندىن كېيىن ھەر خىل ئادەملەر بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن خىلمۇ خىل سەرگۈزەشتىلەرنى ئاڭلىدىم. ئۇلارنىڭ ھايات، بەخت، ئىنسان ھەققىدىكى ھەر خىل قاراشلىرى مېنىمۇ ئويغا سېلىپ قويدى. مەن ئۇلار بىلەن كۆپ پاراڭلىشىپ ئۇلار ھەرقانچە ئەسكى بولغان تەقدىردىمۇ، قەلبىنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىگە ئىنسانىي تۇيغۇلارنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلدىم. ئۇلار جىنايەت ئۆتكۈزگەن، شۇنداقتىمۇ ئۇلار يەنىلا ئىنسان، ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ ياخشى ئادەملەر بار...

مەرزىيە مەن بۇلارنى سۆزلەش ئارقىلىق ئۆزۈمنى ئاقلىماقچى ئەمەسمەن. سەن مېنىڭدىن قانچىلىك نەپرەتلەنسەڭمۇ ھەقلىقسەن. مەن بۇ جىنايەتلىرىم ئۈچۈن يەتتە يىل ئەمەس، يەتمىش يىل تۈرمىدە ياتساممۇ ئەرزىيدۇ... راست مەرزىيە، مەن بەڭباشلىقىمغا ئېلىپ سېنىڭ ساپ مۇھەببىتىڭنى خارلىدىم، شۇنچە ئەقىدەك ئۈچۈن كىشىلەر ئالدىدا يۈزۈڭنى يەر قىلدىم، غۇبارسىز يۈرىكىڭگە مەڭگۈلۈك ئازاب تامغىلىرىنى بېسىش بەدىلىگە بىردەملىك شادلىققا ئىنتىلدىم. بىراق مەن سېنى يەنىلا ياخشى كۆرىدىكەنمەن. بۇنى پەقەت تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىنلا بىلدىم».

مەرزىيە، مەن بۇ يەرگە كىرگەندىن كېيىن، ھايات، مۇھەببەت، بەخت دېگەنلەر ھەققىدە ناھايىتىمۇ كۆپ ئويلاندىم. تالاي ـ تالاي كېچىلەرنى پۇشايمان، ھەسرەت، سېغىنىش تۇيغۇلىرى ئىچىدە كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزدۈم. ياشاش ياشلىقا گەپ ئىكەن، ئادەمدەك ياشاشمۇ باشقا گەپ ئىكەن. ئادەم ھەرخىل ئەسكىلىكلەرنى قىلىدىكەن. ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنى زار ـ زار قاقشىتىش بىلەن ھۇزۇرلىنىدىكەن، بارا ـ بارا

رەزىللىك ئەۋرەزلىرىگە چۆكۈپ قالىدىكەن. لېكىن ئاخىر بىرىپ يەنىلا ساپ مۇھەببەتكە، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە، مەنىلىك، گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىزار بولۇپ قالىدىكەن، ئويلاپ باقىسام سەن مەن بىلەن ئۆتكەندىن بېرى ھېچبىر خۇۋلۇق كۆرۈپ باقماپسەن. شۇ چاغدا سېنى نېمىشقا ئۇنچە خارلىغىنىمغا ئۆزۈممۇ ھەيران... ئوماق ئوغلۇم غەيرەت چۈشۈمدىن چىقمايدۇ. ئۇنى ئويلىسام ئۆزۈمگە تېخىمۇ نەپرەتلىنىپ كېتىمەن. مېنىڭ بىر تۇرمىدىشىم بار. ئۇ مەندىنمۇ ئۇزاق كېسىلگەن. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئۆز باللىرىغا ئاجايىپ مېھرى بار. ھەر قېتىم باللىرىنى تىلغا ئالسا كۆزلىرىدە ياش مۆلدۈرلەپ كېتىدۇ... راست، تۈرمە ھەقىقەتەنمۇ بىر پەيلاسوپقا ئوخشايدىكەن. ئۇ ئۇن ـ تىنسىز ھالدا ھايات ھەققىدە دەرس ئۆتۈدىكەن، ھايۋانىي تەبىئەتىگە قايتقانلارنى ئىنسانىي تۇيغۇلار بىلەن سۇغىرىپ ئادەم قىلىپ چىقىدىكەن. مەن ھازىر ئىنسانىي بۇرچ، ئائىلىدىكى ھەققىدە كۆپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. مەن شىرىنچىلىك ياشاپ، تېخى ھاياتنى چۈشەنمەپتىمەن، بويىنۇمدىكى قەرزلىرىمنىڭ بىرىنىمۇ ئادا قىلماپتىمەن.

مەن ھەقىقەتەنمۇ نەپرەتلىك ئادەممەن. مەن ۋاپاغا جاپا قىلغان، ئۆزىگە تەلپۈنۈپ تۇرغان ئوتلۇق يۈرەكنى ئۆزىنىڭ رەھىمسىزلىكى، نەپسانىيەتچىلىكى بىلەن نابۇت قىلغان ئادەم. قىسقىسى، ئۆز بەختىنى ئۆزى خاراب قىلغان ئادەم... مېنى سەنمۇ كەچۈرمەيسەن. ئاتا ـ ئانامىمۇ، خەلقى ـ ئالەممۇ كەچۈرمەيدۇ. مەن مەڭگۈ نەپرەتكە كۆمۈلۈپ ياشاشقا تېگىشلىك.

بىلىمەن، سەن پاك، ئاق كۆڭۈل، سەن شۇكەمگىچە روھىي دۇنيارىڭغا چاڭ قونۇپ باقمىغان ئەمەس. سەن يەرنىڭ يۈرىكىدىن قايناپ چىققان سۈپسۈزۈك بۇلاققا ئوخشايسەن. بىراق مەنچۇ؟ مەن خۇددى زاۋۇتلاردىن ئېقىپ چىققان پاسكىنا سۇغا ئوخشايمەن. سېنىڭ كۆڭلۈڭگە پۈككەن ئارزۇلىرىڭ ۋە پارلاق ئىستىقباللىڭ بار. لېكىن مېنىڭ قولۇمدىن ساختىپەزلىكتىن باشقا ئىش كەلمەيدۇ، ئىستىقباللىمۇ قاراڭغۇ. شۇڭا مېنى ئۇنۇتقىن، دەسلەپتە تونۇشقان كۈنلەردىكى شېرىن سۆھبەتلەرنىمۇ، كۆڭلۈڭگە ئورناپ قالغان ئازابلىق ئىشلارنىمۇ، ئىشقىلىپ، ھەممىسىنىلا ئۇنۇتقىن. سەن پەقەت مېنىڭدەك رەزىل ئادەمنى ئۇنتۇش ئارقىلىقلا بەختكە، كۆتكەن ئارزۇلىرىڭغا ئېرىشەلەيسەن. چۈنكى مەن ساڭا لايىق ئەمەس. مەن مېڭە بەرمەيلا تۆكۈلگەن چېچەك. خەير، ئۆتكەن ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى پۇشايمان قىلىشىمنىڭمۇ ھاجىتى يوق. ئەمدى سەنمۇ ئازابلىنىپ يۈرۈۋەرمە، ئۆز بەختىڭنى تاپ. مېنى ئۆلدى دەپ ھېسابلاۋەرگىن. بىراق ساڭا تۈرمىدىن يازغان مۇشۇ تۇنجى ھەم ئاخىرقى خېتىمدىن سېنى ھېلىمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىمغا ئىشىنىپ قالساڭلا بولدى.

ساڭا پەقەت بىرلا تەلىپىم بار. سەن غەيرەتنى ـــ مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىن تۆرەلگەن پاك، مەسۇم ئوغلۇمنى ئوبدان تەربىيىلىگىن، ئۇ ھەرگىز مەندەك ئادەم بولۇپ قالمىسۇن.

ساڭا بەخت تىلەپ

نەپرەتلىك جەمشىتىن»

مەن خەتنى ئوقۇپ بولۇپ مەرزىيەگە قارىدىم. ئۇ بېشىنى تۆۋەن قىلغىنىچە جىم تۇراتتى.

— خەتنىڭ كەلگىنىمۇ ياخشى بوپتۇ. ئەمدى سىزمۇ بۇ خەتنى ئىسپات قىلىپ ۋاقتىدا توي خېتىمىنى بىكار قىلىۋېتىڭ، — دېدىم باشقا سۆز تاپالماي.

مەرزىيە خىيالچان كۆزلىرى بىلەن ماڭا تىكىلدى. ئەمما يەنىلا لام-جىم دېمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن شۇ تاپتا قانداق قىلىشنى بىلمەي ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— خەت ئالدىنقى كۈنى كەپتىكەن، — دېدى مەرزىيە جاۋاب ئورنىدا، — سىزگە كۆرستەي دەپ ئويلىغان، بىراق سىزنى باشقىچە چۈشىنىپ قالامدىكىن دەپ...

مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەندىم. مېنىڭ قىلغان ئەقىدەمنى ئويلىسا، ھازىرلا مېنىڭ تەكلىپىمگە ماقۇل دېگۈسى بار. بىراق خەتتىن ئادا-جۇدا بولۇپ كېتىشكىمۇ سەل قىيالماي تۇراتتى. تۇرۇپلا خەمىتكە كۆندەشلىكىم تۇتۇپ قالدى. مەرزىيەگە شۇنچە قىلغان ئەسكىلىكلىرىگىنى ئاز دەپ، يەنە شېردىن-شېكەر گەپلەر بىلەن ئۇنى ئالدىغىلى تۇرۇپسەن-دە، دەپ ئويلىدىم. بىراق بۇنى مەرزىيەنىڭ ئالدىدا چاندۇرۇپ قويسام بولمايتتى. شۇڭا:

— نېمىشقا باشقىچە چۈشىنىپ قالىدىكەنمەن، خەت يازغىنى يامان ئىش ئەمەسقۇ؟ — دېدىم.

مەرزىيە يەنىلا لام-جىم دېمىدى. بىراق ئۇنىڭ كۆزلىرى ماڭا ھەممىنى سۆزلەپ بەردى:

... ئارمان، سىز تېخى مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى چۈشىنەلمىدىڭىز. بۇ خەت كەلمىگەن بولسىمۇ مەن ھەممىنى ئۇنتۇشقا تەييار ئىدىم. بىراق بۇ خەت كېلىپلا، ئۇنى تولاي دەپ قالغان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى يەنە ئېسىمگە سېلىپ قويدى. بۇرۇنقى ئىشلار كۆز ئالدىمدىن ئۆتكەنسېرى شۇنچە ئازابلىناۋاتىمەن. مەن ھېلىمۇ خەمىتكە نەپرەتلىنىمەن. ئۇنىڭدىن مەڭگۈ ئۆچۈم چىقمايدۇ. بىراق يۈرىكىم قان يىغلاپ تۇرغاندا، قانداقمۇ سىزنىڭ كۆڭلىڭىز ئۈمىد تاپقۇدەك جاۋاب بېرەلەيمەن...

شۇنداق قىلىپ، بۇگۈنمۇ ئۇنىڭدىن تۈزۈك جاۋاب ئالالماي ئۆيگە قايتىپ چىقتىم.

3

مەرزىيەنى ئۇبدان ئويلىنىۋالسۇن دەپ بىرەر ھەپتىگىچە ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي يۈردۈم. ئاخىرى بىر كۈنى كەچتە يەنە مەرزىيەنىڭ قېشىغا كىردىم. ئۇ تېخىچىلا بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرغانىكەن.

— سىز بەكلا ئالدىراقسان ئىكەنسىز، — دېدى ئۇ يەنە ئۆتكەنكى كۈندىكى سۆزىنى تەكرارلاپ، — زۇلپىيە بىلەن ئاجراشماي تۇرسىڭىز بوپتىكەن.

— بولدى، ئۇنداق گەپنى قويۇڭ! — دېدىم سەل تېرىكىپ، — بۇندىن كېيىن ئۇنى تىلغا ئالمايلى. بىز ئۇبدانىراق بىر نېمە دەڭ. بىز بۇنداق سۆزلىشىپ يۈرۈۋەرمەيلى.

ئۇ يەنە يەرگە قارىغىنىچە لام-جىم دېمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ بوزىرىپ قالغان چىرايىغا قاراپ، تۇرۇپ يەنە ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى.

— ساقلىنىڭىز يوقمۇ نېمە؟

— ئۇنداقمۇ ئەمەس،— دېدى ئۇ چىرايىغا زورمۇ زور كۈلكە يۈگۈرتۈپ،— بىراق ئاخشام بىر چۈش كۆرۈپتىمەن. شۇندىن كېيىن كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ قالدى،— شۇ سۆز بىلەنلا ئۇنىڭ چىرايى يەنە غەمكىن تۈسكە كىردى. ئۇ ئېغىر بىر تىنىۋەتكەندىن كېيىن ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى،— چۈشۈمدە مەن قېلىن چاتقاللىقلار ئارىسىدا تۇرغۇدەكمەن، بىر چاغدا ئالدىمدىن خەمىت چىقىپ قاپتۇ. ئۇ مېنى كۆرۈپلا ئايىغىمغا ئۆزىنى تاشلاپ يىغلاپ كېتىپتۇمىش، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ مەنمۇ يىغلاپ كېتىپتىمەن. بىر چاغدا خەمىت دومىلاپلا بىر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ھەرقانچە قىلىپمۇ ھاڭنىڭ تەكتىگە يەتمىگۈدەكمىش، بىر چاغدا غەيرەتمۇ دادامنىڭ قېشىغا بارىمەن دەپ ھاڭغا سەكرىمەكچى بوپتۇمىش. مەن ۋاي بالام دەپ ۋارقىرىغىنىمچە ئويغىنىپ كېتىپتىمەن.

مەرزىيەنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە يەنىلا شۇ خەمىت بار ئىكەن دېگەن ئويغا كەلدىم-دە، تەشۋىشلىنىشكە باشلىدىم.

— لېكىن چۈش دېگەن بەرىبىر چۈش ئەمەسمۇ...— دېدىم مەن ئۆزۈمنىڭ گېپىنى راستىقاچىقىرىپ.

مەرزىيەنىڭ ماڭا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرى باردەك قىلاتتى. ئۇ بۇلارنى دېمىسىمۇ مەن ھەممىنى بىلىپ تۇراتتىم. ئۇ ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن ئېيتتى:

—ھاياتمۇ بىر قارىماققا چۈشكىلا ئوخشايدىغۇ، ھازىر ماڭا ئىشلار خۇددى چۈشتەكلا بىلىنىۋاتىدۇ.

— بولدى مەرزىيە، يوقىلاڭ خىياللارنى قىلىۋەرمەڭ،— دېدىم مەن تافەتسىزلەنگەن ھالدا ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ،— خىيالىي دۇنيا بەرىبىر ئادەمگە بەخت ئېلىپ كېلەلمەيدۇ.

مەن ئۇنىڭ قولىنىڭ بېغىشىدىن تۇتۇپ ئۆزۈمگە يېقىن تارتتىم. بىراق ئۇ قولۇمدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كرېسلوغا بېرىپ ئولتۇردى.

ئۇنىڭ چىرايىدا شۇ تاپتا ناھايىتى تەڭقىسلىقتا قېلىۋاتقىنى ئوچۇق بىلىنىپ تۇراتتى. سەللا چىڭ تۇرىسام ئۇنىڭ يەنە يېنىۋېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. بۇ قېتىم بار ۋەسلىم كەتسىمۇ ئۇنىڭغا ئېرىشكىنىم ئېرىشكەن. بۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك يالۋۇرساممۇ مەيلى، قانچىلىك كۈتۈشكىمۇ سەۋرىم بار...

شۇكۈنى كېچىچە ئەمدى كۆرۈشكەندە مەرزىيەگە نېمە دېسەم بولار؟ ئۇنى قانداق قىلسام ئەيۋەشكە كەلتۈرەرمەن، دېگەن خىياللار بىلەن ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. تۇرۇپلا مەرزىيەنىڭ شۇ چاغدا مېنى بىر تەستەك سالغان بولسىڭىز، يولنى مۇنچە خاتا باسمىغان بولار ئىدىم... دېگەن سۆزى ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئەمما ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن ئادىمىمگە مۇنچىلىك قوپاللىق قىلىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيتتى. بەلكىم بۇمۇ مېنىڭ ئاجىزلىقىمدۇر...

بۇ قېتىم مەرزىيەنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، بۈگۈن چوقۇم بىر جاۋاب ئېلىپ چىقىمەن

دەپ قەتئىي قارارغا كەلگەنىدىم. شۇڭا ئۇنىڭغا ئۇزاقتىن ئۇزاق ئېزىپ چۈشەندۈرگەندىن كېيىن:

— ئۇنداق قىلماڭ مەرزىيە، يۈرۈڭ، دەرھال بېرىپ توي خېتىڭلارنى بىكار قىلدۇرىۋېتەيلى. يەنە تارتىشقۇدەك نېمە ئىش قالدى. ئۆتكەن ئىشلار ئۆتتۈپ كەتتى. ئەمدى بىز ھاياتنى باشقىدىن باشلايلى! — دېدىم.

مەرزىيە كۆزلىرىگە ياش ئالغىنىچە يەرگە قاراپ تۇراتتى.

مەن يەنە يېلىنىپ تۇرۇپ، سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم:

— مەرزىيە، ماقۇل دەڭ. مەن سىزنى دەپ ئاز ئازاب تارتمىدىم، ئەمدىلىكتە يەنە مۇشۇنداق دەپ تۇرۇۋالسىڭىز، ماڭا بۇ ھاياتنىڭمۇ ھېچقانچە ئەھمىيىتى قالمىدى...

مەن يەنە نېمىلەرنى دېگەنلىكىمنى بىلمەيمەن. خېلىدىن كېيىنلا ئۇ ماڭا ياش لىغىرلاپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ:

— ئارمان، مېنى كەچۈرۈڭ، سىز دېمىسىڭىزمۇ مەن سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدىكىنى بىلىمەن. بىراق سىزمۇ مېنى چۈشىنىڭ... مەن كۆپ ئويلاندىم. مەن يەنىلا سىزگە لايىق ئەمەسكەنمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خەمىتتىنمۇ... ئايرىلىپ كېتەلمىگۈدەكمەن، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئېغىر يۈك بېسىلغان ھارۋىنى داۋاندىن تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۆرۈپ ئېلىپ چىقىپ كېتىپ بارغاندا، بىردىنلا بويۇنتۇرۇقى ئۈزۈلۈپ كەتكەندەك، نەچچە ۋاقىتنىڭياقى كۆتۈپ كېلىۋاتقان ئۈمىدلىرىم بىراقلا تېگى يوق ھاڭغا غۇلاپ كەتكەندەك بولدى. مەن ئەسەبىيلەشكەنلىكىمدىن خەنجەر يېگەن ئېيىقتەكلا ئۆخشاپ قالدىم ۋە ئاۋازىمنى بولۇشىچە قويۇپ بېرىپ، ۋارقىراپ سۆزلەپ كەتتىم:

— نېمە دەۋاتىسىز مەرزىيە؟ يەنە شۇ خەمىتتىنىڭ كېيىمۇ؟ خەمىتتىنىڭ قانچىلىك رەزىل، ئىپلاس ئادەم ئىكەنلىكىنى كىم بىلمەيدۇ؟ ئۇ سىزگە زادى نېمە قىلىپ بەردى؟ ئۇنىڭ سىزگە سالغان زۇلۇملىرى ئازمىدى؟ ئۇنىڭ زۇلۇمىدىن سىز نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىسىز؟ ئۇنىڭ ئارزۇلىغۇدەك نېمىسى بار - ھە؟ ئېسىت! ئېسىت! مەن سىزنى شۇنچىلىك چوڭقۇر ئويلىيالايدۇ دەپ يۈرۈپتىمەن، تېخى! بېشىڭىز ئايلىنىپ قاپتۇ. راستتىنلا سارالڭ بولۇپ قاپسىز، سارالڭ!... ھا، ھا، ھا... مەرزىيە سىز راستتىنلا ئالجىپ قاپسىز!...

بۇ چاغدا مەرزىيەنىڭ بايا خىجالەتچىلىك، پۇشايمان بىلەن تولغان كۆزى بىردىنلا ماڭا غالىبلارچە تىكىلدى:

— ياق، مېنىڭ كاللام خېلى جايىدا، — دېدى ئۇ، — خەمىتتىنىڭ قانچىلىك رەزىللىكلەرنى قىلغىنىنى سىز دېمىسىڭىزمۇ مەن ئوبدان بىلىمەن. ئۇنىڭغا ھېلىمۇ ئۆلگۈدەك ئۆچلۈكۈم كېلىدۇ. ئۇنى ئېغىزىمغا ئېلىپ چايناپ - چايناپ يۇركۇۋەتسەممۇ ئۆچۈم چىقمايدۇ. بىراق يەنىلا شۇنىڭ بىلەن ئۆتۈپ كېتەي دەپ ئويلاۋاتىمەن، — ئۇ شۇلارنى دېدى - دە، يەنە نېمىشقىدۇر بېشى ساڭگىلاپ كەتتى.

مەن خۇددى ئۇششۇك تەگكەن ھەرىدەك تىترەپ كەتتىم. ئۇنىڭغا دەيدىغان نۇرغۇن - نۇرغۇن گەپلىرىم بار ئىدى. بىراق ھەددىدىن زىيادە ئازابلانغانلىقىمدىن گېلىم بوغۇلۇپلا

قالغانىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ مەن ئۇنى ئاز قوغلاشمىدىم - دە. ئۇ دەسلەپتە نۇرلۇق تولۇن ئايدەك مېنىڭ يۇمران، سەبىي تۇيغۇلىرىمغا سۆيگۈ نۇرلىرىنى سەپكەنىدى. مەن ئاجايىپ ئوتلۇق هاياجان بىلەن ئۇنىڭغا ئىنتىلگەنىدىم. بىراق ئۇ بىردىنلا يىراقلاپ كەتتى ۋە ئۆچۈش ئالدىدىكى ئۇچقۇندەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. ئىلگىرىكىدەك تال - تال نۇرلىرىنى ماڭا سەپمەس بولدى. مەن بۇنىڭ ئۈچۈن يەتكىچە ھەسرەت چەكتىم. ئالاي - تالاي كېچىلەرنى شۇ يۇلتۇزغا قاراپ، مۇڭلۇق خىياللار، شېرىن ئارمانلار بىلەن ئۆتكۈزدۈم. بىراق يۈرەكتىكى جاراھەتلىرىم ئەمدىلا ساقىياي دەپ تۇرۇشىغا، ئۇ بىردىنلا كۆز ئالدىمدا ۋاللىدە يورۇپ كەتتى. مەن بۇنىڭدىن خۇدۇمنى يوقىتىپلا قويدۇم. بىراق مەن ئەمدىلا ئۇنىڭ ۋەسلىگە يېتەي دەپ تۇرۇشۇمغا ئۇ يەنە يىراقلاپ كەتتى... مەن بۇ قېتىم قانداقمۇ چىداپ تۇرالايمەن. مەن شۇنچىلىك مۇشەققەتتە قولۇمغا ئېلىشىپ قالغان بەختنى ھەرگىزمۇ قويۇۋەتمەيمەن.... مەن شۇلارنى كاللامدىن ئۆتكۈزدۈم - دە، يەنە ئۇنىڭغا دېدىم:

— ياق، مەرزىيە، سىز ئوبدان ئويلىشىپ بېقىڭ. باشقا ئاياللار شۇنداق دېسىغۇ بىر نۆرى، سىزدەك ئىرادىلىك بىر ئايالنىڭمۇ ئاغزىدىن مۇنداق گەپنى ئاڭلاشنى خالىمايمەن.

ئۇ بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ يەنە بېشىنى كۆتۈردى:

— سىز ئاياللارنىڭ قەلبىنى چۈشەنمەيدىكەنسىز. ئەمەلىيەتتە ئاياللارنىڭ ھەممىسىلا ئوخشاش. مەيلى شائىر بولسۇن، مەيلى دېھقىنى بولسۇن ھەممىسىلا ئۆز بەختىنى قوغلىشىدۇ.

— بىراق خەمدەت سىزنى بەختلىك قىلالمايدۇ. سىز قاراپ تۇرۇپلا ئۆزىڭىزنى خارابلاشتۇرۇۋاتىسىز. بىلەمسىز، سىزدەك بىر تالانت ئىگىسىنىڭ خەمدەتتەك بىر پەسكەشنىڭ قولىدا نابۇت بولۇپ كېتىشىگە چىداپ تۇرالمايمەن.

— بەلكىم شۇنداقتۇر...

— ياق مەرزىيە، سىز ئوبدان ئويلىشىپ بېقىڭ. سىز ئۆزىڭىزنى يەنە ئوتقا تىقماڭ. مېنىمۇ نائۈمىد قويماڭ. مەن ئەمدى سىزسىز ياشىيالمايمەن. ماقۇل دەڭ مەرزىيەم، مەن سىزنىڭ ئوبدان ئويلىشىپ، كۆڭلۈم تىنغىدەك جاۋاب بېرىشىڭىزنى كۈتىمەن.

مەن شۇلارنى ئېيتتىم - دە، گاڭگىرىغان ھالدا ئۇنى يالغۇز قالدۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم.

3

مەن ئىككى ئايلىق كاماندىروپكىدىن قايتىپ، ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىشىمغا يەردە تۇرغان كونۋېرتقا كۆزۈم چۈشتى.

«ئارمان ياخشىمۇ سىز.

ئەسلىدە مەن سىز بىلەن يۈزتۇرانە خوشلىشىپ كېتەرمەن دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق مەن سىزنىڭ يەنە ماڭا يېلىنىپ يالۋۇرۇشىڭىزنى كۆرۈشنى خالىمايمەن. مەن سىزنى ئوبدان چۈشىنىمەن. سىز ھەقىقەتەن ئاق كۆڭۈل، غايىلىك ئادەم. ماڭا شۇكەمگىچە نۇرغۇن ئادەم تەكلىپ قويۇپ باقتى. بىراق ئۇلارنىڭ ئىچىدە ماڭا سىزدەك ساپ ھېسسىيات بىلەن ئەقىدە بىلدۈرگەنلىرى يوق. مەن

دۇنیادا مۇھەببەتکە ئېرىشتىم دېسەم پەقەت سىزنىڭلا مۇھەببىتىڭىزگە ئېرىشتىم...

مەن ھایاتتىن بىزار بولغاندا، سىز مېنى یاشاش یولىغا یېتىلەپ ئېلىپ چىقتىڭىز. سىز ھەتتا مېنى دەپ ئائىلىڭىزنىمۇ ۋەیران قىلىۋەتتىڭىز... خەمت ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلغاندىن کېیىن مەنمۇ پەقەت سىزنىلا ئویلایدىغان بولۇپ قالغاندىم، سىزنى ئویلىسام ملا کۆڭۈلسىزلىکلەرنى ئۇنتۇپ ئۆزۈمنى بەختلىك ئادەمدەك ھېس قىلاتتىم. بىراق مەن ئاقىۋەتتە یەنىلا سىزنىڭ کۈتکەن یېرىڭىزدىن چىقالمىدىم...

ئارمان، سىز ئادەملەرنىڭ ھېسسیاتىنى چۈشىنىسىز، سىز ماددىي تۇقلۇقتىن کۆرە روھىي ئېچىرقاشنى ئەۋزەل کۆرىسىز. سىزنىڭ بۇ تەرىپىڭىز خەمتنى بېسىپ چۈشىدۇ. مېنىڭ ئىنتىلىدىغىنىممۇ دەل سىزگە ئوخشاش، مۇنداقچە ئېیتقاندا، بىز قەلبداشلاردىن، بىز قانچىلىك سىرداشساقمۇ، مۇڭداشساقمۇ زېرىکمەیمىز. سىزگە راستىنى ئېیتسام، مەن خەمتکە نەپرەتلىك کۆز بىلەن قارایدىغان بولغاندىن کېیىن، ھایاتىمدىکى بۇ بوشلۇقنى سىز ئارقىلىق تولدۇرماقچى بولغان. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانچە بەدەل تۆلەشکىمۇ بەل باغلاپ قویغانتىم. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ھالا بۇگۈنکى کۈندە مېنى چۈشەنمەیدىغان، مېنىڭ ئەقدەمنى خارلایدىغان، ماڭا ئازاب، ئۆکۈنۈشتىن بۆلەك ھېچقانداق خۇۋلۇق بەرمىگەن شۇ خەمت بىلەن ئۆتۈپ کېتىش قارارىغا کەلدىم.

مەن ھېلىمۇ خەمتکە نەپرەتلىنىمەن، ئۇنىڭغا ئۆلگۈدەك ئۆچلۈکۈم کېلىدۇ. ھازىر ئویلاپ باقسام سىزگە کۆڭۈل ئىزھار قىلىشىممۇ شۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىکىم، شۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈنلا ئىکەن. بۇنىڭ بەدىلىگە مەن سىزنىڭ ئائىلىڭىزنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالدىم. بىراق ئاقىۋەتتە، مەن یەنىلا سىزگە کۆڭۈل بېرەلمەیدىغانلىقىمنى، مۇنداقچە ئېیتقاندا، سىزنى بەختلىك قىلالمایدىغانلىقىمنى ھېس قىلىپ یەتتىم.

سىز بىلىسىز، خەمت ھازىر تولىمۇ بىچارە، ئۇنى شۇنداق ھالەتتە تاشلاپ کەتسەم، ئۇ تېخىمۇ بىچارىلىشىپ کېتىدۇ. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن کېیىن یاخشى ئادەم بولۇشنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ یامان ئادەمگە ئۆزگىرىپ کېتىدۇ. بىز ئادەملەر دائىم یاخشىلار بىرگە بولۇشنى، یامانلارنى ئارىمىزدىن سىقىپ چىقىرىۋېتىشنى ئىستەیمىز. بۇنداق بولغاندا، یامانلار تېخىمۇ رەزىللىشىپ کەتمەمدۇ؟ ئادەملەر تۇغۇلۇشىدىلا ئەسکى بولۇپ تۇغۇلمایدىغۇ؟! ئۇ ماڭا ھېچقانچە ۋاپا قىلمىغان بولسىمۇ مەیلى، مەن یەنىلا ئۇنىڭغا قولۇمدىن کېلىدىغان ۋاپانى ئایىماي دەپ ئویلاۋاتىمەن. بۇنداق دېسەم بەلکىم سىزگە ئەقىدىنىڭ قۇلىغا ئایلىنىپ قالغاندەك بىلىنىشىمۇ مۇمکىن، لېکىن مېنىڭچە ئەقىدە دېگەن شۇنداق بولۇشى کېرەك دەپ ئویلایمەن.

ئارمان، مەن سىزگە یۈز کېلەلمەیمەن. سىز مېنىڭ بىلەن تونۇشقاندىن بۇیان مەن سىزگە ھېچقانچە خۇشاللىق بېرەلمىدىم ھەم بۇ مېنىڭ قولۇمدىنمۇ کەلمەیدىکەن. خۇددى سىز مېنىڭدىن ھېچقانچە ۋاپا کۆرمەي تۇرۇپمۇ ماڭا ئىنتىلگىنىڭىزدەك، مەنمۇ خەمتتىن شۇنچە ئازار یەپ تۇرۇپمۇ یەنىلا ئۇنىڭدىن مېھىر-مۇھەببىتىنى ئۈزەلمەیدىکەنمەن... ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىزنىڭ دېگىنىڭىز بویىچە ئىککىمىز توي قىلساق، ئىککى بالىنى قاراپ تۇرۇپلا یېتىم قىلىپ قویىدىکەنمىز. ئۇلار چوڭ بولغاندا ئاتا-ئانا دەۋاسى قىلماي قالمایدۇ. ئۇ چاغدا بارغاندا بىزگىمۇ تەس توختایدۇ، یەنە بىر تەرەپتىن، ئىککىمىز بەختلىك بولغان تەقدىردىمۇ، زۇلپىیە بىلەن خەمت ئىککىمىزنىڭ بەختىنىڭ قۇرباتىغا

www.uyghurkitap.com

ئايلىنىپ قالىدىكەن. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئادەم ھامان ئۆزىنىڭ بەختى ئۈچۈنلا ياشايدۇ، بىراق باشقىلارنى بەختسىز قىلىش ھېسابىغا بەختلىك بولۇش ئەمەلىيەتتە تېخىمۇ بەختسىزلىك.

مېنىڭ بۇ يەردىن يۆتكىلىپ كېتىشىمگە سەۋەب بولغان ئىشلار بۇلا ئەمەس، سىز بىلىسىز، ھازىر مەكتەپ ئىچىدە مېنىڭ ياخشى ئاتىقىم يوق، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر مېنى قانداقتۇر بىر ئاياللارغا ئوخشىتىدۇ. بۇمۇ ماڭا ناھايىتى زور روھىي بېسىم بولۇپ قالدى. ھازىر مەن يەنە سىزنىڭ بېشىڭىزنى ئايلاندۇرۇپ، ئائىلىڭىزنى بۇزغان «بۇزۇق ئايال»غا ئايلىنىپ قېلىۋاتىمەن. بۇنى باشقىلارغا ھەرقانچە سۆزلەپمۇ چۈشەندۈرۈپ بولالمايمەن. مۇنداق دېگەنلىكىم بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا پىتنىخور، يامان ئادەملەر دېگەنلىك ئەمەس. بىراق مەن بۇ يەردە ئۆزۈمنىڭ پەزىلەتلىك ئايال ئىكەنلىكىمنى كۆرسىتىشكە ئامالسىزمەن. ئەڭ مۇھىمى، مەن بۇ يەردە تۇرىۋەرسەم سىزمۇ ئازابتىن قۇتۇلمىغۇدەكسىز، زۇلپىيەمۇ تەشۋىش، ئەندىشىلەردىن خالىي بولالمايدىكەن. بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ھەر قېتىم ئۇرۇش ـ جېدەل قىلغاندا مەنمۇ ھەسرەت چېكىپ كېتىدىكەنمەن... شۇڭا مەن خېلى بۇرۇنلا بۇ مەكتەپتىن يۆتكىلىپ كېتىشكە يول ماڭغان. ئاخىر بۇنى ھەل قىلدىم. يەنە كېلىپ ئۆي كۆچۈرىدىغان ۋاقتىم دەل سىزنىڭ كاماندىروپكىغا كەتكەن ۋاقتىڭىزغا توغرا كېلىپ قالدى...

ئارمان، بۇندىن كېيىن سىزمۇ، مەنمۇ، زۇلپىيەمۇ، خەمتمۇ، ئىشقىلىپ ھەممىمىزلا ئازابتىن قۇتۇلىدىغان بولدۇق. بىز ئازابلارنىڭ يېنىپ تەكرارلانماسلىقى ئۈچۈن، مەڭگۈ بىر ـ بىرىمىزنى ئىزدەشمەيلى. سىزگە قويىدىغان ئاخىرقى تەلىپىم، سىز زۇلپىيە بىلەن يارىشىۋېلىڭ. ئۇ سىزنى ياخشى كۆرىدۇ. مەن سىزگە ئاتا قىلالمىغان خۇشاللىقلارنى ئۇ سىزگە تولۇقى بىلەن بېرەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ـ بىرىمىزنى ئۇنتۇيلى. مەنمۇ خەمتنىڭ تۇرمىدىن چىقىشىنى كۈتەي...

سىزدىن ئاخىرقى قېتىم ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇندىن كېيىن مېنى ئىزدىمەڭ.

خەير، سىزگە بەخت تىلەپ

مەرزىيە»

مەن خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ئەلەم بىلەن ئېغىر ئۇھ تارتىۋەتتىم. دۇنيادىكى بارلىق ئۈمىدلىرىم، ماڭا نېسىپ بولغان خۇۋلۇق، ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلەرنىڭ ھەممىسى كۆپۈككە ئايلانغاندەك بولدى. مەن كارىۋاتتا قانچىلىك ئۇزۇن ئولتۇرغىنىمنى بىلمەيمەن، بېشىم گويا نەشە چەككەندەك بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، ساڭگىلاپ كېتىپ باراتتى. ئۆزۈممۇ بارغانچە كارىۋاتقا چۆكۈپ كېتىۋاتاتتىم. ماڭا يەنە كارىۋات، ئۆي، ھەتتا پۈتۈن بىنا يەرگە ئولتۇرۇشۇپ، چۆكۈپ كېتىپ بارغاندەك بىلىنىشكە باشلىدى...

## خاتىمە

...

يەنە شۇ ئۇرۇمچى دەرياسى...

زۇلپىيە ئىككىمىز كامالنىڭ ئىككى قولىدىن تۇتۇپ يېتىلىگىنىمىزچە دەريا بويىلاپ ئاستا كېتىپ بارىمىز. تۈنجى قار ئاستا لەپىلدەپ ياغماقتا. دەريا دولقۇنلىرىمۇ

مەيىن تەۋرىنىپ ئاقماقتا. ئەتراپ ئاپئاق قار بىلەن چۈمكەلگەن، زېمىن بۆشۈككە بۆلەنگەن مەسۇم بوۋاقتەك تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن. بىراق بىز يەنىلا ئويغاق...

مەن ئاسمانغا قارىدىم ۋە لەرزان چۇشۇۋاتقان قار چېچەكلىرى ئارىسىدىن ئاپئاق بۇلۇتلارنى كۆرگەندەك بولدۇم. مەن تەسەۋۋۇر كۆزۈم بىلەن تېخىمۇ يىراققا، تېخىمۇ ئېگىز بىر جايغا تىكىلدىم. ئاخىرى قۇياش نۇرلىرىغا كۆمۈلۈپ قالغان سانسىز يۇلتۇزلارنى كۆردۇم. مەن يۇلتۇزلار ئارىسىدىن كۆزگە ئاسانلىقچە چېلىقمايدىغان تولىمۇ يىراق بىر جايدىكى خىرە يۇلتۇزنى ئىزدەپ تاپتىم. بۇ يۇلتۇز ماڭا قارىغانچە نۇرلۇق، قارىغانچە گۈزەل بولۇپ كۆرۈنۈشكە، چولپان، ھەتتا قۇياشتىنمۇ يارقىن تۇيۇلۇشقا باشلىدى...

مەن بىردىنلا مەرزىيەنى ئەسلەپ قالدىم...

بىر چاغلاردىكى تۇيغۇلار يەنە ئويغىنىشقا باشلىدى، بۇ تۇيغۇلار خۇددى كۆلگە كۆمۈلۈپ قالغان چوغقا ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئۇ، ئۈستىدىكى كۆللەرنى شاماللارنىڭ ئۇچۇرۇپ كېتىشىگە، يېلىنجاپ كۆيۈشكە تولىمۇ ئىنتىزار. بىراق يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىدىكى كۆلمۇ بارغانسېرى قېلىنلىشىپ بارماقتا ئىدى.

ئاندىن مەن يەنە يېنىمدا غەمسىز كېتىپ بارغان ئايالىمغا ۋە ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا خۇشال ھالدا تاقلاپ كېتىۋاتقان ئوغلۇمغا قارىدىم. زۇلپىيە ھازىر بارلىق غەم- ئەندىشىلەردىن قۇتۇلغان، بۇرۇنقىدەك مېنى مەرزىيەدىن كۈنلەپ، ئۇرۇش-جېدەل قىلىپمۇ يۈرمەيدۇ. دېمەك، ئۇ مېنىڭ ئۇنىڭغا كۆڭۈل بەرگەنلىكىدىن خۇشال. بالام بولسا ئاپىسى بىلەن دادىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماڭغانلىقى ئۈچۈن غەمسىز ۋە ئەركە...

مەن يەنە دەريا ئانىغا قارىدىم. ئۇنىڭ نۇرغۇن سۆزلىرى بولسىمۇ، ماڭا ئۈنتىنسىز قاراپ تۇراتتى.

مەن يەنە ھېلىقى خىرە يۇلتۇزغا قارىدىم ۋە مەرزىيەنىڭ تولىمۇ يىراق جايدىن ماڭا تىكىلىپ تۇرغان كۆزىنى كۆرگەندەك بولۇپ ھەسرەتلىك ئۇھ تارتتىم.

— ھەي ئارمان بالام، سەن نېمىدېگەن بەختسىز-ھە، — دېدى بۇ چاغدا دەريا ئانا ماڭا ئېچىنىپ، — سەن شۇنچە ئازاب چېكىپمۇ، ئاخىر يەنىلا كۆتكىنىڭگە ئېرىشەلمەدىڭ. لېكىن مەرزىيەگە نەپرەتلەنمىگىن. سەن ئۆز ئەقىدەڭگە سادىق بولساڭ، ئۇمۇ ئۆز ئەقىدىسىگە سادىق. سەن ئۆزۈڭنى چىن ئىنسان دېسەڭ، ئۇمۇ چىن ئىنسان.

مەن يەنە ئايالىم ۋە بالامغا قارىدىم.

— ياق ئارمان بالام، سەن بەختسىز ئەمەس، بەلكى بەختلىك، — دېدى دەريا ئانا يەنە ئۆز سۆزىنى ئىنكار قىلىپ، — زۇلپىيە ساڭا بارلىق مۇھەببىتىنى ئاتىۋەتكەن، بىلسەڭ، سەن دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك كىشىلەرنىڭ بىرى.

دەريا ئانىنىڭ سۆزلىرى ئورۇنلۇق ئىدى.

مەن تۇرۇپ ئۆزۈمنى بەختسىز ھېسابلىسام، تۇرۇپ بەختلىك ھېسابلايتتىم. بەختكە كۆمۈلگەن چاغلاردا خىرە يۇلتۇزغا قاراپ ھەسرەت چەككىم، بەختسىزلىك ئىچىدە ئازابلىنىپ يۈرگەن چاغلاردا زۇلپىيەنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ شادلانغۇم كېلەتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

www.uyghurkitap.com



ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# ئەدەبىيات ۋە خەلق

يولداش ماۋ زېدۇڭ «يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە ئەدەبىيات بىلەن خەلقنىڭ قان بىلەن گۆشتەك قويۇق مۇناسىۋىتىنى روشەن يورۇتۇپ بەرگەنىدى. ماركسىزمنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە ئىجادىي تەدبىقلاشنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن بۇ ئەسەرنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەۋاتقان ۋاقتىمىزدا، يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئۆگىنىش ۋە مۇھاكىمە قىلىش چوڭقۇر رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارايمەن.

يولداش ماۋ زېدۇڭ ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىدە ئەدەبىيات-سەنئەتنى كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مەسىلىسى ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى مەركىزىي مەسىلە، تۈپ ئاساسىي مەسىلە، پرىنسىپلىق مەسىلە ئىكەنلىكىنى، ئەگەر بۇ مەسىلە مۇۋاپىق، توغرا ھەل قىلىنمىسا، ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي قالىدىغانلىقىنى، بۇ مەسىلە ماركسىزمچىلار، بولۇپمۇ لېنىن تەرىپىدىن ئاللىقاچان ھەل قىلىنغانلىقىنى، يەنى لېنىن 1905-يىلىلا بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتىمىز «مىليونلىغان، ئون مىليونلىغان ئەمگەكچىلەرگە خىزمەت قىلىشى كېرەك»، دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتكەنلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، ئېلىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان ھالدا ئەدەبىيات-سەنئەتنى ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەنىدى. ئېلىمىز ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك تارىخى يولداش ماۋ زېدۇڭ كۆرسەتكەن بۇ يۆنىلىشنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن چەتنەشكە بولمايدىغانلىقىنى قايتا-قايتا ئىسپاتلىدى.

ئېلىمىز ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى يېرىم ئەسىردىن بۇيان يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتنى ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىشچى-دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك دېگەن چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ باي مەزمۇنلۇق تۇرمۇش قاينىمىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، خەلق ئاممىسى بىلەن ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇپ، خەلق ئاممىسىدىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ

خەلق ئاممىسىنىڭ غەيرەت - شىجائىتىدىن پۈتمەس - تۈگىمەس ئىلھام ئېلىپ، دەۋر
روھى چاقناپ تۇرغان سان - ساناقسىز نادىر ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. بۇ ئەسەر-
لەر خەلقىمىزنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تارىخ
تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئازاد-
لىقتىن بۇيانقى تەرەققىيات مۇساپىسى بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ روشەن، تېخىمۇ گەۋدىلىك
ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

بىز نىمشېھىت، زۇنۇن قادىر، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئابدۇكېرىم خوجا، قەييۇم تۇردى،
زوردۇن سابىر قاتارلىق كۆپلىگەن ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت يولىغا نەزەر تاشلىساق،
ئۇلارنىڭ جاپالىق ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا خەلق بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش
بولغانلىقىنى، خەلقنىڭ ھالىغا يېتىپ، ئۇلار ئۈچۈن كۆيۈپ - پىشقانلىقىنى، خەلقتىن يې-
راقلاشمىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك خەلققە سوغۇقتا ئوتۇن - كۆمۈر، ئىسسىقتا مۇزدەك سۇ يەت-
كۈزۈپ بەرگەنلىكىنى ئېنىق كۆرىمىز. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىشچى، دېھقانلارنىڭ ئارىسىغا
چوڭقۇر چۆكۈپ، مول تۇرمۇش جۇغلانمىسىغا، باي خام ماتېرىيالغا، قايناق شېئىرىي
ھېسسىياتقا ئىگە بولغان؛ بەزىلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ جىددىي تەلەپ - ئېھتىياجىنى پۇختا
ئىگىلەپ، ئەسەرلەرنىڭ چىنلىق پۇرىقىنى، ئېستېتىك قىممىتىنى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى
ئاشۇرغان؛ بەزىلىرى خەلق ئارىسىدىكى ھەر خىل شەخسلەرنى ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ پىروتو-
تىپى قىلىپ، ئوبرازلىرىغا ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتكەن؛ بەزىلىرى خەلق ۋە جەمئىيەتنى
ئۇستاز، مەكتەپ قىلىپ، تۇرمۇش بىلىمى ۋە ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتقان
ھەم ئۆستۈرگەن. قىسقىسى، ئۇلارنىڭ ئىجادىي ھاياتى خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشى ھەم
تەقدىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. شۇڭا خەلق ئاممىسى ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن
ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئاڭلىيالىغان، قاينام - تاشقىنلىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنىڭ جان-
لىق بەدىئىي سۈرىتىنى كۆرەلىگەن، نۇرلۇق ئىستىقبالىنى ئېنىق تەسەۋۋۇر قىلالىغان،
كۈچلۈك مەدەت ھەم ئىلھام ئالغان.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتا ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت
ئىدىيىسىنى قوغداپ ھەم راۋاجلاندۇرۇپ، ئەدەبىيات بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخى-
مۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەرھلەپ بەردى. ئۇ 1979 - يىلى «جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەت
خادىملىرىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن تەبرىك سۆز» دە چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ
«خەلقنى تەربىيىلەش ئۈچۈن، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ئالدى بىلەن ئۆزلىرى
تەربىيە ئېلىشى كېرەك؛ خەلقنى ئوزۇقلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى
ئالدى بىلەن ئۆزلىرى ئوزۇق ئېلىشى كېرەك. ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنى كىم تەر-
بىيىلەيدۇ، ئۇلارغا كىم ئوزۇق بېرىدۇ؟ ماركسىزم بۇنىڭغا خەلق دەپلا جاۋاب بېرىدۇ.
خەلق — ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئانىسى. بارلىق تەرەققىيپەرۋەر ئەدەبىيات -
سەنئەت خادىملىرىنىڭ بەدىئىي ھاياتى ئۇلارنىڭ خەلق بىلەن چەمبەرچەس مۇناس-
ۋەت ئورنىتىشىدا. ئۇلار بۇ مۇناسىۋەتنى ئۇنتۇپ قالسا، ئۇنىڭغا سەل قارىسا ياكى ئۇنى
ئۈزۈپ قويسا، ئۇلارنىڭ بەدىئىي ھاياتى پۇچەكلىشىدۇ. خەلق سەنئەتكە موھتاج. سەنئەت

خەلققە تېخىمۇ موھتاج، خەلق تۇرمۇشىدىن ئايرىلغان ھالدا سىيۇژىت، تېما، ۋەقەلىك، تىل، شېئىرىي ھېسسىيات ۋە زوق ئېلىش، ئۆزىنى خەلقنىڭ تارىخنى يارىتىشتىكى كۆتۈرەڭگۈ روھى ئارقىلىق تەربىيەلەش بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ گۈللىنىشىنىڭ توپ يولى» دەپ كۆرسەتكەندى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت سېپىدە كىشىنى مەمنۇن قىلىدىغان مۇۋەپپەقىيەتلەر مەيدانغا كەلدى. بىزنىڭ مەسئۇلىيەتچان ئىجادكارلىرىمىز ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ توغرا يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلقىمىزنىڭ مول مەزمۇنلۇق، قاينام-تاشقىنلىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىمىلىك، مول، ساغلام مەنىۋى ئېھتىياجىنى، ئېستېتىك تەلىپىنى قاندۇرۇش يولىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇلار ئىجادىيەت جەريانىدا ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشى ۋە بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىم بەس - بەستە سايراش فاڭجېنىدا، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ كۆپ ئىقتىدارلىق بولۇشتەك بىرلىكىدە، ئاساسىي مۇقامنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن تەرەققىياتنى كۆپ خىللاشتۇرۇشنىڭ بىرلىكىدە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش تەلىپىنى ۋە تارىخىي تەرەققىيات يۆزلىنىشىنى روشەن ئىپادىلەپ بېرىدىغان، خەلقىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت تارىخىي خاراكتېرلىك ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولىدىغان، ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىستىك ئىنسانپەرۋەرلىك روھى تەرغىپ قىلىنغان، مىللەتلەرنىڭ ئىشەنچىسىنى، ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرىدىغان، سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى قىزغىن مەدھىيىلەيدىغان، كىشىلەرنى دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىشقا، جاسارەت بىلەن ئىشلەشكە، پائال ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان، كىشىلەردە ئېسىل ئەخلاق ۋە مۇھەببەت يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق بولغان، كىشىلەرگە ئۈمىد، بەدىئىي زوق ۋە شادلىق بېغىشلايدىغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ يارىتىپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ تارىخىغا شانلىق سەھىپە قوشتى. بۇ يىللاردا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئومۇمىي نىشانني بويلاپ، توغرا ئىجادىيەت ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزنىڭ يولى بارغانسېرى كېڭىيىپ، مەزمۇن ھەم شەكلى كۈندىن-كۈنگە بېيىپ ۋە يېڭىلىنىپ، سۈپەتلىك بەدىئىي ئەسەرلەر ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى تېخىمۇ جانلاندۇردى.

لېكىن بىز شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز لازىمكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەدەبىيات-سەنئىتىمىز بەزى خاتا پىكىر ئېقىملىرىنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىماي قالمىدى. نەتىجىدە پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدىن، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان

www.uyghurkitap.com

ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مول مەزمۇنلۇق، قايىنام-تاشقىنلىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن، خەل-
قىمىزنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دەۋر روھىدىن چەت-
نەيدىغان، خەلقىمىز ئەسىرلەر بويى ياراتقان مول ھەم قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلارنى،
ئېسىل ئەنئەنىلەرنى يەكلىگىللىك بىلەن ئىنكار قىلىدىغان، غەربتىكى كاپىتالىستىك ئەللەر-
نىڭ قىممەت قارىشىغا ئىنتىلىدىغان، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ كۆپ قاتلاملىق رولىنى چەت-
كە قاقىدىغان خاتا خاھىشلار پەيدا بولدى. بەزى ئىجادىيەت خادىملىرى ئوبيېكتىپ
رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۇرۇشنى قانداقتۇر «ئىنساننىڭ سۇبيېكتىپ ئىقتىدارىنى تۆۋەن-
لەتكەنلىك، كونا پەدىگە ئۇسسۇل ئوينىغانلىق» دەپ خاتا چۈشىنىۋالدى. بەزىلىرى بولسا،
زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتى بىلەن شۇغۇللىنى-
ۋاتقان، جۈملىدىن قالاق ھەم نامرات رايونلارنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش يولىدا جاپا-
لىق ئەجىر سىڭدۈرۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشنى «ئۇقۇملاشتۇرۇشقا بېرىل-
گەنلىك، قىسمەن، كونكرېت، ۋاقىتلىق سىياسىي ۋەزىپىلەرگە بېقىنغانلىق، بۇنداق ئەسەر-
لەرنىڭ ئۆمرى كوتا بولىدۇ» دەپ قاراپ، تېماتىك مەزمۇن جەھەتتە ئۆزىنى چۈشەپ
قويدى. بەزى ئاپتورلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ئېستېتىك قىممىتى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمى
بىلەن ھېسابلاشماي، ھېسسىيات جەھەتتە خەلقتىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ، مۇقامى
تۆۋەن، مەزمۇنى سۇس ئەسەرلەرنى يېزىشقا بېرىلىپ كەتتى. قىسقىسى، كېيىنكى يىللار-
دا بىر قىسىم ئىجادىيەت خادىملىرى ئەدەبىيات-سەنئەت بىلەن خەلقنىڭ، رېئاللىقنىڭ،
دەۋرنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمىدى. شۇڭا ئۇلار خەلقتىن ئىبارەت بۇ
ئۇلۇغ ئانىغا سۈپەتلىك مەنىۋى ئوزۇق يەتكۈزۈپ بېرەلمىدى.

«يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» دۇنياغا كەل-
گەندىن بۇيانقى يېرىم ئەسىرلىك ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئەدەبىيات-سەنئەتنى خەلققە
تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بىرقانچە مۇناسىۋەتنى توغرا
بىر تەرەپ قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى قايتا - قايتا ئىسپاتلىدى:

بىرىنچى، ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىل-
دۇرۇش يۆنىلىشى بىلەن بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىم بەس - بەستە
سايراش فاڭجېنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلمىغاندا، پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبى-
يات - سەنئەت سىياسىتىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرغىلى بولمايدۇ، ئېغىش يۈز بېرىدۇ.

بەزى يولداشلار، بۇ خىل مۇناسىۋەت ئاللىقاچان ھەل قىلىنغان تۇرسا، ئۇنى قايتا
شەرھلەشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار، دېيىشى مۇمكىن. توغرا، بۇ خىل مۇناسىۋەت
يولداش ماۋ زېدۇڭ تەرىپىدىنمۇ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ تەرىپىدىنمۇ كۆپ قېتىم شەرھ-
لەنگەن. لېكىن بىزنىڭ ئارىمىزدا بۇ خىل مۇناسىۋەتنى توغرا ھەل قىلالماي يۈرگەن
يولداشلار ھېلىمۇ بار. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوت-
سىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىنىڭ مۇھىملىقىنىلا تەكىتلەپ، بارچە
گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىم بەس - بەستە سايراش فاڭجېنىنى ئانچە ئېتىرازغا
ئالمايدۇ. بەزىلىرى بولسا، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىم بەس - بەستە سايراش

www.uyghurkitap.com

فاكچىنىنىڭ ئەھمىيىتىنىلا تەكىتلەپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىنىڭ يېتەكچىلىك رولىغا سەل قارايدۇ.

بىزنىڭچە، بۇ ئىككى تەرەپ دىئالېكتىكىلىق بىرلىككە ئىگە. ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ تاشلاش ياكى بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى قىلىپ قويۇش سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە خىلاپ. چۈنكى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدىن ئايرىلغان ياكى چەتنىگەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ توغرا نىشانىدىن ئاداشماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، شۇنىڭدەك بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىم بەس ـ بەستە سايراش فاكچىنىدىن ئايرىلغان ياكى چەتنىگەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭمۇ خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىقتىدارىدىن ئايرىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بىز سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، بۇ ئىككى تەرەپنىڭ بىرلىكىنى ساقلاشنى تەشەببۇس قىلىمىز.

مەلۇمكى، بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىز سىياسىي يۆنىلىشىنىڭ بىردەكلىكى ۋە مەزمۇن، شەكىل، ئۇسلۇب، ئېقىملارنىڭ كۆپ خىل بولۇشى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت. شۇڭا ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىغا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش تۈپ يۆنىلىشى جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگە بولۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش تۈپ ۋەزىپىسى جەھەتتە بىردەك بولۇش تەلىپى قويۇلىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىر خىل جاپالىق ئىجادىي، مەنىۋى ئەمگەك. بۇ ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ تەربىيىلىنىشى، ئىجادىيەت شارائىتى، ئارزۇسى، ھەۋىسى، ئېستېتىك قارىشى، بىلىم جۇغلانمىسى، بەدىئىي ئۇسلۇبى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا ئۇلار سىياسىي يۆنىلىشنىڭ بىردەكلىكى ئاساسىدا ئىجادىيەت ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشقا؛ تېما، ئاساسىي تېما، شەكىل، ئۇسۇل، ئۇسلۇب ۋە ئېقىم قاتارلىق جەھەتلەردە كەڭ ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك. ئۇلارنىڭ بۇ ھوقۇقى دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى تەرىپىدىن كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېستېتىك تەلىپى كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. شۇڭا يولداش دېڭ شياۋپىڭ «جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ 4 ـ قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن سۆز» دە لېنىننىڭ «شەخسىي ئىجادكارلىق ۋە شەخسىي ھەۋەس ئۈچۈن كەڭ زېمىن بولۇشىغا، ئىدىيە ۋە فانتازىيە، شەكىل ۋە مەزمۇن ئۈچۈن كەڭ زېمىن بولۇشىغا مۇتلەق كاپالەتلىك قىلىش زۆرۈر» دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، تۆتتىن زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئومۇمىي نىشانىنى بويلاپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ يولى بارغانسېرى كېڭىيىپ بېرىشى زۆرۈرلۈكىنى، توغرا ئىجادىيەت ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە سيۇژېت ۋە ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە بېيىپ، يېڭىلىنىپ بېرىشى كېرەكلىكىنى، مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى ئۆلۈك ھالدا بىرلا خىل، جانسىز قىلىپ قويىدىغان قېلىپبازلىق ھەم شوئارۋازلىق خاھىشلىرىدىن ساقلىنىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش

لازىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسەتكەنىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويغان بۇ نوقتىئىنەزەرلەر پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشى بىلەن بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىم بەس - بەستە سايراش فاڭجېنىنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشىنىڭ نەمۇنىسى سۈپىتىدە ئىجادىيەت خادىملىرىغا ئۈزلۈكسىز ئىلھام بېرىپ كەلمەكتە.

بۇ يەردە يەنە مۇنداق بىر خىل مۇناسىۋەتمۇ مەۋجۇت: بىز ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا نېمە ئۈچۈن تەرەققىياتنى كۆپ خىللاشتۇرۇش بىلەن ئاساسىي مۇقامىنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ بىرلىكىدە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرىمىز؟ ئىجادىيەت مەزمۇنىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش جەھەتتە نېمە ئۈچۈن دەۋر ۋە تۇرمۇشنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى تەكىتلەيمىز؟ بۇنداق قىلغاندا، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىم بەس - بەستە سايراش فاڭجېنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە دەخلى يېتەمدۇ - يوق؟ بۇنداق قىلىش «تېما بەلگىلەپ بېرىش» بولامدۇ - يوق؟ نۆۋەتتە بۇ مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىش چوڭقۇر رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەدەبىيات - سەنئەتتىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ مەنىۋى ئەمگەك ئىجادىيەت خادىملىرىنىڭ ئىجادكارلىق روھىنى تولۇق ئۇرغىتىشنى بەكمۇ تەلەپ قىلىدۇ. نېمىنى يېزىش، قانداق يېزىش كېرەكلىكى ئۈستىدە ئىجادىيەت خادىملىرىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا داۋاملىق ئىزدىنىشىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ جەھەتتىكى ئاچچىق ساۋاقلارنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ، لېكىن ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت سۈپىتى ۋە ئىدىيە - ئەخلاق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغانلىقىمۇ كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان پاكىت. شۇڭا ئۇلارنىڭ جەمئىيەتنى ساغلام، سۈپەتلىك، پايدىلىق مەنىۋى مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلەش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كىشىلەرنىڭ جانلىق بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق خەلقنى سوتسىيالىستىك ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەش، خەلقنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش ئارقىلىق جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش مەسئۇلىيىتى بار. چۈنكى ھازىر خەلقىمىزنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ماھىيەتلىك ئىش زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىش ئەمەلىيىتىدىن ئىبارەت. مانا مۇشۇ ماھىيەتلىك ئەمەلىيەتنى يورۇتۇپ بېرىش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلىش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن يېڭىچە ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت تارىخىي خاراكتېرلىك ئىجادىي پائالىيەت بىلەن دادىل شۇغۇللىنىشىغا تۈرتكە بولۇش — بۈگۈنكى ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئىنتايىن مۇشكۈل ھەم شەرەپلىك ۋەزىپە. مەسئۇلىيەتچان ئىجادىيەت خادىملىرى تۇرمۇشىمىزنىڭ، دەۋرىمىزنىڭ ئاساسىي ئېقىمىدىن، ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ ئاساسىي مۇقامىدىن ھەرگىزمۇ ئۆزىنى قاچۇرمايدۇ، بەلكى دەۋرنىڭ ئەدەبىياتىمىز ئالدىغا قويغان بۇ

www.uyghurkitap.com

تەلىپىنى ئورۇنداشنى ئۆزلىرىنىڭ ۋىجدانى بۇرچى ھېسابلايدۇ.

شۇنىسى ئېنىقكى، بىزنىڭ بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لۇشيەنىمىز ھەرگىزمۇ ۋاقىتلىق تەدبىر ئەمەس. خەلقىمىزنىڭ، پارتىيىمىزنىڭ، دۆلىتىمىزنىڭ تەقدىرى مۇشۇ ئاساسىي لۇشيەن بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. شۇڭا بىزنىڭ ھەر قايسى سېپىمىز، جۈملىدىن ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت مۇشۇ مەركەزنى دەۋر قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن چەتنەپ، ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. بۇنى ھەرگىزمۇ «ئەدەبىيات - سەنئەتنى قىسمەن، كونكرېت، ۋاقىتلىق سىياسىي ۋەزىپىلەرگە بېقىندۇرغانلىق» دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى زامانىۋىلاشتۇرۇش خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشى ۋە رېئاللىقنىڭ ماھىيىتى ھەم ئاساسىي ئېقىمى، خەلقىمىزنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك ئىجادىي پائالىيىتى، ئۇ خەلقىمىزنىڭ بارلىق ئەمەلىيىتى، ئارزۇسى، مەنپەئىتى، غايىسى، ئىستىقبالى بىلەن زىچ باغلانغان. بىز ھەرقانداق ئەدىبنىڭ تارىختا ئوينىغان رولى ۋە تارىختا تۇتقان ئورنى ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ماھىيەتلىك مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلگەن - بۆلمىگەنلىكى، تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن - ئەتتۈرمىگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئۆز دەۋرىدە قانداق ئىجتىمائىي ئۈنۈم پەيدا قىلغانلىقىغا باغلىق بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئېنىق بىلىمىز. شۇڭا زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا بېغىشلانغان ئەسەرلەرنىڭ ئىستىقبالىدىن ئەنسىرەش ھاجەتسىز. ئىجادىيەت خادىملىرىغا ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئىجادىيەت يۆنىلىشى، ئېستېتىك قىممىتى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى قاتارلىق جەھەتلەردە زۆرۈر تەلەپلەرنى قويۇپ، ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتىش ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشقا دەخلى يەتكۈزمەيدۇ.

ئىككىنچى، نۆۋەتتە ئەدەبىيات بىلەن تۇرمۇشنىڭ، ئەدەبىيات بىلەن رېئاللىقنىڭ، ئەدەبىيات بىلەن دەۋرنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن زۆرۈر. چۈنكى بەزى كىشىلەر بىر مەھەل بۇ خىل مۇناسىۋەتنى بۇرمىلايدىغان ياكى ئاجىزلاشتۇرىدىغان خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرنى كۈچەپ تەرغىب قىلىپ، ئاپتور ھەم كىتابخانلار ئارىسىدا ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلدى. نەتىجىدە بەزى ئاپتورلىرىمىزنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى ئاجىزلىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خەلق ئاممىسىنىڭ رېئال تۇرمۇشىنى ئۆگىنىش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشكە سەل قارايدىغان، سوتسىيالىستىك دەۋر روھىنى ئىپادىلەشكە قىزىقمايدىغان خاتا خاھىشلار باش كۆتۈردى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى خەلق ئاممىسىنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمىدى. ئۇلار قانداقتۇر «ئىجادىيەت خادىملىرىمۇ مۇئەييەن تۇرمۇش ئىچىدە ياشايدۇ. شۇڭا ئۇلارنى تۇرمۇش ئۆگىنىشكە چاقىرىشنىڭ ھاجىتى يوق» دەپ قارىدى. تۇرمۇشنىڭ ھەممىلا جايىدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ، لېكىن بىر ئىجادىيەت خادىمىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ پەقەت ئۆزى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان تۇرمۇش ۋە تار دائىرە بىلەنلا چەكلىنىپ قالسا بولمايدۇ. تۇرمۇش ئىنتايىن باي ھەم كەڭ مەزمۇنغا ئىگە. ئۇ خۇددى بىپايان دېڭىزغا، پۈتمەس - تۈگىمەس كان بايلىقلىرىغا ئوخشايدۇ. تۇرمۇش دېڭىزىنىڭ

قايىنام - تاشقىنلىق جايلىرىمۇ، تىنچ ئاقىدىغان جايلىرىمۇ بولىدۇ. ئىجادىيەت خادىملىرى مانا مۇشۇلار بىلەن ئىمكان قەدەر كۆپرەك تونۇشۇپ، تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك، ئاساسىي ئېقىمىنى كۆپرەك ئىگىلەپ، بىر قەدەر مول، ئەتراپلىق تۇرمۇش جۇغلانمىسىغا ئىگە بولۇشى لازىم. زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە جان پىدالىق بىلەن كۆرەش قىلىۋاتقان، ئەجىر سىڭدۈرۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇشىنى بىلمىگەن، ئۆگەنمىگەن ئەدىب ئۇلارنىڭ جانلىق ئوبرازىنى يارىتالمايدۇ. شۇڭا بىز يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئوتتەك قىزىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە چوڭقۇر چۆكۈشىنى، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ شىددەتلىك ئېقىمىغا پائال ئاتلىنىشىنى داۋاملىق تەشەببۇس قىلىمىز. ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈشنى قەتئىي بوشاشماي داۋاملاشتۇرغاندىلا، تۇرمۇشنى ئۆگىنىش ھەم ئىنچىكە كۆزىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغىلى، مول ھەم قىممەتلىك ئىجادىيەت خام ماتېرىياللىرىنى توپلىغىلى، خەلقنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتى، ئىدىيە - ھېسسىياتى ۋە دەۋر روھىنى روشەن، چوڭقۇر ئىپادىلەپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، نۆۋەتتە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئېستېتىك رولى، تەربىيىۋى رولى، بىلىش رولى، كۆڭۈل ئېچىش رولى قاتارلىق كۆپ خىل رولى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىگە قانداق قاراش مەسىلىسىدىمۇ ھەر خىل مۇجمەل تونۇشلار ساقلانماقتا. بەزى يولداشلار ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ تەربىيىۋى رولى بىلەن بىلىش رولىنىڭ مۇھىملىقىنىلا تەكىتلەپ، ئېستېتىك رولى بىلەن كۆڭۈل ئېچىش رولىغا ئانچە ئېتىبار قىلمايدۇ. بەزىلىرى بولسا، پەقەت ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئېستېتىك رولىنىلا ئېتىراپ قىلىپ، قالغان روللىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. قىسقىسى، ئۇلار ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ خىل رولىنى يا بىر - بىرىدىن ئايرىپ تاشلايدۇ، يا بىرىنى مۇھىم بىلىپ، يەنە بىرىگە سەل قارايدۇ.

مېنىڭچە، ھەقىقىي بەدىئىي ئەسەرلەردە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ كۆپ خىل رولى بىرلىككە كەلگەن بولىدۇ، لېكىن ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ باشقا روللىرى ئۇنىڭ ئېستېتىك رولى ئارقىلىقلا نامايان بولىدۇ. شۇڭا ئېستېتىك قىممىتى يۇقىرى بولمىغان بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ تەربىيىۋى قىممىتىمۇ جەزمەن تۆۋەن بولىدۇ. بەزىدە بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپ خىل رولىنى بىر - بىرىدىن ئايرىماقمۇ ناھايىتى تەس. چۈنكى ئۇلار ئادەتتە ئۆزئارا جىپسىلىشىپ، سىڭىشىپ كېتىدۇ. بەزى ئەسەرلەر قارىماققا كۆڭۈل ئېچىش رولىغىلا ئىگىدەك تۇيۇلىدۇ. لېكىن ئۇلارنى چوڭقۇرراق تەھلىل قىلساق، ئۇلارغا گۈزەللىك، تەربىيە، بىلىش ئامىللىرىنىڭمۇ يوشۇرۇنغانلىقىنى كۆرىمىز. دېمەك، مۇنەۋۋەر بەدىئىي ئەسەردە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ كۆپ خىل رولى تولۇق ھازىرلانغان، ئۆزئارا گىرەلىشىپ، بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولىدۇ.

بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپ خىل رولغا ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى ئېتىراپ قىلماسلىق، ماھىيەتتە، ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى بىلەن بەدىئىيلىكىنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ تاشلىغان بىلەن باراۋەر. بەزى يولداشلار بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتىنى پەقەت

ئۇلارنىڭ ئىددىيىۋىلىكى ئارقىلىقلا ئۆلچەيدۇ، يەنە بەزى يولداشلار بولسا، ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىنى ئۇنىڭ سۈپىتىنىڭ بىردىنبىر بەلگىسى ھېسابلايدۇ. بىزنىڭچە، ئىددىيىۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىكمۇ كونكرېت بەدىئىي ئەسەرلەردە تامامەن بىرلىككە كەلگەن بولىدۇ. ئۇلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋەتكەندە، بەدىئىي ئەسەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ بىرىگىلا ئېتىبار بېرىپ، يەنە بىرىگە سەل قاراش ياكى بىرى ئارقىلىق يەنە بىرىنى چەتكە قېقىش قاتارلىق ئېغىشلاردىن ساقلىنىشقا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچى، ئۆۋەتتە ئېسىل ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش، چەت ئەل مەدەنىيىتىدىكى پايدىلىق، ئاكتىپ، ئىلغار نەرسىلەرنى دادىللىق بىلەن قوبۇل قىلىش، يۈرەكلىك ھالدا يېڭىلىق يارىتىش قاتارلىق تەشەببۇسلارغا قانداق قاراش ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىمۇ مۇھىم تەتقىقات تېمىسى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ھازىر بۇ جەھەتتىمۇ بەزى مەسىلىلەر مەۋجۇت.

ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئەسىرلەر بويى ياراتقان مول ھەم قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنى، ئېسىل ئەنئەنىلەرنى كەمسىتىش ياكى ئىنكار قىلىش، چەت ئەل مەدەنىيىتىدىكى مېغىز بىلەن شاكالنى ئايرىماسلىق ياكى ئۇنىڭغا قارىغۇلارچە چوقۇنۇش، ئېلىمىزنىڭ، جۈملىدىن سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزنىڭ خاراكتېرىنى، ئۆزىگە خاس ئەنئەنىسىنى، شۇنىڭدەك خەلقىمىزنىڭ رېئال تۇرمۇشىنى چىقىش نۇقتىسى قىلماي، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان يوغان ھەم قۇرۇق گەپلەرنى قىلىش ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىنتايىن زىيانلىق.

يولداش ماۋ زېدۇڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ناملىق ئەسىرىدە «بىز جۇڭگونىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئۆتكەن دەۋرلەردىن قالغان باي ئەدەبىيات - سەنئەت مىراسلىرىغا ۋە ئوبدان ئەدەبىيات - سەنئەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىمىز، لېكىن مەقسىتىمىز يەنىلا خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش. بىز ئۆتكەن دەۋرلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت شەكىللىرىدىن پايدىلىنىشنىمۇ رەت قىلمايمىز، لېكىن بۇ كونا شەكىللەر بىزنىڭ قولىمىزغا ئۆتۈشى بىلەن ئۆزگەرتىلىدۇ، ئۇلارغا يېڭى مەزمۇن كىرگۈزۈلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئىنقىلابىي نەرسىگە ئايلىنىدۇ» دېگەنىدى. ئېلىمىز ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ تارىخى يولداش ماۋزېدۇڭ مۇندىن يىگىرمە ئەسىر بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان بۇ نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ ئىنتايىن توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئېلىمىزنىڭ نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى ئەمەلىيەتتە مۇشۇ ئىددىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يەنى يولداش ماۋ زېدۇڭ كۆرسىتىپ بەرگەن كونىلىرى ئاساسىدا يېڭىلىرىنى يارىتىش، چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، قەدىمكىنى بۈگۈنكى دەۋر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرغانلىقىنىڭ ۋە دادىل ئىزدىنىپ، پائال يېڭىلىق ياراتقانلىقىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى.


يولداش دېڭ شياۋپىڭ «جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيىدا

سۆزلەنگەن تەبىردىك سۆز» دەپ ناھايىتى ئېنىق ھالدا: «بارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى قەدىمكى ۋە ھازىرقى، جۇڭگودىكى ۋە چەت ئەللەردىكى بەدىئىي ماھارەتكە دائىر بارلىق ياخشى نەرسىلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، قوبۇل قىلىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، مىللىي ئۇسلۇبقا ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان مۇكەممەل بەدىئىي شەكىللەرنى يارىتىشى لازىم» دەپ كۆرسەتكەنىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ سۆزىدە بەدىئىي ئىقتىدارنى ئۆزلۈكسىز بېيىتىش ۋە ئۆستۈرۈش، مىللىي ئۇسلۇبقا ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان مۇكەممەل بەدىئىي شەكىللەرنى يارىتىش بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ، جۈملىدىن قەدىمكى زامانىنىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ بەدىئىي ماھارەتكە دائىر بارلىق پايدىلىق، ئاكتىپ، ئىلغار نەرسىلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش، قوبۇل قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش ھەم راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتى روشەن يورۇتۇپ بېرىلگەن.

ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدىكى، تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرغاندىلا، قوبۇل قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش پۇختا ئاساسقا ئىگە بولالايدۇ. تەتقىقات كۆچەيتىلمىسە، شاكال بىلەن مېغىزنى، دان بىلەن پاخالنى، يارامىلىق نەرسىلەر بىلەن يارامسىز نەرسىلەرنى پەرق ئېتىش تەس. تەتقىق قىلىش، قوبۇل قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئاخىرقى ھېسابتا مىللىي ئۇسلۇبقا ھەم دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان مۇكەممەل بەدىئىي شەكىللەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، يۇقىرىقىدەك بىر قاتار مۇناسىۋەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئەدەبىيات بىلەن خەلقنىڭ قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ چىڭىتىشتا، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىقتىدارىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشتە چوڭقۇر رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئەدەبىيات بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرۇش يولىدا ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز شەرت.

مەسئۇل مۇھەررىر: سارەم ئىبراھىم



ئارسلان

# لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ھايات مەشئىلى

شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ شېئىرلار توپلىمى — «ھايات مەشئىلى» نىڭ خەنزۇ تىلى ۋە
ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىلىرى يېقىندا يازغۇچىلار نەشرىياتى، مىللەتلەر نەشرىياتى تە-
رىپىدىن ئايرىم-ئايرىم نەشر قىلىنىپ، ھەر مىللەت كىتابخانلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتى.
بۇ باش شۇجى جىياڭ زېمىن كىتاب ئىسمى يېزىپ بەرگەن تۇنجى ئەدەبىي ئەسەر بولۇپ،
مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا چوڭ زىلزىلە پەيدا قىلدى.
تۆمۈر داۋامەت جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. ئۇ كىچىك چاغلىرى-
دىن تارتىپلا ئەدەبىيات-سەنئەتكە ھەۋەس قىلىپ، چۆچەك، قوشاقلارنى توپلاپ، ناخشا
تېكىستى، ئۇششاق شېئىر ۋە بەزى ماقالىلەرنى يازغان. شائىر 1963-يىلى «قارىغاي-
نىڭ خىسلىتى»، «كەتمىنىم» ناملىق شېئىرلىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەل-
دى. ئىرىشچان شائىر شۇندىن بۇيانقى 30 يىلغا يېقىن ۋاقىت داۋامىدا شېئىر ئىجا-
دىيىتىدە ئۈزلۈكسىز ئەجىر قىلدى. پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك
ۋەزىپىلىرىنى، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى زىممىسىگە ئالغاندىن
كېيىنمۇ خىزمىتىنىڭ ئېغىر ۋە ئالدىراشلىقىغا قارىماي، ئىشتىن سىرتقى ئىجادىيىتىنى
داۋاملاشتۇردى، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، پۇرسەت تاپسىلا ئەسەرلىرىنىڭ سۈپىتىنى تەدرىجىي
ئۆستۈرۈپ باردى. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدە زور
يۈكسىلىش بارلىققا كەلدى. شائىرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا ھازىرغىچە 4 شېئىرلار توپ-
لىمى نەشر قىلىندى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمىنى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇر-
تىغا بېغىشلىدى. 1982-يىلى نەشر قىلىنغان «تىيانشان شادلىقى» ناملىق بۇ توپلام يۇر-
تىمىزنىڭ مەنزىرىلىرى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى، كۈرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۇ-
رۇپ بەردى. ئۇنىڭ ۋەتەنگە بېغىشلانغان «ۋەتەنگە مۇھەببەت» دېگەن ئىككىنچى شې-
ئىرلار توپلىمى 1987-يىلى نەشر قىلىندى، شائىر ئۇنىڭدا پارتىيىگە، ۋەتەنگە بولغان
چوڭقۇر مۇھەببىتىنى، ھەر قايسى سەپلەردىكى قايناق رېئال ھاياتتا ئۇقۇلغان قىزغىن
مەدھىيىلەرنى گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۇردى. شائىر ئۈچىنچى شېئىرلار توپلىمى — «دەۋر
ئىلھاملىرى» نى دەۋرىمىزگە بېغىشلىدى. 1991-يىلى نەشر قىلىنغان بۇ توپلام دەۋرى-
مىزنىڭ باھار ئەركىلەۋاتقان كەڭ قۇچىقىدىن تىزىلغان گۈل-غۇنچىلاردىن تۈزۈلگەن

رەڭدار گۈل دەستىنى جىلۋە قىلدۇردى. «ھايات مەشئىلى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى
شائىرنىڭ ئاشۇ ئىجادىيەت بايلىقلىرىدىن تاللاپ تۈزۈلۈپ، كىتابخانلارغا سۇنۇلغان قە-
لب جەۋھەرلىرى، پىكىر دۇردانىلىرى، ھايات سوۋغىسىدۇر. 1990-يىلى شائىرنىڭ
«يۇرتقا مۇھەببەت»، «يۈرەك ناخشىسى» ناملىق ئىككى شېئىرلار توپلىمى خەنزۇ تى-
لىدا نەشر قىلىندى. بۇ توپلاملار ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ياپون تىلىغا تەرجىمە قىلى-
نىپ، ياپونىيىدە نەشر قىلىندى. بۇلاردىن باشقا شائىرنىڭ ھېسسىيات لاۋۇلداپ تۇرغان
چوڭ ھەجىملىك ئەدەبىي خاتىرىسى — «يالقۇنلۇق شېئىرىي تەسىرات» قاتارلىقلارمۇ
ئېلان قىلىنىپ، كىتابخانلار ئىچىدە چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى. شائىرنىڭ نۇرغۇن شېئىر-
لىرى قازاق، ئۆزبېك، خەنزۇ، ياپون، رۇس، تۈرك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تىللىرىدا
نەشر قىلىندى. «ئالتاي لىرىكىسى» ناملىق چاتما شېئىرى 1989-يىلى ئاپتونوم
رايونى بويىچە يېڭى دەۋردىكى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرمۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

«ھايات مەشئىلى» گە شائىرنىڭ يۈزدىن ئارتۇق شېئىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن.
بۇ توپلام شائىرنىڭ ئىجادىيەت مېۋىلىرىنىڭ بىر قەدەر ئەتراپلىق گەۋدىلەندۈرۈلۈشى،
ئومۇمىي شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ جەۋھىرى، يەكۈنى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا شائىرنىڭ ئىجا-
دىيەت يولى بىر قەدەر روشەن ئىپادىلەنگەن، بەدىئىي ئىجادىيەت ماھارىتىنىڭ ئۆسۈپ-يې-
تىلىش جەريانى بىر قەدەر ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ توپلامدا ھېسسىيات ئۇنچىلى-
رىگە، پەلسەپىۋى تۈسكە باي گۈزەل لىرىكىلار، ۋەتەننىڭ ھەيۋەتلىك تاغ-دەريالىرىغا،
يېڭى ھاياتقا، ئەمگەكچان، باتۇر خەلققە، جۇملىدىن چارۋىچىلار، دېھقانلار، سۈتچىلەرگە
ئوخشاش ئاددىي ئەمگەكچىلەر، شۇنىڭدەك زور تۆھپە ياراتقان ئابرويلۇق ئالىملار، سەن-
ئەتكارلارغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت ئىپادىلەنگەن ئەسەرلەر، شائىرنىڭ چەت ئەللەردە
بولغان چاغلاردىكى ھېسسىياتلىرى، ئاڭلىغان-كۆرگەنلىرى، چەت ئەل مەنزىرىلىرى، تۇر-
مۇش كۆرۈنۈشلىرى، خەلقئارا دوستلۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلەر بار. ساددا، ئوب-
رازلىق تىلدا جانلىق تەسۋىرلەنگەن قەدىمىي تاجىك خەلق رىۋايىتى ئاساسىدا يېزىل-
غان داستانىمۇ بار.

توپلامدىكى شېئىرلاردىن شائىرنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئىنقىلابىي رېئالىزم بىلەن
ئىنقىلابىي رومانتىزم بىرلەشتۈرۈلگەن ئىجادىيەت يولىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋال-
غىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تېمىسى خىلمۇخىل، ئوبرازلىرى جانلىق، پىكىرلى-
رى كۆپ قاتلاملىق، ئىدىيىۋىلىكى يۈكسەك، ھېسسىياتى سەمىمىي، تىلى ساددا، ساپ،
چۈشىنىشلىك، رىتىمى لەرزان، قۇرۇلمىسى بىر قەدەر تەبىئىي، پىششىق بولۇپ، كىتاب-
خانلار قەلبىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ.

بۇ توپلامدىكى شېئىرلاردىن شائىرنىڭ خەلق بىلەن قەلبداش، دەۋر بىلەن قەدەم-
داش بولۇپ، خەلقچىللىقنى گەۋدىلىك ئىپادىلىگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، بۇ ئەسەر-
لەردە تۇرمۇش پۇرىقى، سوتسىيالىزم رېئاللىقىنىڭ تۈستى قويۇق، دەۋر روھى چاقناپ
تۇرىدۇ. يۇرتقا، ۋەتەنگە، خەلققە، ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشقا بولغان قايناق مۇھەببەت ئىپادىلەنگەن.

سېنى دەپ ئۆگەندىم، سېنى دەپ ئىشلەپ،
ساڭا نەپ بېرىشتىن ئۆزگە نىيەت يوق.
مەن سېنى ئويلىدىم، ئويلايمەن خەلقىم،
سېنى دەپ ياشاشتىن ئۇلۇغ شۆھرەت يوق.

..............................

يېشىڭ تەڭ تەڭرىتاغ يېشىغا خەلقىم،
سەن ئەمگەك، زېھنىڭدىن تارىخ ياراتقان.
ھۆرلۈكنىڭ ئاشىقى بولۇپ ئەزەلدىن
بېشىڭغا باتۇرلۇق تاجىنى تاققان.
ھۈنەرمۇ، سەنئەتمۇ ئالار سەندىن جان،
ئادىتىڭ ئىزدەنمەك ھەم قىلماق ئىجاد.
چاقنايدۇ كۆزۈڭدە ئەقىل - پاراسەت،
ئالدىڭدا يوق چېكىش، سىرلىق تىلسىمات.

..............................

بۈركۈتتەك مەغرۇرسەن، دەريادەك ئويغاق،
ھەقىقەت بايرىقىڭ لەپىلدەپ تۇرغان.

..............................

سېھىرلەر كۆزۈڭنى باغلىيالمىدى
قەلبىڭدە يالقۇنجاپ يانغاچقا قۇياش.

..............................

بەختىمسەن، تەختىمسەن جانىجان خەلقىم،
مېھرىڭدەك چوڭ بايلىق ھەم خاسىيەت يوق.
سېنى دەپ ئىشتا مەن، جەڭدە مەن ئەبەد،
سېنى دەپ ياشاشتىن ئارتۇق لەززەت يوق.

شائىرنىڭ «خەلقىم» ناملىق شېئىرىدىكى بۇ مىسرالاردا ئەلنىڭ ئەرنى، تارىخنى يارىتىش ئىقتىدارىنىڭ نامايىشى، ئىرادىلىك، ۋاپادار ئەرنىڭ ياشاش مەقسىتىنىڭ يۈكسەك پەللىسى — ھاياتلىق قىممەت قارىشىنىڭ جىلۋىسى قايناق ھاياجان، رەڭدار پىكرى سىيما (ئىماژ)، كۆپ قاتلاملىق پىكىر ئارقىلىق تەسىرلىك سۈرەتلەپ بېرىلگەن بولۇپ، كىتابخان قەلبىدە ئاپىرىن دولقۇنى قوزغىماي قويمايدۇ.

يىللىق ئاپتاپ ياپماقتا ئېتەك،
يېشىللىققا ئورالدى ھەريان.
بۇ يېشىللىق ھايات بەلگىسى،
بۇ ئاجايىپ جۇشقۇنلۇق جەريان.

(«باھار ئىلھامى»)

سالام دەيمەن گۈزەل تارىم، ئەزىز قەشقەر، خوتەن، كورلا،
سالام دەپ مەرد دېھقانلارغا ئېگەي قەددى چىنارىمنى.
كېلەر دەپ ئاڭلىدىم ئەلدىن تۈمەن شاۋقۇنىدىن كۆلكە،
چىمەنزار بويىدا تاپتىم دىلىمغا چىن ئارامىمنى.
كۆلۈپ مۇز تاغ ئېتەكىدە بولۇتىنى قايرىغان چوپان
كۆيىگە جور قىلاي دەپ ھەم ئېلىپ كەلدىم ساتارىمنى.
يەن، ئاقسۇ ـ گۈرۈچ كانى، قىزىلسۇ سۈت ـ قىمىز يۇرتى،
قوبۇل قىلغىن ساڭا مېھرىم، يۈرەك ناخشام ـ سالامىمنى.
(«قوبۇل قىلغىن سالامىمنى»)

گۈللىگەن قۇچىقىڭغا كېلىپ بۈگۈن،
قانىمىدىم كۆرۈپ بەزمە ـ شاد تويۇڭنى.
ئېھ ـ تىرام، سۆيگۈم ساڭا بولدى دەريا،
ئېھ، سۈيى چايقاپ ئۆتسۇن گۈل بويۇڭنى.
تەبەسسۇم جىلۋە قىلار ئەل لېۋىدە،
تۈمەندە دولقۇنلىنىپ كۆلكە ئاقار.
باغلىرىڭ جامالىدا چاقنايدۇ نۇر،
گۈل رەڭدار، گۈلدەك گۈزەل ھايات رەڭدار.
ھاياجان خىيال بىلەن گىرەلەشتى،
خىياللار ئەسىرلەرگە يىغىن ئاچتى.
ئەسىرلەر بەس ـ بەس بىلەن چۈشتى سۆزگە،
ئالتۇندەك تارىخىڭدىن كۆز قاماشتى.
(«كۆلگىن قەشقەر»)

ھېسسىيات ۋە مەنە دولقۇنلىرىغا تويۇنغان بۇ مىسرالار شائىر قەلبىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر خەلق ۋە دەۋر بىلەن زىچ باغلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ بەدىئىي مەھسۇلى. بۇ مىسرالاردا سوتسىيالىستىك رېئال تۇرمۇش بىلەن شائىرنىڭ ئاشۇ تۇرمۇشقا بولغان مۇھەببىتى يۇغۇرۇۋېتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن شائىرنىڭ خەلق يۈرىكىنىڭ تېۋىنىشىغا قۇلاق سېلىشقا ماھىر ئىكەنلىكى مانا مەن دەپلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شائىر بۇ يەردە تارىخىي بۈرچ تۇيغۇسىنى، ئېستېتىك بۈرچىنى ئۇنۇتمىغان. ئۇنىڭ ئىپادىلىگىنى ئۆزىنىڭ شەخسىي ھېسسىياتى بولماستىن، بەلكى شائىر ئۆزى بايقىغان خەلقنىڭ ھېسسىياتىدۇر. شائىر خەلق قەلبىدىكى ھېسسىياتنى ئىپادىلىگەچكە، بۇ مىسرالار خەلق قەلبىدە ئورتاق سادا قوزغىيالىغان. بەدىئىي ئىقتىدارىنىڭ يۈكسىلىشى، ھايات يولىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ روشەنلەشكەن بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئەسلىدە ئۇنىڭ ياش ۋاقىتلىرىدىلا بىخ سۈرۈشكە باشلىغانىدى. 1963 ـ يىلى شائىر تېخى ئۆز يۇرتىدىكى چاغدا يازغان «كەتمىنىم» دېگەن شېئىردا دېھقان بىلەن كەتمەننىڭ دوستلۇقى تەسۋىرلەنگەن. بۇ شېئىردا دوستلۇقنى سىمۋول، كەتمەننى پىكرى سىيما قىلىش ئارقىلىق ئەمگەك بىلەن ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەزەلدىن ئەبەدكە داۋاملىشىدىغان ئايرىلماس مۇناسىۋىتى يورۇتۇپ بېرىلىپ، ئەمگەكنىڭ چۆللەرنى بوستان قىلىدىغان، دۇنيانى يارىتىدىغان، ئىنسانىيەتكە بەخت ـ سائادەت ياغدۇرىدىغان

«ئېچىل داستىخان» ئىكەنلىكى شېئىردى بايان قىلىنغان. ئەمگەكنىڭ مۇقەددەسلىكى،
تەگداشسىز كارامەتلىكى ئەگىتمە ئۇسۇلدا مەدھىيىلىنىپ، مەزمۇن قاتلىمى ھاسىل قىلىن-
غان. «قارىغاينىڭ خىسلىتى» دە قارىغاينىڭ قەيسەر ئالاھىدىلىكىنى تەسۋىرلەش ئارقى-
لىق ۋەتەن جەڭچىسىنىڭ ئېگىلمەس-سۇنماس ئوبرازىنى ياراتقان. «بامبۇك» پەلسەپى-
ۋى قائىدىلەرگە باي بولۇپ، كىشىنى چوڭقۇر، لەززەتلىك ئويلارغا سالىدۇ. «كۆلگىن
قەشقەر»، «ئالتاي لىرىكىسى»، «كۇچا تەسىراتلىرى»، «قاراماي ناخشىلىرى»، «تاغ-
لار قۇچاقلىغان ئاتۇشتا» قاتارلىق لىرىكىلار شائىرنىڭ يۇرتىغا، ۋەتىنىگە بولغان ئوت-
لۇق مۇھەببىتىنى گەۋدىلىك ئىپادىلەپ بەرگەن، ئۇ ۋەتىنىنىڭ تاغ-دەريالىرىنىڭ شې-
ئىردى مەنزىرىسىنى كۆرۈپمۇ، كۈيلەپمۇ تويمايدۇ. بۇ شېئىرلار ئۇنىڭ ئاشۇنداق ئوت-
لۇق مۇھەببىتىنىڭ شولىسى، ئەكس ساداسىدۇر. «باھار كەلدى»، «كۆكەرتەيلى ۋە-
تەننى»، «تەنتەنە»، «كورلىغا بارغۇچە ئويلىغانلىرىم»، «شانلىق پويىز»، «مېھرلىك
دىيار»، «ئالىيجاناب قەلبكە مەدھىيە»، «كۈيلەيلى بەختىيار دەۋراننى» قاتارلىق
ئەسەرلىرى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى مەزمۇن قىلغان يېڭى دەۋردى-
كى يېڭى روھقا، رېئال تۇرمۇشقا ئوقۇلغان مەدھىيىدۇر. «داڭنىڭ خۇشاللىقى»، «ناخ-
شىچىمىز دىلبەرگە»، «سالام ۋە ئۈمىد»، «جۇڭغارغا پۈتۈلدى قانات»، «يۇرت تەسى-
راتلىرى»، «گۆھەر زېمىندا توي» قاتارلىق ئەسەرلىرى يېڭى دەۋردىكى ئىسلاھات،
ئېچىۋېتىش دولقۇنى ۋە بۇ ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن چوڭ ئۆزگىرىشلەرنىڭ شائىر قەلبىدە
قوزغاتقان ھەيۋەتلىك شاۋقۇنى، قۇدرەتلىك ئەكس ساداسىدۇر. «بىلىم نۇرى»، «قول-
مىزدا كوممۇنىزم بايرىقى»، «ئاي دەيمۇ، كۈن دەيمۇ سېنى پارتىيەم»، «قولىمىزدا
ئىسلاھات تۇغى لەپىلدەر»، «جۇمھۇرىيەت، لەپىلدىسۇن بايرىقىڭ» قاتارلىق شېئىرلار
ئىنقىلاب جەڭچىسىنىڭ يۈكسەك ئېتىقادى ۋە سوتسىيالىزم، كوممۇنىزم غايىسىنى ئىشقا
ئاشۇرۇش يولىدا كۆرەش قىلىش ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىسىنىڭ توغرا ئىپادە تېپىشىدۇر.
«ئىتتىپاقلىق گۈلدەستىسى»، «چىن قېرىنداش بىز»، «خۇش كېلىپسىز سەنئەتكارلار»،
«قۇتلۇق دەستۇر» قاتارلىق ئەسەرلەر ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنىڭ شېئىردى يول
بىلەن ھېسسىياتلىق تەشۋىق قىلىنىشى، مىللىي سىياسەت ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ
سوتسىيالىزم ئىشلىرى تەرەققىياتى جەريانىدىكى ئاجايىپ مۇھىم رولىنىڭ چوڭقۇر گەۋ-
دىلەندۈرۈلۈشى، مىللىي ئىناقلىقنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە مۇقەررەرلىكىنىڭ تەسىرلىك قەيت قى-
لىنىشىدۇر. شائىر ئۆزىنى تۇرمۇشنىڭ باھالىغۇچىسى، يېتەكچىسى ئورنىغا قويمىدى. بەل-
كى تۇرمۇشنىڭ ئادەتتىكى بىر ئەزاسى، كۆرەشلەرنىڭ ئاددىي بىر جەڭچىسى بولۇپ،
ئەمگەكچان خەلق ئېقىنلىرىغا، قەلب قايناملىرىغا تىرىشىپ چۆكتى. ئۇ بازارلاردىكى مول-
چىلىقتىن، شەھەر-يېزىلاردىكى ھايات قايناملىرىدىن، ناخشا-مۇزىكا ئۇدارلىرى، ئۇسسۇل،
يۈرۈش-تۇرۇشلىرىدىن خەلقنىڭ روھىي قىياپىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان، ئۇنىڭدىن
شېئىرىي ئىلھام ئالغان. ئۇ شائىرلىق بىلەن جەڭچىلىكنى، پۇقرالىقنى ئاشۇنداق بىرلەش-
تۈردى. ئۆز-ئۆزىنى ئىپادىلەشتە شائىر ئۆز-ئۆزىنى ھەم ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى
ھېس قىلدۇرغان سۇبيېكت، ھەم سىرتقى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر سىڭدۈرۈلگەن

ئوبيېكتىپ قىلىپ ئىپادىلىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ھەر قانداق ئۆزلۈك ئۆزىدىكى ئىچكى مىكرو دۇنيادىن سىرت، ئۇنىڭ بىلەن باغلىنىشلىق ھالدا بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان ھەم ئۆزىنى چۈشەندۈرىدىغان ماكرو دۇنياغا ئىگە. شائىر ئۆز-ئۆزىنى ھەم خۇسۇسىي ئادەم، ھەم جەمئىيەت ئادىمى قىلىپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۆزلۈك ئىككىنىڭ جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. شائىر خەلق قوشاقلىرىدىن ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتتىن ئوزۇقلۇق، خەلق تۇرمۇشىدىن ئىلھام ئېلىپ، مىللىي ئۇسلۇبتا، ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەسەرلەرنى يازدى. سەنئەتنى خەلق بىلەن بىرلەشتۈرۈش يولىدا ئىزدىنىپ، شېئىرىيىتىمىزگە ئۆزىگە خاس رەڭگە ئىگە سەھىپىلەرنى قوشتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگەنلىكىنىڭ مېۋىسىدۇر، ماركسىزملىق ئېستېتىكا پرىنسىپلىرىنىڭ شېئىردىي ئىجادىيەت گۈلزارلىقىدىكى جۇلالىرىدىندۇر.

تۇپلامدىكى شېئىرلار تۇرمۇش رېئاللىقىنى مەنبە قىلغان، لېكىن رېئاللىقتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان كۈچلۈك ئىجادىيەت ئېڭى بىلەن پىششىق پائالىيەتنىڭ بەدىئىي جەۋھەرلىرى بىرلەشتۈرۈلگەن ئالاھىدىلىككە ئىگە. «باھار ئىلھامى»، «ئۆزگىرىش»، «بېشىم ئەمدى ساقايدى»، «كۆر دېھقان كۆلكىسىنى مايسىلاردا»، «مۇئەللىم، سىز نامسىز قەھرىمان»، «شىخەنزە»، «ئادالەت»، «ئۆزگىچە كەلدى بۇ يىلقى باھار» قاتارلىق شېئىرلار شائىرنىڭ ھايات ھادىسىلىرىدىكى ھەر بىر ئۆزگىرىشتىن ماھىيەتنىڭ يېڭى بىر قاتلىمىنى كۆرەلەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. روشەنكى، شائىر ھاياتنى ۋە تەبىئەتنى قەلب ھەم ۋۇجۇدى بىلەن كۆزىتىدۇ. ئېستېتىك جەھەتتە يېڭىلىقنى، گۈزەللىكنى، قىممەتنى ئۆزىگە خاس تۇيغۇ نەزەرىدە بىۋاسىتە بايقايدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرى بەزى چۇقانچىلارنىڭ باشقىلارنىڭ قەھرىمانلىقىنى، تۆھپىلىرىنى كۆيلىمەسلىك، ئۆزىنىلا يېزىش، دۇنيادا بىر ئۆزى ئۇچۇنلا ياشاش تەشەببۇسى، ئۆزىدىن باشقىلارنى، جۈملىدىن ئاتا - ئانا، ئەجدادلارنىمۇ ئىنكار قىلىش، ئۆچ كۆرۈپ گۇناھكار قىلىۋېتىش، ئۆلۈمدىن قورقۇپ، ھاياتتا گۆردىن، مازاردىن باشقىنى كۆرەلمەسلىك خاھىشى ئىپادىلەنگەن شېئىرلىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. ھېلىقى چۇقانچىلار ئەنئەنە ئىنكار چىلىقى ۋە مىللىي ئىنكارچىلىقنى بازارغا سالدى. شېئىر بىلەن رېئاللىقنىڭ، دەۋرنىڭ مۇناسىۋىتى، شېئىرنىڭ تەسىرلەندۈرۈش رولى بىلەن ئېستېتىك رولىنىڭ بىرلىكىگە كۆز يۇمدى، شائىرنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىقى، تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسى، خەلقنى ھۆرمەتلىشى، سۆيۈشى، خەلققە خىزمەت قىلىشى كېرەكلىكى ۋەھاكازالارنى يوققا چىقاردى. ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى بايلىقلىرىنى، مىللىي مەدەنىيەتنى، جۈملىدىن ئەدەبىيات - سەنئەتنى بىراقلا ئىنكار قىلىپ، مەدەنىيەت تارىخىنى ئۆزلىرىدىن باشلانغان قىلىپ چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇندى. ئەمەلىيەتتە ئەنئەنە دېگىنىمىز، بىر خىل ھالەت ئۇقۇمىدۇر. يېڭى ئەنئەنە كونا ئەنئەنىنىڭ ئورنىغا دەسسىگەندە، ھەمىشە كونا ئەنئەنىدىكى ھاياتىي كۈچكە ئىگە، ئەقىلگە مۇۋاپىق ئامىللارنى ساقلاپ قالىدۇ، قوبۇل قىلىدۇ ياكى ئۆزگەرتىدۇ. قارىغۇيۇق چۆرۈۋەتمەيدۇ. چۆرۈۋېتەلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. يېڭىلانغان ئەنئەنىمۇ ئاللىقاچان كونىرىغان ئەنئەنىنىڭ ئورنىنى باسقاندا، ئوخشاشلا ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا شۇنداق قىلىدۇ. شوئارۋازلىق، قۇرۇق، چوڭ گەپ سېتىشلارغا كەلسەك، ئۇلار ھېچقانداق بەدىئىي ئەدەبىيات دائىرىسىگە كىرمەيدۇ، ئەلۋەتتە. غەربتىن ئۆگىنىش مەسىلىسىدە بولسا، ئىشىكنى تاقىۋېلىشقا قارشى تۇرۇش كېرەك، غەربنىڭ شەكىل، ماھارەت، ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى، تىل بىرىكمىلىرى ئۇسۇلى قاتارلىقلاردىن

www.uyghurkitap.com

پايدىلىق ئىجادىي نەرسىلەرنى ئۆگىنىش، قوبۇل قىلىش كېرەك. لېكىن ئۆز مىللىتىنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى بىراقلا يوققا چىقىرىش، ئۆز مىللىتىنى مەخسۇس مەدەنىيەت ئەخلەتلىرى ياساپ چىقىرىدىغان مىللەت ھېسابلاش، ماھىيەتتە، ئۆزىنىمۇ ئەخلەتچى ھېسابلىغانلىق. شائىر تۆمۈر داۋامەت بولسا، ئەنئەنىلەرگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى ئىلغار نەرسىلەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئەدەبىياتنى خەلقچىللاشتۇرۇش يولىدا جاپالىق ئىزدەندى. دەۋر روھىنىڭ جارچىسى بولۇشنى، خەلق ۋە ئۇنىڭ قەھرىمانلىرىنى، خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى مەدھىيىلەشنى شان-شەرەپ ھېسابلىدى. چىنلىق، پاكلىق، گۈزەللىكنى كۈيلىدى. ساختىلىق، رەزىللىك، قەبىھلىكنى قامچىلىدى. بۇ ئەسەرلەر رېئال تۇرمۇشتىن بىۋاسىتە ئېلىنغان ماتېرىياللار ئاساسىدا پىششىقلانغان بولۇپ، ئۇلاردا ئاددىي ئەمگەكچىلەرنىڭ، كەڭ ئىشچى، دېھقان، ئەسكەر، زىيالىيلارنىڭ قەلبىدىكى گۈزەللىك بىرقەدەر چوڭقۇر قېزىلغان. شېئىرلارنىڭ ئىجتىمائىيلىقى، دەۋر بەلگىسى ھەم شائىرنىڭ ئىجادچانلىقى، خەلقچىللىقتا ئىپادىسىنى تاپقان. بۇنداق بولۇشتا شائىرنىڭ ئۆزىدىكى باشقىلار بىلەن ئوخشىشىدىغان تۇرمۇش تەجرىبىسى، ھېسسىيات دۇنياسى ۋە ھايات دۇنياسىنى نامايان قىلىشقا تىرىشقانلىقى ئاساسىي رول ئوينىغان. مانا بۇ شائىرنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. بۇرچ ئېڭى قەلبىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقاچقا، شائىرنىڭ شېئىرلىرى خەلقىمىزنىڭ، دەۋرىمىزنىڭ، رېئال تۇرمۇشىمىزنىڭ مەدھىيە ناخشىسى بولۇپ قالدى. ھەر مىللەت خەلقىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىنسانىيەتنى ئەڭ پارلاق غايىگە قاراپ ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدىغان يۈرەك چاقىرىقى، دەۋر كۈيى، يۈرۈش مارشى بولۇپ قالدى. شۇڭا بۇ ئەسەرلەر سوتسىيالىزم، كوممۇنىزم ئىشلىرى، ۋەتەن ۋە خەلق بىلەن بىللە چەكسىز ھاياتىي كۈچكە ئىگىدۇر.

توپلامدىكى شېئىرلار تېماتىك مەزمۇن جەھەتتىن كەڭ بولۇش، ھەرقايسى ساھەلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش، پەلسەپىۋى چوڭقۇرلۇققا ئىگە بولۇش، ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى مول بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، ئۇنىڭدا جەمئىيەت ۋە رېئال تۇرمۇش ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن يورۇتۇلۇپ، خەلقىنىڭ، مىللەتنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى خاسلىق، چوڭقۇرلۇق، بايلىق نامايىش قىلىنغان. ئۇ ھادىسىلەرنى پەلسەپە يۈكسەكلىكىدە يورۇتۇپ، ئادەتتىكى ئادەملەر دائىم كۆرۈپ يۈرگەن شەيئىلەردىن ئۇلار سەزمىگەن بەلگىلىك يېڭى پەلسەپىۋى قائىدىلەرنى تاپالىدى. ھالبۇكى، بۇنداق يېزىلغان پەلسەپىۋى شېئىرلاردا كىشىلەرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش ئىرادىسى ئىپادىلەنگەچكە، ئۇلار كىتابخانلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتالىدى. كىتابخانلارغا ئاددىيلىق ئىچىدىكى چوڭقۇرلۇق ۋەخىيالىيلىق ئىچىدىكى ھەقىقىيلىك تۇيغۇسىنى بېرەلىدى.

توپلامدىكى شېئىرلار تۇرمۇشنى كۆزىتىش ئۇسۇلى بىلەن بەدىئىي تەپەككۇردىكى ئېچىۋېتىش ئېڭىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. شائىرنىڭ نەزەرى ئۆز يۇرتى، ۋەتىنى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى پۈتۈن دۇنياغا تاشلانغان. ئۇ دۇنيا يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ۋەتىنىمىز، جۈملىدىن ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن يولنى ئىسلاھات نەزىرىدە كۆزەتكەن، تونۇغان، قايتا ئويلانغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزگە، ئىسلاھات باھارىغا بولغان مۇھەببىتى ۋە ئىشەنچىسى تېخىمۇ كۈچەيگەن، ئۇنى ئىزھارلاشتىكى ۋاسىتىلىرى تېخىمۇ يېتىلىپ، ئىپادىلىشى

تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقان. ئەسەرلىرىدىكى يوشۇرۇن ئوخشىتىشلار كۆپىيىپ، سىغىمچانلىق چوڭىيىپ، جاسارەت كۈچەيگەن، ئۇنىڭ «ئەرەب خەلپىلىكىگە زىيارەت»، «ئوكيانلارنىڭ ئۇ چېتىگە سەپەر»، «تۈركىيە ئىلھاملىرى»، «دۇنياغا يۈزلەنسۇن مۇقام» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئىنتېرناتسىئونالىزم، ۋەتەنپەرۋەرلىك، غايە، ئەقىدىلەر تەبىئىي يۇغۇرۇلۇپ بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن. شائىرنىڭ ئىچىۋېتىش تۈسىگە ئىگە بۇ خىل بىلىش ۋە تەپەككۇر قىلىشتىكى ئەقىل جىلۋىلىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك دېڭىزىنىڭ ئۈنچىلىرىدىن، سوتسىيالىستىك دەۋرنىڭ يالقۇنىدىن كېلىدۇ. ئۇنىڭ ھايات مەشئىلى ۋەتەن ئىشقىدا لاۋۇلداۋاتقان مەشئەل. خەلق قەلبىگە، ئىنسانىيەت قەلبىگە تېگىشلىك نۇر، دەۋرگە تېگىشلىك ھۆسن بېغىشلايدىغان ئۆچمەس مەشئەلدۇر. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئېستېتىك ئاڭ، بەدىئىي تەپەككۇرمۇ ئاشۇ نۇرلار جۇلاسىدا چاقناپ نامايان بولۇپ تۇرىدۇ، توپلامغا ئالاھىدە بىر خىل بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش، جەلپكارلىق كۈچى، ئالاھىدە بەدىئىي قىممەت بېغىشلايدۇ.

بۇ شېئىرلار رەڭگارەڭ سىيما (ئىماژ) يارىتىش ۋە پىكىر يۈكسەكلىكىنى نامايان قىلىشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. پىكرى سىيما شېئىر مول ئىچكى تۇيغۇنۇشقا ئېرىشكەندىلا جانلىنىدۇ. پىكىر يۈكسەكلىكى، يەنى مەنىۋى يۈكسەكلىكنىڭ نامايان بولۇشى شېئىردىكى ئېستېتىك قىممەتنىڭ مېغىزىدۇر. شېئىرىي سەنئەتنىڭ ياخشى-يامانلىقىنى ئېستېتىك مەنىۋى يۈكسەكلىكنىڭ قانداقلىقى بەلگىلەيدۇ. چۈنكى مەنىۋى يۈكسەكلىك شېئىرىي سۈرەت بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، بەدىئىي يۈكسەكلىكنى كۆرسىتىدۇ. بۇ جەھەتنى بۇ ئەسەرلەردە ھەر خىل ئوخشىتىش، ئىستىئارە، مەجاز، يېڭىچە ئوبرازلاشتۇرۇش، مەنىلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى، غايىنى ئىپادىلەش ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، ھېسسىياتنىڭ قويۇق بولۇشىدەك ئالاھىدىلىكلەر ئۆزلىرىدە نامايان قىلىنغان.

بۇ توپلامدىكى شېئىرلارنىڭ تىلى بىر قەدەر جانلىق ۋە راۋان. توپلامدا يۈزەلىكتىن ئىچكىرىلىككە، تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ ماڭىدىغان بىر قەدەر مۇرەككەپ خاراكتېرلىك، بىرقەدەر چوڭقۇر قاتلاملىق تىل قۇرۇلمىسى شەكىللەنگەن. شۇنداقلا بۇ خىل تىل قۇرۇلمىسىنى شائىرنىڭ قەلبىدىكى ئوبيېكتقا بولغان ئاساسىي تۇيغۇ، ھېسسىيات، پوزىتسىيە، كۆز قاراشلار پەيدا قىلغان. ھالبۇكى، بۇ نەرسىلەر ئابستراكت، تۇتۇق ئىپادىلىنىدىغان بولۇپ، شائىرنىڭ تاللىشى، پىششىقلاپ ئىشلىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن جانلانغان، روشەنلەشكەن. شۇڭلاشقا توپلامدىكى شېئىرلاردا بەلگىلىك قايىل قىلىش كۈچى پەيدا بولغان. پاكىتلارغا قاراپ باقايلى: «ئىلھامبەخش ئېتەر كۆزلىگە، تەبىئەتنىڭ نازۇك جىلۋىسى. تويغا ماڭغان قىزلاردەك گويا، تەبەسسۇمدا چاقنار چېھرىسى.» «چوغدەك ئاپتاپتا كۆيگەن چىرايلار، تولۇن ئايدەك كۆرۈنسۇن ساڭا.» باھار ۋە دېھقانلار ئوبرازلىرى يارىتىلغان ئىككى شېئىردىن ئېلىنغان بۇ مىسرالار ھېسسىيات رەڭلىرىگە باي بولۇپ، شائىرنىڭ ئىدىيىۋى غايىسى، ھايات قارىشى ۋە ئېستېتىك ھەۋىسى ھېسسىيات ئېقىملىرىغا سىڭگەن.

«ئون ئىككى مۇقام سەندە ئاتقان چېچەك،  
قەددىڭنى ئاسمان قىلغان ئامانىسا.  
ئالدىمدا ئالتۇن چوققا زورىيىدۇ،  
سازەندەڭ مۇقاملارنى جاراڭلاتسا.

........................................

www.uyghurkitap.com

لەززەتلىك تائامىڭدىن يېسە ئەگەر،
جەننەتنىڭ ئۈستىسمۇ تاڭ قالار ھەم.

..............................................

غۇرۇرۇم، شەۋكىتىمنىڭ تاجىسى سەن،
ساياق باش ئەمەسمىزكى، پاكىتى سەن.»

..............................................

«يورغا ئاتلار تۇيىقىدىن گوياكى
مەن ئاڭلىدىم لەرزان قومۇز كۈيىنى.»

شائىر ئۆز قەلبىنى بىۋاسىتە ئىزھارلاپ يازغان «كۆلگىسەن، قەشقەر»، «يورغا»
دېگەن شېئىرلاردىن ئېلىنغان بۇ مىسرالاردا قېرىنداش ئىككى مىللەتنىڭ تۆھپىلىرى،
مىللىي ئالاھىدىلىكلىرى، ئىخچام، ئەمما ئېنىق سۈرەتلەپ بېرىلگەن. يارـ
تىلغان رەڭگا ـ رەڭ پىكرى سىيمالار مىللەتنىڭ، يۇرتىنىڭ بەلگىسىگە،
دەۋرىنىڭ بەلگىسىگە باي بولغان. «سەن ياشىسەن، دەرەخلەر يېشىڭ بىلەن، تەڭ، سەن
گۈزەل، ھۆسنىڭدىن گۈللەر ئالار رەڭ»، «ئەسىرلىك سۆكۈتنى بۇزدى كۆلكىلەر، ياۋا ئات
ئىزىدا ئۆستى گۈلبوستان»، «ئاشۇ بوۋاي نۇر بىلەن ئوتنىڭ سىيماسى بولۇپ قالدى
تارىختا.» قاراماي شەھىرىنىڭ تۈنۈگۈنى ۋە بۈگۈنى تەسۋىرلەنگەن «قاراماي ناخشىلىرى»
دېگەن چاتمىدىن ئېلىنغان بۇ مىسرالار ئەسىرلەرنى جىمجىت ئۇيقۇدا ئۆتكۈزۈپ كەلگەن
قاقاس چۆلنىڭ ياۋا ئاتلار تۇيلىرى تۇياق ئىزلىرىنى قالدۇرغان ئادەمىزاتسىز كۆكـ
سىدە دەرەخلەرگە ئورالغان ئاۋات يېڭى شەھەرنىڭ بارلىققا كېلىش مۆجىزىسىنى رومانـ
تىك كۆرۈنۈشلەر بىلەن جانلاندۇرىدۇ. سەلىم بوۋاينىڭ يارقىن ئوبرازىنى يارىتىپ،
ئۇنىڭ يەر ئاستىدىكى بۇرۇقتۇم بولغان نېفىتقا، يەنى نۇر بىلەن ئوتقا چىقىش يولى
تېپىپ بەرگەن نۇرانە سىمۋول سۈپىتىدىكى تارىخىي ئورنىنى ئېچىپ كۆرسەتكەن.
بۇمىسرالاردا شائىر ئۆتمۈشنى بۈگۈنگە، ھازىرقى رېئاللىقنى كەلگۈسىگە باغلىيالىغان. شۇنداقلا
ئۇ ھەم شائىرنىڭ تارىخىي تۇيغۇسىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى بىلدۈرىدۇ. «چەكسىز رەڭدار زىلـ
چىدەك ياكى، گۈلشەن ئوخشاش نۇردىن ئېچكەن ھەل. نەپىس كەشتە كەبى گوياكى
تەڭرىتاغنىڭ ياپلىقى گۈزەل. تىزما تاغلار ئۇنىڭغا سېپىل، ئورمانـزارلار تۇسـۇق ۋە
ئۆتكەل، گىياھ ـ گۈللەر لىباس مىسالى، دەريا بەلباغ باغلاش ئۈچۈن بەل.» («رەڭدار
ياىلاق»)، «چۆللۈكلەر يارىلىش يولۇڭدا شۇنداق، گۈزەللىك دۇنياسىغا تاشلايدۇ قەدەم.»
(«شىخەنزە») بۇ مىسرالار يېڭىچە ئوخشىتىشلار، جانلاندۇرۇشلار ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ
گۈزەللىكىنى ھەسەن ـ ھۆسەندەك رەڭدار شېئىرىي مەنزىرە ئىچىدە نامايان قىلىدۇ.
ئۇنىڭدىن بىز شائىرنىڭ قانداق سەممىي ۋە يالقۇنلۇق مۇھەببەتتە شىنجاڭدىكى ئۆزگىـ
رىۋاتقان تۇرمۇش قويىنىغا، خەلقنىڭ يىللىق باغرىغا بارغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. شۇنىڭ
بىلەن بىللە شائىرنىڭ تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى نوقۇل مەنزىرە تەسۋىرلەش ئۈچۈنلا
يازماي، بەلكى مەنزىرىدىن پايدىلىنىپ ھېسسىيات ئىزھارلىغانلىقى، ھېسسىياتنى، پىكىرنى
مەنزىرىگە سىڭدۈرۈۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. «تومۇرلىرىڭدا ئۇرغۇپ ئاققان قانلىرىڭدا،
ئىندىئانلارنىڭ قارام باتۇرلۇقى بار. لاپلاتا دەرياسى شارقىراپ، شاۋقۇنلىرىدا خاتىرىلىنەر
قانچىلىغان ئازاب ـ ئاپەت. سان مارتىن ھەيكىلىدە ئايان، مىللىي روھنىڭ نەمۇنىسى،
ئۆلگىسى ۋە جاسارەت»، «بىردەم ئات ئۈستىدە تىك تۇرار، قەد كېرىپ قارىغايدەك قەيـ
سەر. بىردەم ئات قورسىقىغا چۈشەر، كۆرسىتىپ جۈرئەت»، «ئېگىز تۇساللاردىن لەپـ
پىدە ئۈچۈپ ئۆتەر، يامغۇر تامچىسىدەك يېنىك چۈشەر.» ئارگېنتىنا زىيارىتى خاتىرىلەنـ
گەن «ئوكيانلارنىڭ ئۇ چېتىگە سەپەر» ناملىق چاتمىدىن ئېلىنغان بۇ مىسرالاردا ئاشۇ

يىراق يۇرتلاردىكى خەلقىنىڭ ئۆزگىچە ئىپادە قىلىنىدىغان باتۇرلۇقلىرى، روھلىرى، كەچمىشلىرى، تۆھپىلىرى، ئۇ يەرلەردىكى ئۆرپ - ئادەت، مىللىي ئالاھىدىلىكلەر جانلىق، قىزىقارلىق تەسۋىرلەنگەن. مىسرالاردىكى سەممىيلىكتىن شائىرنىڭ ئىجادىيەت سۇبيېكتلىق ھالىتىگە بولغان سېزىمى كۈچى، تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ مولۇقىنى بايقايمىز.

«ياتار قۇش ئارىلى قولتۇقى ھامان
ئېگىلگەن يايى كەبى كېرىلىپ يوغان.

..............................

مەززىسىز قولتۇققا چوقچىيىپ چىققان
بىر ئارال تۇردۇ يېگانە غېرىب.
مىسالى چارچىغان غايەت زور بىر قۇش
ئانىسى قېيىندا ياتار دەم ئېلىپ.
ئەي ئارال، تاغ سېنىڭ مىسلى دەرپەردەڭ،
دېڭىزلار قۇچىقىڭ گويا ئاچقان كەڭ.
قۇشلارنىڭ ناۋاسى يوقالغاچقىمۇ
قارىسا غېرىبتەك كۆرۈنىسەن زەپ.
قارىسا بىتاقەت شۇنچىۋالا ئۆزۈڭ.

..............................

بىھېساب ئەسىرلەر ئۆزگىرىشلىرى
قوڭۇر تاشلارغا بولغان مۇجەسسەم.
قەد كېرىپ مەغرۇر قارايدۇ ئۇلار
دېڭىزنىڭ دولقۇنى بورانلارغا غەم.»

«تۈركىيە ئىلھاملىرى» دېگەن چاتمىدىكى «قۇش ئارىلى» شېئىرىدىن كەلتۈرۈلگەن بۇ كۇپلېتلاردىكى شېئىردىي تەسەۋۋۇر كەڭ، ھېسسىيات چوڭقۇر، مەزمۇن قاتلاملىق بولۇپ، شائىر قۇش ئارىلىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئادەمسىز غېرىب مەنزىرىلىرى ۋە بۈگۈنكى قايناق كۆرۈنۈشلىرىنى تەسۋىرلەپ، يوشۇرۇن سېلىشتۇرما ئارقىلىق «ئەسىرلىك ئۆزگىرىش»لەرنىڭ غايەت زورلۇقىغا تۇتۇق ئىشارە قىلىدۇ. بۇ شېئىردا شائىر ھېسسىيات ئارقىلىق مەنزىرىنى، ئوبراز ئارقىلىق روھىنى ئىپادىلىگەن. بەزىلىرىدە مەنزىرە ئىچىگە ھېسسىيات يوشۇرۇنغان. شائىر بۇنداق شېئىرلىرىدا، ئاساسلىقى، گۈزەللىكنى، گۈزەللىكنىڭ مول ئىچكى مەنىسىنى ئىپادىلىگەن. تەبىئەت گۈزەللىكى ئارقىلىق ھايات گۈزەللىكىنى، غەملىرىنى، ئۆزگىرىشلىرىنى، دەۋر يۈكسىلىشلىرىنى ئىپادىلىگەن. بۇنداق گۈزەللىك كۆپ قاتلاملىق بولغاچقا، شائىردىن ئۆزىنىڭ پۈتكۈل قەلبى ۋە پۈتكۈل ھېسسىياتىنى سەممىي ئىزھارلاشنى، سۇبيېكتلىق ئېڭىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنە قاراپ باقايلى:

«ۋەتەنىنىڭ مېھرلىك كەڭ دىيارى بۇ، جىمىكى ئادەمنى قىلار مەھلىيا. ‹مىڭبىر كېچە›نىڭ چۆچەكلىرىدە سۆزلەنگەن دۇنياغا ئوخشايدۇ گويا... بار تومۇز ئىسسىقى تونۇر تەپتىدەك ۋە سىم - سىم يامغۇرلار سوغۇق قەھرىتان... جۇۋىنى سېلىپلا كىرىسىز يازغا، كۆپ دەشتى - چۆللىرى ئادەم بارمىغان» («مېھرلىك دىيار»)، «بارچىدىن ئايرىلار ئادەم، پۇل، ھوقۇق، نام - شوھرەت، مەرتىۋىدىن ھەم. يوقتىپ قويۇشقا بولمايدىغىنى، پەقەت سەن سۆيۈملۈك ئانىجان ۋەتەن.»(«ئانام سەن ۋەتەن») بۇ مىسرالاردىكى شېئىردىي پىكىرلەر

www.uyghurkitap.com

ھېسسىيات ئىچىدىكى شېئىرنى سۈرەتتە جىلۋە قىلىدۇ. مىسرالار ئىچىدە شائىرنىڭ سۇبيېكتلىق ئېڭى، ھېسسىياتى، خاسلىقى ياتىدۇ. شائىرنىڭ مۇنداق شېئىرلىرىدا تەپەككۇرنىڭ ئاساسلىق ئىككى قاتلىمى يەنى ۋەتەننىڭ تاغ ـ دەرياسىنىڭ ئوبرازى، شائىرنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى دولقۇنلار ئىپادىلەنگەن. ئىپادىلەش جەريانىدا شائىر بۇ ئىككى قاتلامنى تەدرىجىي چوڭقۇرلاشتۇرغان ھەمدە گۈزەللىكنى ئاشۇ ئىككى قاتلام بويىچە نامايان قىلغان.

روشەنكى، يۇقىرىقى شېئىرلار كۆز ئالدىمىزدا پەيدا قىلغان ئوبرازلارنىڭ خىلمۇخىللىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئۇ شېئىرلاردىكى تىل ئۆزگىچە خاس قۇرۇلۇشنى، ئادەتنى شەكىللەندۇرگەن. ئۇ ئادەتتىكى تىلدىن ئىخچام، ئادەتتىكى تىلدىن راۋان، زىننەتلىك، ئىجادىيلىق ۋە سىرلىق ئالامەتلەرگە ئىگىدۇر. ئىستىلىستىكىنىڭ بېزىشى شائىردىن تىلنىڭ گۈزەللەشتۇرگۈچى ئۇستىسى ھەم سەنئەتنىڭ ئويىمىكىشى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. توپلامغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلاردىكى مىسرالاردا تاشقى شەكىل ئانچە پەردازلانمىغان بولسىمۇ، ئىچكى سۈپەتنى تەشكىل قىلغۇچى شېئىرىي ھېسسىيات، سۈرەتلىك مەنە يارقىن يورۇتۇپ بېرىلگەن. شائىرنىڭ ئىستىلىستىكىلىق پەردازلىشى ھەر قانداق شېئىردا ماددىي ئوبرازنىڭ تاللىنىشى، پىكرىي سىيمانىڭ جەۋلان قىلىشى، شېئىرىي مۇھىتنىڭ يۇقىرى بەلگىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. ئۇنىڭدىكى يۈكسەكلىك يېڭى ۋە مەنىلىك، روشەن، لېكىن غەلىتە ئەمەستۇر. توپلامدىكى ئەسەرلەردە شائىر بۇ نۇقتىلارغا دىققەت قىلغان.

بۇ توپلامدىكى شېئىرلار شېئىرىي قۇرۇلمىسىنىڭ بىر قەدەر ئورگانىك بولۇشى بىلەنمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ. شېئىر ئىجادىيىتى سىستېمىلىق چوڭ بىر بەدىئىي قۇرۇلۇشتۇر. قۇرۇلما دېگىنىمىز ھەر خىل بەدىئىي ئامىللار بىرلەشتۇرۇلگەندىن كېيىنكى شېئىرىي گەۋدىنىڭ تىكلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. توپلامدىكى شېئىرلارنىڭ ئاساسىي رامكىلىرى شائىرنىڭ كاللىسىدىكى ئوي ـ پىكىرگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئىدىيىۋى مەزمۇن بىلەن ئىپادىلەش شەكلىنىڭ بىرلىككە كېلىشى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىققان. بۇ شېئىرلاردىكى قۇرۇلمىلار بىر قەدەر چوڭ بولغاچقا، كىتابخانلارغا يوشۇرۇن بېشارەتلەر، كېرەكلىك لىرىك بوشلۇقى قالدۇرۇلغان. ئوقۇغان كىشىدە بىر خىل ئەسلەش، ئۆز ھېسسىياتىدىن ھالقىش تۇيغۇسى پەيدا قىلالايدۇ.

ئومۇمەن «ھايات مەشئىلى» توپلىمىدىكى شېئىرلاردا كىشىلەر ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان زور تېمىلارغا نەزەر سېلىنىپ، ئېنىق ئىجتىمائىي تەسىر دولقۇنلىرى قوزغىتىلغان. سۇبيېكت بىلەن ئوبيېكت، ئىچكى ھېسسىيات بىلەن تاشقى ماددىلار بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك بىرىكتۈرۈلگەن. ئوبيېكت سۇبيېكتلاشتۇرۇلۇپ، تۇرمۇش روھلاشتۇرۇلغان. سۈرەتلىك كۆرۈنۈشلەرنىڭ خىلمۇخىل ئۆزگىرىشى بىلەن پىكرىي سىيمانىڭ ئىچكى جانلاندۇرۇشقا ئىگە قىلىنىشىغا ئەھمىيەت بېرىلگەن. ئاساسىي مۇقام بىلەن كۆپ خىللاشتۇرۇش ئورگانىك بىرلىككە ئېرىشكەن. شۇڭلاشقا ئۇ ئىلگىرى كۆپ يېزىلغان ئەنئەنىۋى تېمىلاردىمۇ يېڭىچە رەڭدار شېئىرىي گۈزەللىك نامايان قىلالىغان، يېڭىچە تەسىراتنى ئىپادىيەلىگەن. ئۆزىگە خاس شەكىل ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ئىشلىتەلىگەن.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇراھمان

مۇھەممەت ئىمىن

# چىنلىق، ماھىيەت ۋە خاھىش

چىنلىق ئەدەبىياتنىڭ جېنى. چىنلىقتىن ئايرىلغان ھالدا ھەقىقىي ئەدەبىياتتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئەدەبىيات چىن بولغاندىلا، ئاندىن بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچى ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ، چىنلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەدەبىي ئەسەر كىتابخانلارغا كىشىلىك تۇرمۇشنى ئەسلىتىپ، ئۇلاردا ئورتاق ھېسسىي سادا قوزغايدۇ. چىن بولمىغان ئەسەرلەر كىتابخاننى قايىل قىلالمايدۇ، ئۇنىڭدىكى كۆز قاراشنىڭ ھەرقانچە ئىلغار، يازغۇچى نىيىتىنىڭ ھەر قانچە ياخشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كىتابخاننىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالالمايدۇ، كىتابخان ئۇنى مەڭگۈ رەت قىلىدۇ. شۇڭا ئەدەبىيات تارىخىدىكى بۈيۈك يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. گوركى «ئەدەبىيات چىنلىق ساھەسى»، «ئەدەبىيات غايەت ئۇلۇغ ۋە مۇھىم ئىش، ئۇ چىنلىقنى ئۆزىگە ھۇل قىلىدۇ، يەنە كېلىپ ئۇنىڭغا باغلىنىشلىق بولغان جىمى تەرەپلەرنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى چىنلىقتۇر» دېگەن. بالزاك «يازغۇچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، دۇنياغا تونۇلغان ئۆچمەس مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ سىرى چىنلىقتا» دېگەن. ل. تولستوي «چىن بولمىغان نەرسىنى يېزىش ئۇيات» دېگەنىدى. ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىمۇ ئىسپاتلىدىكى، ئەدەبىياتنىڭ چىن بولۇش-بولماسلىقى ئەدەبىياتنىڭ بەدىئىي قايىل قىلىش كۈچى، ھاياتىي كۈچىگە بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەدەبىياتنىڭ خەلقنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولۇش-بولماسلىقىغا بېرىپ تاقىلىدىغان چوڭ مەسىلە. ئون يىللىق مالىمانچىلىق مەزگىلىدە خەلق ئاممىسى ئەدەبىي ئەسەرلەردىن نارازى بولدى، جىياڭ چىڭ گورۇھىنىڭ رېئاللىزمغا قارشى سەپسەتىسىنىڭ كالتەكلىشى ئارقىسىدا تۇرمۇش يالغاندىن ياسالدى، بېزەپ كۆرسىتىلدى، ئەقەللىي چىنلىق دېگەن نەرسىمۇ بولمىدى. نەتىجىدە «پىتنە-پاسات ئەدەبىياتى»، «يالغان-ياۋىداق ئەدەبىياتى»، «سۇيىقەست ئەدەبىياتى» يامراپ بىر ئاپەتكە ئايلانغانىدى. جىياڭ چىڭ گورۇھى تار-مار قىلىنغاندىن كېيىن، ئەدەبىياتنىڭ چىنلىق پرىنسىپى ئەسلىگە كېلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان كۆپلىگەن ئېسىل ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى، بۇنىڭدىكى مۇھىم سەۋەب شۇكى، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى رېئاللىققا جىددىي قارىدى، رېئاللىقنىڭ يورۇقلۇق تەرىپى بولسۇن ياكى قاراڭغۇ تەرىپى بولسۇن، گۈزەل نەرسىلەر بولسۇن ياكى يىرگىنچلىك نەرسىلەر بولسۇن،

www.uyghurkitap.com

ئۇلارنى بوياقسىز، ھېچقانداق كۆپتۈرمەي سادىقلىق بىلەن ھەقىقانىي يوسۇندا ئەكس ئەتتۈردى، خەلق ئاممىسىنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى قىلىپ، خەلقتە ئورتاق سادا قوزغىدى. بۇ ئەسەرلەر خەلقنىڭ قەلبىدە بەدىئىي ھاياتىي كۈچىنى ساقلايدۇ.

ئەدەبىيات چىنلىقىنىڭ كونكرېت مەنىسىنى بىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىككى خىل ئوخشاش بولمىغان چىنلىقنى، يەنى تۇرمۇش چىنلىقى ۋە بەدىئىي چىنلىق دېگەن ئىككى ئۇقۇمنى، ئۇلارنىڭ پەرقى ۋە مۇناسىۋىتىنى ئېنىق بىلىشىمىز كېرەك. تۇرمۇش چىنلىقى دېگىنىمىز ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ خاھىشىغا باغلىق بولماي ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تەبىئىي ھالەتتىكى تۇرمۇش چىنلىقىدۇر. ئۇ تاسادىپىيلىق بىلەن مۇقەررەرلىكنىمۇ، ھەقىقىي قىياپەت بىلەن ساختا قىياپەتنىمۇ، گۈزەللىك بىلەن سەتلىك-نىمۇ، ئالىيجانابلىق بىلەن رەزىللىكنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، قىسقىسى، تۇرمۇش چىنلىقى چەكسىز كەڭ، چەكسىز مول بولۇپ، ئۇنىڭ ھەم ياخشىسى، ھەم يامىنى بولىدۇ. بەدىئىي چىنلىق دېگىنىمىز يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىدا تاللاش، تاۋلاش، پىششىقلاپ ئىشلەش، تەھلىل قىلىش، مەركەزلەشتۈرۈش، ئومۇملاشتۇرۇش ۋە تىپىكلەشتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن ئوبرازغا ئايلاندۇرۇلغان تۇرمۇشتۇر، ئۇنىڭدا تۇرمۇشنىڭ مەلۇم ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتى ئېچىپ بېرىلگەن بولىدۇ. بەدىئىي چىنلىق تۇرمۇش چىنلىقىنى مەنبە قىلىدۇ. لېكىن ئۇ تۇرمۇش چىنلىقىنىڭ ئەينەن كۆچۈرۈلمىسى ئەمەس، بەلكى تۇرمۇش چىنلىقىنى تاللايدۇ، چەككىلەيدۇ، مەركەزلەشتۈرىدۇ، يىغىنچاقلايدۇ ۋە بەدىئىي توقۇلما، تەسەۋۋۇر ئارقىلىق بەدىئىي ئوبراز يارىتىدۇ، يارىتىلغان بەدىئىي ئوبراز ھەرگىزمۇ ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىشلارنىڭ ئۆزى ئەمەس ياكى ئىش يۈزىدىكى چىنلىق ئەمەس، بەلكى تەسەۋۋۇردىكى چىنلىقتۇر. بەدىئىي چىنلىق گەرچە يازغۇچى تەسەۋۋۇرىنىڭ، توقۇلمىسىنىڭ ۋە ئىجادىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ھەرگىز سۇبيېكتىپ خاھىش بويىچە تەسەۋۋۇر قىلىنغان، خىيالى ئويدۇرما قىلىنغان نەرسە ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولغان نەرسىدۇر. خۇددى لۇشۈن ئېيتقان-دەك: «بەدىئىي چىنلىق تارىختىكى چىنلىق ئەمەس... چۈنكى تارىختىكى چىنلىقتا شۇ ۋەقەنىڭ بولغان بولۇشى شەرت، ئىجادىيەتتە بولسا، ئومۇملاشتۇرۇش، تەسۋىرلەش مۇمكىن، ۋەقە چىندەك بولسىلا بولىدى، شۇ ۋەقەنىڭ ئۆزىنىڭ بولۇشى شەرت ئەمەس.»

ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ تارىخى ئىشەنچلىك تۈردە ئىسپاتلىدىكى، ھەر قانداق ئېسىل ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى تۇرمۇش چىنلىقىدا يىلتىز تارتقان ۋە تۇرمۇش-تىكى چىنلىق ئەندىزىسىنىڭ چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلىغان بولىدۇ، چۈنكى يازغۇچىنىڭ بەدىئىي چىنلىقنى يارىتىشى «خۇددى ھەسەل ھەرىسىنىڭ ھەسەل چىقارغىنىغا ئوخشاش ئىش. ھەسەل ھەرىسى تۈرلۈك گۈللەردىن ئازراق نەرسىنى تېرىپ يەيدۇ، لېكىن ئۇ ئەڭ كېرەكلىك نەرسىنى تېرىپ يەيدۇ» (گوركىي). مۇبادا يازغۇچى بىر ياكى بىر نەچچە ۋەقە ئارقىلىق ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بەرمەكچى بولسا، ئۇ ھالدا شۇ تۇرمۇش چىن-لىقنى ئۈستىدە تەھلىل قىلىش، سېلىشتۇرۇش، تاللاش، چەككىلەش، پىششىقلاش ۋە ئۆزگەرت-تىش ئېلىپ بارماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، پەقەت پىششىقلاپ ئىشلىگەندىن كېيىن چىنلىق

ۋە گۈزەللىك تەلىپىگە ئۇيغۇن بولغان تۇرمۇشلا ئەدەبىي ئەسەرگە كىرىپ، بەدىئىي چىنلىققا ئايلىنالايدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئەسەردىكى بەدىئىي چىنلىق ئەمەلىي تۇرمۇشتىن كەلگەن بولسىمۇ، تۇرمۇش چىنلىقىغا قارىغاندا مەركەزلەشكەن، تىپىكلەشكەن، غايىۋىلەشكەن، گۈزەللەشكەن بولىدۇ.

بەدىئىي چىنلىق پېرسوناژنى تىپىكلەشتۈرۈشتە ئىپادىلىنىپلا قالماي، بەلكى يەنە مۇھىتنى تىپىكلەشتۈرۈشتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ، چۈنكى پېرسوناژ بىلەن مۇھىت دىئالېكتىكلىق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ، مۇھىت پېرسوناژغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، پېرسوناژمۇ مۇھىتقا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، تىپىكلەشتۈرۈلگەن مۇھىت بولمىسا، ھەقىقىي بەدىئىي چىنلىقتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئۇنداقتا بۈگۈنكى دەۋرىمىزنىڭ تىپىك مۇھىتى نېمە؟ دەۋرىمىزنىڭ تىپىك مۇھىتى جۇڭگو خەلقىنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ھەر خىل توسالغۇلارنى چەتكە قېقىپ قەتئىي تەۋرەنمەي ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىشىدىن ئىبارەت. دەۋرىمىزنىڭ بۇ تىپىك مۇھىتىنى كۆرەلمىگەندە، دەۋرىمىزنىڭ تارىخىي چىنلىقىنىمۇ تۇتۇۋالغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە كونا جەمئىيەتتىن قېپقالغان ۋە كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى چىرىتىدىغان تۆرىچىلىك، پارىخورلۇق، تەمەخورلۇق، ئالدامچىلىق، بۇزۇقچىلىق، تەخسىچىلىك، تەكەببۇرلۇققا ئوخشاش پاسسىپ ھادىسىلەر ھېلىھەم بار. بۇنداق روھىي مەرەزلەر خەلقىمىزنىڭ خاراكتېرى، شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈم بىلەن زادىلا سىغىشالمايدۇ، بۇنداق ئىللەتلەرمۇ ئەدەبىياتىمىزدا ئىپادىلىنىشى، قامچىلىنىشى، كۈلكە ئاستىغا ئېلىنىشى كېرەك، بۇ تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجى ۋە يۈزلىنىشى. يازغۇچى جەمئىيەتتىكى پاسسىپ ھادىسىلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەندە، بۇ خىل پاسسىپ ھادىسىلەر بىلەن ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىۋاتقان، ئاخىرى ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغان ئاكتىپ ئىجتىمائىي كۈچلەرنى روشەنلىككە ئىگە قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئارزۇسى ۋە ئىستىقبالىنى يېزىشى، يورۇقلۇق ھامان قاراڭغۇلۇقنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلەيدىغان مۇقەررەرلىكنى كۆرسىتىپ بېرىشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن مەدھىيىلەشكە تېگىشلىك شەيئىلەرنى مەدھىيىلىگىلى، پاش قىلىشقا تېگىشلىك شەيئىلەرنى پاش قىلغىلى بولىدۇ؛ مەدھىيىلەشمۇ دەل جايىدا، ھەققانىي بولىدۇ؛ پاش قىلىشمۇ چوڭقۇر، كۈچلۈك بولىدۇ. ئەگەر يازغۇچى دەۋرنىڭ تىپىك مۇھىتىدىكى ئەڭ زور چىنلىقنى تۇتمىسا، يەنى قىسمەنلىكتىكى بەزى ۋەقە، ھادىسىلەرنى ئەينەن تەسۋىرلىمىسە، ئۇنىڭ بەدىئىي چىنلىقى ۋە تىپىكلىكىنى روشەنلەشتۈرگىلى بولمايدۇ، دەۋرىمىزنىڭ ماھىيىتى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرگىلى بولمايدۇ.

لېنىن ل. تولستوينىڭ ئەسەرلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ: «ئەگەر بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرغىنى ھەقىقىي ئۇلۇغ سەنئەتكار بولىدىغان بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدە ھېچ بولمىسا ئىنقىلابنىڭ بەزى ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى چوقۇم ئەكس ئەتتۈرىدۇ» دېگەنىدى. بۇنىڭدىن بەدىئىي چىنلىقنىڭ دەۋرنىڭ ماھىيىتى ياكى بەزى ماھىيەتلىك تەرەپنىڭ

ئاساسىي ئىدىيىسىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئۇنداقتا ماھىيەت دېگەن نېمە؟ ماھىيەت شەيئىلەرنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ۋە شۇ شەيئى تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى بولۇپ، ئۇ رېئاللىقنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان، شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ يۆزلىنىشىنى بەلگىلەيدىغان بولىدۇ. پەقەت ھادىسە، يەنى تاشقى ئىپادىنى ئېچىپ تاشلاش ئارقىلىقلا، ئاندىن ماھىيەتنى بىلگىلى ۋە ئىگىلىگىلى بولىدۇ.

تۇرمۇش دېڭىزى ھەر مىنۇت، ھەر سائەتتە دولقۇنلۇق مەۋج ئۇرۇپ، ھەر خىل-ھەر ياڭزا تۈزۈلۈشتە، تۈرلۈك-تۈمەن ئۆزگىرىشلەردە ئىپادىلىنىدۇ، مەيلى ئۇ قانچىلىك مۇرەككەپ، چىگىش ھالەتتە ئىپادىلەنسۇن، ئۇنىڭ ھەممىسى ماھىيەتلىك قانۇنىيەتكە ۋە مۇقەررەر باغلىنىشقا ئىگە بولىدۇ، نەزەر دائىرىسى كەڭ، ئىقتىدارلىق يازغۇچى بۇنداق مۇرەككەپ، چىگىش ھادىسىلەردىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ماھىيەتلىك قانۇنىيىتىنى بىلەلەيدۇ ۋە ئىگىلىيەلەيدۇ. جانلىق ئوبرازلار ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ بۇ ماھىيەتلىك قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. تۇرمۇشنىڭ بۇنداق ماھىيەتلىك قانۇنىيىتىنىڭ كونكرېت بەدىئىي ئەسەردىكى ئىپادىلىنىشى خۇددى تۇرمۇش قانۇنىيىتىگە ئوخشاش ئەسەرنىڭ ئالاھىدىلىكى، خاسلىقى ۋە مۇرەككەپلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. يەنى ئۇ ئايرىم تۇرمۇش كۆزۈنۈشى ھەمدە ئوخشاش بولمىغان پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ سۈرەتلىنىشى ئارقىلىق، شۇنداقلا پېرسوناژلار ئىدىيىسى، ھېسسىياتى، ھەرىكىتى ھەم ئەتراپىدىكى مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئارقىلىق شەكىللەنگەن سەرگۈزەشتىسى ۋە تەقدىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. يازغۇچى شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى قانچە توغرا ئىگىلىسە، قانچە ئوبرازلىق ئىپادىلىسە، تۇرمۇشنىڭ، شەيئىنىڭ روشەنلىك دەرىجىسىمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ئۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم بولغان ۋە مۇھىم بولمىغان ئىككى تەرەپلىك زىددىيەتتىن تۈزۈلگەن بولىدۇ، بۇلارنىڭ بىرىدىن ئايرىلغاندا، يەنە بىرىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئەسلىدە گۈزەللىك بىلەن سەتلىك، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، توغرىلىق بىلەن خاتالىق، ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىق، ئىنقىلابىيلىق بىلەن ئەكسىيەتچىلىك، ئاساسىي ئېقىم بىلەن تارماق ئېقىم قاتارلىقلارنىڭ زىددىيىتى ۋە كۈرىشى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ خىل زىددىيەت ۋە كۈرەشنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىشى نەتىجىسىدە تارىخ ئىلگىرىلەيدۇ، ئىنسانىيەت ئالغا باسىدۇ. چىن، ياخشى، گۈزەل نەرسىلەر ھامان ساختا، يامان، سەت نەرسىلەر بىلەن كۈرەش قىلىش داۋامىدا تەرەققىي قىلىدۇ، شۇڭا ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدە رېئاللىقتىكى بۇ خىل زىددىيەت ۋە كۈرەش چوقۇم ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى كېرەك. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بەدىئىي چىنلىق ياكى ماھىيەت ھەرگىزمۇ ساپ ھالەتتىكى سان-مىقدار چۈشەنچىسى ئەمەس، ئۇنى شەيئىلەرنىڭ ئاساسىي ئېقىم تەرىپىدىمۇ، تارماق ئېقىم تەرىپىدىمۇ، بىر ھالەتتىكى شەيئىدىمۇ ئىپادىلەشكە بولىدۇ، كۆپ ئۇچرايدىغان شەيئى، ھادىسىلەردىمۇ، ئاز ئۇچرايدىغان شەيئى، ھادىسىلەردىمۇ ئىپادىلەشكە بولىدۇ؛ يورۇقلۇق تەرەپ بىلەن ئىپادىلەشكىمۇ، قاراڭغۇ تەرەپ بىلەن ئىپادىلەشكىمۇ بولىدۇ. مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ھەقىقىي تۇردا تۇتۇش-تۇتالماسلىقتا،

ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ئىنتايىن مۇرەككەپ بولىدۇ، مەلۇم تۇرمۇش ۋە پېرسوناژنىڭ
ئۆزگىرىشى ھەم ئۇنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى ھەر خىل ئامىللارغا، يەنى ئۇنىڭ ئىچكى ـ
تاشقى شەرت ـ شارائىتى، مىللىتى، ياشىغان دەۋرى، سەرگۈزەشتىسى، تارىخى، ئىدىيىسى،
تەربىيىلىنىشى، كېلىپ چىقىشى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، مىجەز ـ خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە
مۇھىتىنىڭ تەسىرى قاتارلىق ئامىللارنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىغا باغلىق بولىدۇ. ئۇنداقتا
ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدە شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى قانداق ئەكس ئەتتۈرۈش
كېرەك؟ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئومۇمىيلىق ئېھتىياجىدىن ئالغاندا، ئالدى بىلەن
شەيئىلەرنىڭ باغلىنىشى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. چۈنكى
ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرى ھەر قانچە كۆپ، تارىخىي تەرەققىيات ھەر قانچە مۇرەك ـ
كەپ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قانۇنىيەتكە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئىجتىمائىي ئومۇمىي ـ
لىقتىن ئايرىلىپ تۇرۇپ، ھەر خىل تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى يەككە ھالدا، بىلىپ يەككە ھالدا
باھالىساق، باغلىنىشى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ھۆكۈم قىلىدىغان ئاساستىن ھەم ئۇنىڭ
ماھىيەتلىك ئەھمىيىتىنى بىلىشتىن مەھرۇم قالىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن رېئاللىقنىڭ يىغىندى ـ
سىدىن، شەيئىلەرنىڭ باغلىنىشىدىن ئۇنىڭ مېغىزىنى ئېلىپ، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىشىمىز،
تېشىدىن ئىچىگە كىرىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن تۇرمۇش ھادىسىلىرى
ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى، تاسادىپىيلىق ئارقىلىق مۇقەررەرلىكىنى ئىپادىلەپ
بېرەلەيمىز، شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە بىر پۈتۈن چىنلىققا ئېرىشەلەي ـ
مىز. تۇرمۇشتىكى يالغۇز بىر شەيئى، بىر پاكىتنى تەسۋىرلەش بىلەن ياكى بەزى يىر ـ
گىنچلىك، رەزىل ھادىسىلەرنى دۆۋىلەپ قويۇش بىلەن ھەرگىزمۇ بەدىئىي چىنلىققا
ئېرىشكىلى، شۇنداقلا شەيئىنىڭ ماھىيىتىنى، خاراكتېرلىك بەلگىسىنى ئىپادىلەپ بەرگىلى
بولمايدۇ. مۇبادا يازغۇچى تۇرمۇشتىكى مەلۇم شەيئى ۋە پاكىت ئارقىلىق ئۇنىڭ ماھى ـ
يىتىنى ئېچىپ بەرمەكچى بولىدىكەن، ئۇنىڭ تۇرمۇش چىنلىقى ئۈستىدە سېلىشتۇرۇش،
تەھلىل قىلىش، پىششىقلاش ۋە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى
مەلۇم تۇرمۇش ھادىسىسىنىڭ تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش ـ بېرەلمەس ـ
لىكىنى پەقەت ئوبراز يارىتىش جەريانىدىلا بىلگىلى بولىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەت تۇر ـ
مۇشنىڭ تاشقى ھالىتىنىڭ چىنلىقىنى تەسۋىرلەشنىلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمى،
تۇرمۇشنىڭ ئىچكى ماھىيىتىدىكى بىر پۈتۈن چىنلىقىنى ئېچىپ بېرىشنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ.
دېمەك، بىز بۇلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلەلەيمىزكى، بەدىئىي چىنلىق تۇرمۇشنىڭ
ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتى دېگەن ئۇقۇم بىلەن ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت دېگەن ئۇقۇم
بىلەن مەڭگۈ باغلانغان بولىدۇ.

سۇبيېكتىپ شەيئىلەر بىر زىددىيەتلىك گەۋدە، ئۇنىڭ ئىچى تۇقۇنۇش ۋە
كۈرەش بىلەن تولغان، ئۇنىڭغا ئىجابىيلىق بىلەن سەلبىيلىك، توغرىلىق بىلەن خاتالىق،
يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق سىڭگەن بولىدۇ. جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى ھېسابلانغان
يازغۇچى ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بۇ زىددىيەتلىك گەۋدىنى بەدىئىي چىنلىققا
ئايلاندۇرۇش داۋامىدا ئۇنىڭغا چوقۇم ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئۆزىنىڭ سىياسىي

www.uyghurkitap.com

مەيدانى، ئىدىيىۋى خاھىشى، ھېسسىياتى، پوزىتسىيىسى ۋە ئېستېتىك قارىشىنى سىڭدۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق تۇرمۇشقا بولغان باھاسىنى ئىپادىلەيدۇ. «سەنئەتنىڭ ماھىيىتى قوللاش ياكى قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت، ئېتىبارسىز قارايدىغان سەنئەت بولمايدۇ ھەم بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئادەم فوتو سۈرەت ئاپپاراتى ئەمەس، ئۇ رېئاللىقنى رەسىمگە تارتمايدۇ، ئۇ ياكى رېئاللىقنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ، ياكى رېئاللىقنى ئۆزگەرتىدۇ ۋە ياكى رېئاللىقنى ۋەيران قىلىدۇ» (گوركى). ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىدا ھېسسىياتقا بېرىلمەي، بىپەرۋا ياكى ئوبيېكتىپ شەيئىدىن خالىي تۇرىدىغان يازغۇچىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئىجادىيەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان نۇرغۇن يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىجادىيەت داۋامىدا ئۇرغۇپ تۇرغان ھېسسىياتىنى بېسىۋالالماسلىقتەك تەجرىبىلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن. مەسىلەن، ل. تولستوي ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرى — «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»، «ئاننا كارېنىنا»، «تىرىلىش»نى قان - ياشنى سىياھ قىلىپ، بىرمۇ بىر يېزىش نەتىجىسىدە ئىجاد قىلغان. شۇڭا بۇ ئەسەرلەر بىر ئەسىردىن بۇيان كەڭ كىتابخانلارنى تەسىرلەندۈرۈپ، ھاياجانغا سېلىپ كەلمەكتە. بۇنىڭ بۇنداق بولۇشىنى ئاپتورنىڭ ھەر بىر قۇر، ھەر بىر سۆزگە سىڭدۈرگەن مۇھەببەت - نەپرىتىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. ھەر قانداق يازغۇچى مۇئەييەن ئىدىيىۋى خاھىش ۋە مۇھەببەت - نەپرەت تۇيغۇسى بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئىلغار ئىدىيىۋى خاھىشقا ئىگە يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئەسىرىنى تۇرمۇشنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىنى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئېچىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئەسىرىنىڭ بەدىئىي چىنلىقىنى تېخىمۇ ئۆستۈرىدۇ ھەم كۈچەيتىدۇ. ئەسەرنىڭ بەدىئىي خاھىشى ھامان بەدىئىي چىنلىقنى ئاساس ۋە تايانچ قىلىدۇ. بەدىئىي چىنلىق ئەسەرنىڭ جېنى بولسا، خاھىش ئەسەرنىڭ روھى. بەدىئىي ئوبراز قانچە چىن بولسا، ئۇنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشىمۇ شۇنچە پۇختا ئاساسقا ئىگە بولىدۇ. پېرسوناژلار ئوبرازى ھەقىقىي، جانلىق، قايىل قىلارلىق قىلىپ تەسۋىرلەنسىلا، خاھىشىمۇ ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنى مۇھاكىمە، بايان ۋە مونولوگ ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ. يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشى، ھېسسىياتى، كۆز قارىشى، پوزىتسىيىسى ۋە پىكرىنى ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلەش ئەدەبىياتنىڭ پەۋقۇلئاددە خۇسۇسىيىتى. شۇڭا ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشى ئالاھىدە كۆرسىتىلمەسلىكى، بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق تەبىئىي ئىپادىلىنىشى، يەنى بەدىئىي ئوبرازلارغا سىڭدۈرۈۋېتىلىشى كېرەك. «ئاپتورنىڭ كۆز قارىشى قانچە يوشۇرۇن بولسا، بەدىئىي ئەسەر ئۈچۈن شۇنچە ياخشى بولىدۇ» (ئېنگېلس).

بەدىئىي چىنلىق بىلەن خاھىشنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە، چىنلىقنىلا تەكىتلەپ، خاھىشقا سەل قارايدىغان ياكى خاھىشنىلا تەكىتلەپ، چىنلىققا سەل قارايدىغان بىر تەرەپلىمىلىك قاراشلارغا قارشى تۇرۇش كېرەك. بەدىئىي چىنلىق ئىدىيىۋى خاھىشنىڭ ئاساسى ۋە تايانچىسى دېگەندە، ئەسەردە چىنلىق بولسىلا ھەممە ئىشنىڭ پۈتكىنى، شۇ دەپ قاراشقا بولمايدۇ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى چىن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ياخشى، گۈزەل بولۇشى ناتايىن. مەسىلەن، تۇرمۇشتىكى يىرگىنچلىك، رەزىل نەرسىلەرنى

ئۇبېيېكتىپ هالدا پاش قىلىغان ئەسەرلەرنىڭ بەزى تەپسىلاتلىرى ناھايىتى چىن بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئەسەردە باھا، ئىلغار خاھىش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەردە يىرگىنچ- لىك نەرسىلەرگە ھېسداشلىق قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن زوقلىنىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا يازغۇچى قايسى خىلدىكى چىنلىقنى يازمىسۇن، ئەسەرنىڭ ئىدىيۋى خاھىشىغا تولۇق ئەھمىيەت بېرىشى، ئەسەردە چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى، شۇ ئارقىلىق كىتابخانلاردا ئالىيجاناب، گۈزەل ئېستېتىك ھېس-تۇيغۇ قوزغىشى لازىم. ئەسەرنىڭ خاھىشىنىلا تەكىتلەپ ئەسەرنىڭ چىنلىقىغا سەل قارايدىغان، ئىدىيۋى خاھىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، قالغانلىرى ئاساسلىق ئەمەس دەپ ھېساب- لايدىغان، خاھىش بىلەن چىنلىقنى قارىمۇ قارشى قىلىپ قويىدىغان، ھەتتا خاھىش ئارقىلىق بەدىئىي چىنلىقنى بۇزىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. بۇ ئىنتايىن خاتا ۋە زىيانلىق. پېرسوناژلار خاراكتېرى، سيۇژېت ۋە كونكرېت توقۇنۇش تەسۋىرىدىن ئايرىلغان خاھىشنىڭ مۇقامى قانچىلىك يۇقىرى، كۈچلۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئەسەرنىڭ بەدىئىي چىنلىقى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى زىيانغا ئۇچرىتىماي قالمايدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بەدىئىي چىنلىق بىلەن خاھىشچانلىق ئورگانىك ھالدا بىر گەۋدىگە ئايلان- دۇرۇلۇشى لازىم.

بىز بەدىئىي چىنلىقنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ناتۇرالىزمدىن ھوشيار بولۇشىمىز لازىم. چۈنكى مەيلى رېئالىزم بولسۇن، مەيلى ناتۇرالىزم بولسۇن، ھەر ئىككىلىسى چىنلىقنى تەكىتلەيدۇ. ئەمما بۇلار تەكىتلىگەن چىنلىق ماھىيەت جەھەتتە بىر-بىرىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدۇ. رېئالىزممۇ تۇرمۇشنىڭ تاشقى قىياپىتىنىڭ ۋە ئېپىزوتلىرىنىڭ چىنلىقىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، تۇرمۇشنىڭ ئىچكى مەنىسى ۋە بىر پۈتۈنلۈكىنىڭ چىنلىقىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. رېئالىزمچىلار نېمىنى كۆرسە شۇنى يېزىۋەرمەيدۇ. ئۇلار جەزمەن تۇرمۇشتىكى خاراكتېرلىك، تىپىك ئەھمىيەت- لىك ۋەقە، ھادىسىلەرنى تەسۋىرلەيدۇ ۋە بۇ ھادىسىلەرنى بارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ كۈچەيتىدۇ، گەۋدىلەندۈرىدۇ، ئۇلارنى تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى ۋە قانۇنىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە قادىر قىلىدۇ. ئەمما ناتۇرالىزم ئۇنداق قىلمايدۇ. ناتۇرالىزم بىر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن دەللىچىلىكنى پەلسەپىۋى ئاساس قىلىدۇ. جەمئىيەتنى نوقۇل بىئولوگىيىلىك نۇقتىئىنەزەر بىلەن كۆزىتىپ ۋە بىلىپ، تۇرمۇشنى ئەينەن كۆچۈرۈپ ئىپادىلەشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. تۇرمۇشنى تىپىكلەشتۈرۈپ يىغىنچاقلاشنى ۋە ئومۇملاشتۇرۇشنى رەت قىلىدۇ. رېئال تۇرمۇشتىكى يۈزەكى، ئۇششاق- چۈششەك ئىشلارنى خاتىرىلەش بىلەنلا قانائەتلىنىدۇ، تۇرمۇشنى سىياسىي، ئەخلاقىي جەھەتتىن باھالاشنى پۈتۈنلەي رەت قىلىپ، تۇرمۇشنى ئۆلۈك ھالدا ئۆز پېتىچىلا كۆچۈرۈپ، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى ۋە قانۇنىيىتىنى نىقابلايدۇ. شۇڭا بىز چىنلىقنى تەكىتلىگەندە، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى، تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە، چىنلىق بىلەن خاھىشنى بىردەكلىككە ئىگە قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا نۇقسان يېتىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئەكبەر قادىر

# «ئاقساق بۇغا» ئۈستىدە مۇلاھىزە

يازغۇچى مۇھەممەت باغراشنىڭ «ئاقساق بۇغا» ناملىق ئەسىرى ئادەم بىلەن تەبىئەت ۋە جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىك ئەسەردۇر. ئەسەردە ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە تەبىئەت فۇنكسىيە مۇھىتى جەريانىدىكى ئادەم ئىكەنلىكى مىللىي ئەخلاقىي چۈشەنچىلەر ھەم پەلسەپىۋى نۇقتىلاردىن مۇلاھىزە قىلىنغان.

ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى تېمىسى يېڭى تېما ئەمەس. ئۇ بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ «قىزىل تاغ باتۇرلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، ئەمما بۇنداق ئەسەرلەردىكى خاھىش تەبىئەتكە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش، تەبىئەت ئالدىدا قىلچە تىز پۈكمەسلىكتىن ئىبارەت بولدى. ئۇلارنىڭ سيۇژىت لىنىيىسى تەبىئەت بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى بويلاپ راۋاجلاندۇرۇلدى. ئادەملەرنىڭ تەبىئەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى تەبىئىي ھالدا ئەسەرنىڭ خاتىمىسى قىلىندى. بۇلار بىلەن «ئاقساق بۇغا» دىكى ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى تېمىسىنى سېلىشتۇرغىنىمىزدا، ئالدى بىلەن ھېس قىلىدىغىنىمىز يازغۇچىلاردىكى ئوخشاش تېما ئۈستىدىكى ئوخشىمىغان تەپەككۇر ۋە ئوخشىمىغان خاھىشتۇر.

ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەۋجۇتلۇق ئاساسىنى پەقەت ئىجتىمائىي تۇرمۇش مۇھىتى ئاساسىدىلا يارىتىپ قالماستىن، يەنە ئىنسانىيەت تايىنىپ ياشايدىغان تەبىئەت مۇھىتى ئاساسىدىمۇ بەرپا قىلغان. ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى بىلىشكە باشلىغان ئەڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردىلا ئالدى بىلەن ئۆزلىرى ياشاۋاتقان مۇھىت ۋە بۇ مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر ئۈستىدە ئويلاندى. تەبىئەت ئەپسانىلىرىنىڭ يارىتىلىشى ئۇنىڭ نەتىجىسى بولدى. ئەخلاق قارىشى بۇ تەبىئەت ئەپسانىلىرىنىڭ مەركىزىدۇر. كىشىلەر ئەڭ دەسلەپكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى تەبىئەتنى سۆيۈش-سۆيمەسلىك، ئاسراش ياكى ئاسرىماسلىق بىلەن ئۆلچىدى ياكى ئايرىدى. دېمەك، تەبىئەتنى مەركەز قىلغان ئەخلاق قارىشى ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناپ كەلدى. ئۇ گەرچە ئىنسانىيەت پسىخىكىسىدا ئاللىقاچان بىر خىل ئورتاق ئەنئەنىۋى ئەخلاق قارىشىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە يېڭىباشتىن مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىش بۈگۈنكى يازغۇچىلارغا نىسبەتەن سەل قارىغىلى بولمايدىغان بىر تەرەپ بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. چۈنكى ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى بۈگۈن ئىلگىرىكى ھەر قانداق دەۋردىكىدىنمۇ مۇرەككەپلەشتى. ئۇ ئەمدى دۇنياۋى مەسىلىگە ئايلىنىپ، ئىنسانىيەتنى ئۆز تارىخى، ھاياتلىق ئاساسى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىشقا ئۈندىمەكتە. ئادەملەر

تەبىئەتكە زامانىۋى ئاڭ بىلەن مۇئامىلە قىلماقتا. مۇشۇنداق شارائىتتا يازغۇچى مۇھەم-مەت باغراش بۇ تېمىغا يۈرۈش قىلدى. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق تەلىپى نۇقتىسىدىن قەلەم تەۋرەتتى. ئىخچام سىيۇژىت، قىسقا ھەجىم ۋە قىسقا بايانلار بىلەن ئەمەس، ئەكسىچە ھەرىكەتچان، ستېرېئولۇق سىيۇژىت، ئەتراپلىق مۇلاھىزە ئارقىلىق ئۆز كۆز قارىشىنى ۋە يېڭى خاھىشنى ئەكس ئەتتۈردى.

يازغۇچى خۇداغا ئەمەس، ئادەمگە ئېتىقاد قىلىدۇ دېيىلسە، ئۇنداقتا ئادەم تۇرمۇ-شى، ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن شەرتلىك باغلانغان مۇناسىۋەتلەر — شەيئى، ھادىسە، جانلىقلار ئۈستىدە باش قاتۇرۇش يازغۇچىدىكى بۇ خىل ئېتىقادنىڭ مەركىزىدۇر. ئەدەبىياتنى ھەقىقىي مەنىدىكى بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى، ئاڭ، تۇيغۇ ھادىسىلىرىنى كەڭلىككە يېيىپ كىتابخان بىلەن ئورتاق مۇلاھىزە قىلىش دەپ چۈشىنىش بۇ ئېتىقادنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتتى، كىتابخاننىڭ ئوبرازغا بولغان چۈشەنچىسىنىمۇ كېڭەيتتى. مۇ-ھەممەت باغراش ياراتقان ئىشقىيار (ئەسەردىكى باش قەھرىمان) ئەنە شۇنداق ئۆزى-گە خاس ئىچكى كۆچكە، ئىرادىگە، پىكىر-مۇلاھىزىلەرگە ئىگە قىلىنغان پېرسوناژ. ئۇ ئىجتىمائىي نۇقتىدىن مىللەت، سىنىپقا تەۋە بولسىمۇ، ئەمما ئەسەردىكى ئورنى، ئۆزىگە خاس روھىي دۇنياسى بىلەن كىتابخان قەلبىدە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بۈگۈنكى تەق-دىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان بىر ئىنسان سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا بۈگۈن-كى دۇنيا كىشىلىرى ئورتاق دۇچ كېلىۋاتقان، سېزىۋاتقان كرىزىس ئېڭى بار. ئەسەر-دە ئۇ بۇ خىل ئورتاق ئاڭنىڭ مۇجەسسەملەشكەن تىپى قىلىنغان. ئۇ يەنە ئاپتور بىلەن كىتابخان ئورتاق باش قاتۇرۇۋاتقان ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى يېڭى خاھىش، يېڭى مۇلاھىزىلەرنىڭ مەركىزىگە قويۇلغان. شۇڭا ئىشقىيار ئەسەردە باشتىن-ئاخىر تەبىئەتنى، جانلىق مەۋجۇداتلارنى ئويلايدۇ، ئۇلارنى سۆيىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەت بىلەن بولغان ئىچكى مۇناسىۋەتلىرى ئۈستىدە ئويلىنىدۇ. ئىشقىياردا يەنە بۈگۈنكى ئىنسانىيەت-نىڭ كرىزىس تۇيغۇسى بىلەن باغلىنىپ كېلىدىغان، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇز-لۇشىدىكى سەۋەبلەرنى ئۆزىنىڭ تەبىئەتكە، جانلىق مەۋجۇداتلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ ئىلمىي بولمىغانلىقىدىن، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش ئەمەلىيىتىدە قارىغۇلارچە ئىش ئېلىپ بارغانلىقىدىن ئىزدەيدىغان «ئۆز-ئۆزىنى سوتلاش ئېڭى» مۇ بار. ئىشقىيار خاراكتېرىگە سىڭگەن بۇ خىل ئاڭ ئۇنىڭ بۇغا بالىسىنى پولك كوماندىرىنىڭ كېسەلى ئۈچۈن دورا قىلىپ بېرىدىغان ۋاقىتتىكى مونولوگىدا ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ: «ئۇلار مۇشۇ گۇناھسىز، بىچا-رە ھايۋاننى ئۆلتۈرمەكچى. يەنە كېلىپ ئۆزۈمگە، ماڭا ئۆلتۈرگۈزمەكچى! بىز ئادەممۇ؟! ئۇ ئۆزىنىڭ ئەركى بويىچە ياشاشقا ھەقلىق...مەن شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ ئەقىدىسىگە سادىق بولۇپ قالالايمەن. تەبىئەتكە، ئەجدادلىرىمنىڭ روھىغا، ئاتا-بوۋامغا يۈز كېلە-لەيمەن... ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ دوستى. ئانا تەبىئەتنىڭ بالىسى. ئۇ ھاياتقا گۈزەللىك، دوستلۇق بېرىدۇ. مۇشۇنداق بىباھا ھايۋاننى، ئىنسانىيەتنىڭ دوستىنى ھېچ سەۋەب-سىزلا ئۆلتۈرۈش مېنىڭچە بەكمۇ شەپقەتسىزلىك!»

ئىشقىيار يەنە بىر تەرەپتىن، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھوشيار، قاۋۇل، يارام-لىق جەڭچىسى. بىزنى تولىمۇ رازى قىلىدىغان يېرى شۇكى، ئىشقىيار ۋۇجۇدىدا خەلق، ۋەتەن تاپشۇرغان ۋەتەننىڭ زېمىنى، تۇپرىقى، ئورمىنى، جانلىقلىرىنى قەتئىي قوغداش، ئاسراشتىن ئىبارەت شەرەپلىك بۇرچ بىلەن بوۋىسى ئۆگەتكەن تەبىئەتنى مەركەز

ئۇيغۇرچە كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلغان ئەخلاق قارىشى زىچ بىرلىشىپ كەتكەن. ئىشقىيار خاراكتېرىنىڭ ھاياتىي كۈچى مۇشۇ ئىككى تەرەپنىڭ بىرىكمىسىدە. ئۇ پەقەت مۇشۇ ئىككى تەرەپنىڭ بىرىكمىسىدە يارىتىلغانلىقى بىلەنلا ئۇلۇغلىنىدىغان ئوبراز. ئۇنىڭدا مۇشۇ ئىككى تەرەپ بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇ بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ «ئاق پاراخوت» ناملىق ئەسىرىدىكى سەبىي بالا ئوبرازى بولۇپ ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ تۇپرىقى، ئۆزىمىزنىڭ قېنىمىزدىن يارالغان ھەقىقىي ئىشقىيار بولۇپ گەۋدىلىنىدۇ. ئىشقىيار روھىدىكى تەبىئەتنى مەركەز قىلغان ئەخلاق قارىشى ئەسەردە مۇنداق ئىپادىلەنگەن: «بۇۋام ماڭا ھاياتنى، ئىنسانلارنى، تەبىئەتنى قىزغىن سۆيۈشنى، ئىنسانىيەتنىڭ بەخت - سائادىتىنى، مەدەنىيەتنى ئالىي بىلىشنى، شەخسىيەتسىز، توغرا، ئادىل بولۇشنى، تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەتكە يالقۇنلۇق سۆيگۈ، ئوتلۇق مېھىر - مۇھەببەت باغلاشنى ئۆگەتتى».

ئادەمنى ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ئېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تەبىئەتكە قېتىۋېتىش، روشەنكى، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى قايتا مۇلاھىزە قىلىدىغان «ئاقساق بۇغا» غا ئوخشاش ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ دىققەت قىلىدىغان نۇقتىسى. بۇ خىل يېڭى ئاڭ ئەسەردىكى ئىشقىيار ئوبرازىدا ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا كىچىكىدىنلا ئانا يۇرتقا، ئۇنىڭ ئوتلاق، دەل - دەرەخ، ئۇچار قۇشلىرىغا، جانلىقلىرىغا بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببەت يېنىپ تۇرىدۇ. بۇ مۇھەببەت شىۋىرغانلىق بىر كۈنى سەپداشلىرى بىلەن مەشىق مەيدانىدىن بازىغا قايتىۋاتقاندا ماشىنىغا سوقۇلۇپ كەتكەن يېرىمجان بۇغا بالىسىنىڭ يولۇقۇپ قېلىشى ۋە كېيىن ئۇنى «ھەربىي نىزامغا خىلاپ» ھالدا يېقىۋېلىپ ساقايتىش جەريانى بىلەن ماس ھالدا تەدرىجىي ئاشكارىلىنىپ كۈچىيىپ بارىدۇ. ئاخىرىدا بولسا، بۇغا بالىسىنى قوغداپ ئانا تەبىئەتكە قايتۇرۇپ بېرىش بىلەن ئۇنى قۇربان قىلىۋېتىش ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن زىددىيەتكە دۇچ كېلىدۇ. بۇ زىددىيەتنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىپ، بۇغا بالىسىنىڭ ئۆز ئەركىنى تېپىشىدا ئىشقىيار بىر تەرەپتىن باشتىن - ئاخىر مىللىي ئاڭ، مىللىي پسىخىكىنىڭ ئىچكى قوزغىتىشىدا بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۈگۈنكى ئىنسانىيەت دۇچ كېلىۋاتقان «كرىزىس ئېڭى» نىڭ مەدىتىگە ئېرىشىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، ئىشقىيار ئۆزىنى بۇ ئىككى خىل ئاڭ - پسىخىكىنىڭ تاللىۋېلىشىغا تاپشۇرغان. بۆرىنىڭ ئىشقىيار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈشى ئىشقىيار خاراكتېرىنى ئويلىمىغان يەردىن بىر مۇرەككەپلىككە باشلاپ كىردى. ئەمدى ئىشقىيار ئۆز ۋۇجۇدىدىكى تەبىئەتنى سۆيۈش، جانلىق مەۋجۇداتلارنى سۆيۈشتەك ئەنئەنىۋى مىللىي ئاڭ بىلەن بۆرىگە تېۋىنىش، بۆرىنى ئۇلۇغلاش چۈشەنچىسىنىڭ ئۆتكۈر كۈرىشىگە دۇچ كەلدى. نەتىجىدە ئۇ بىر تەرەپتىن بۇغىنى قوغداپ قېلىپ، زامانىۋى ئاڭ، ئۆزىگە خاس گۈزەللىك چۈشەنچىسىنى نامايان قىلىپ خۇشاللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۆرىگە تېۋىنىشتىن ئىبارەت بۇ مىللىي ئەنئەنىۋى ئاڭنىڭ يەنە بىر قاتلىمى تەرىپىدىن جازالىنىدۇ، ئازابلىنىدۇ.

ئىشقىيار كىچىكىدىن ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ تازا قايناق بۇلىقى بولغان ئاۋات بىر يېزىدا تۇغۇلۇپ، قويۇق ئەنئەنىۋى مىللىي تۇرمۇش مۇھىتىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان. يېزىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان كۆك مەشرەپ، نورۇز ئويۇنى شۇنىڭدەك تۈرلۈك مۇراسىملار، يېزا كىشىلىرىنىڭ ساپ دىل مىجەزى، ئۇلارنىڭ تەبىئەت، سۇ، يەر، جانلىقلار بىلەن خۇددى «تەڭ يارىلىپ، تەڭ يوقايدىغان» دەك پسىخىك كەيپىياتى ئىشقىيارغا بوۋىسى بىلەن

مەشرەپلەرگە ئەگىشىپ بارىدىغان ئاشۇ كىچىك ۋاقىتلىرىدىلا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ روھىي قاتلىمىدا ئاشۇ ساپ دىل يېزا ئادەملىرىگە ئوخشاشلا مەنىۋى ھالەت — تەن بىلەن تەبىئەتنىڭ بىرلىكى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالەتتە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا بوۋىسى ئېيتىپ بەرگەن «ئوغۇز رىۋايىتى» دىكى ئوغۇزلارنىڭ يەر، تەبىئەت، جانلىقلار ھەققىدىكى بىرلىك قارىشى، مۇناسىۋەتلىرى، شۇنداقلا «يەر ئانىنى ئۇلۇغلاش، دەل - دەرەخ، گۈل گىياھ، ئۇچار - قاناتلارنى ئۆز قېرىندىشى ساناش ئۇلارنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئەخلاقى، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالىدىغان ئادەم بولۇش نىزامى» ئىكەنلىكى ۋە بۇ جەھەتتىكى پائالىيەتلىرى، بوۋىسىنىڭ مانا بۇ نىزاملارنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىق ھەققىدە تەكىتلەپ ئېيتقان سۆزلىرى ئىشقىيار ئېڭىدا كۆرۈلۈۋاتقان ئەنئەنىۋى مىللىي چۈشەنچىلەرنىڭ كېلىش مەنبەسىدۇر. ئىشقىيارنىڭ خاراكتېرى مانا شۇ ۋاقىتتىلا يارىتىلىپ بولغانىدى. ئۇنىڭ كېيىنكى پائالىيەت، ئوي - خىياللىرى پەقەت شۇ خاراكتېرنىڭ بۈگۈنكى زامانىۋى ئاڭ، ئىنسانىيەت ئورتاق كرىزىس ئېڭىغا دۇچ كەلگەن ۋاقىتتىكى تولۇق ئۆزگىرىش، تەرەققىي قىلىش جۇملىسىدىندۇر. ئىشقىيارنىڭ تەبىئەت ۋە تەبىئەت بىلەن ئادەملەرنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى چۈشەنچىسىمۇ باشتىن-ئاخىر بىردەك.

ئىشقىيار خاراكتېرىدە ئەنئەنىۋى مىللىي پسىخىكىنىڭ بۆرىگە تېۋىنىشتىن ئىبارەت يەنە بىر تەرىپىمۇ بار. ئۇ ھەربىي سەپكە ماڭىدىغان كۈنى بوۋىسى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا «بۆرىدەك باتۇر، ۋاپادار، ھوشيار، ئەقىللىق، چەبدەس، مەردانە بول!» دەپ بۆرە ھوشۇقىنى ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويىدۇ، شۇنداقلا بۆرە رىۋايىتىنى سۆزلەپ بېرىپ، بۆرىنى ئۇلۇغلاش، بۆرىگە تېۋىنىشنىڭ سەۋەبلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

تەبىئەتنى، جانلىقلارنى سۆيۈش، ئاسراش، قوغداش بىلەن بۆرىنى ئۇلۇغلاش، ئۇنىڭغا تېۋىنىش ئىشقىيار ئەنئەنىۋى مىللىي پسىخىكىسىنىڭ ئايرىلماس ئىككى تەرىپىدۇر. ئەمما ئىشقىيار خاراكتېرىنىڭ قىممىتى يالغۇز ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي پسىخىك ئامىللىرىغا باي بولغانلىقى بىلەنلا ئۆلچەنمەيدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ئۇنىڭ خاراكتېرىدە يەنە زامانىۋى ئاڭ — بۈگۈنكى ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ئېڭى ۋە كرىزىس ئېڭى، كرىزىس تۇيغۇسى قويۇق ھەم كۈچلۈك بولغانلىقىدا، غالىب كەلگەنلىكىدە، ئىنسانىيەتكە خاس بولغان گۈزەللىك قارىشىنى قورقماي نامايان قىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. ئىشقىيار نېمە ئۈچۈن چىشى بۆرىنى ئېتىۋېتىپ، بۇغا بالىسىنى قوغداپ قالدى؟ مۇلاھىزىمىزدە يەنە مۇنداق ئۇقتىلىمۇ چىقىش قىلىمىز: بۆرىنىڭ بۇغا بالىسىغا قەھرى بىلەن يېقىنلىشىۋاتقان ۋاقىتتىكى ھالىتى بۈگۈنكى ئىنسانىيەتنىڭ ئىشقىياردىن ئىبارەت ۋەكىلىنىڭ ئېڭىدا گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنىڭ كۈرىشى بولۇپ گەۋدىلەندى. بۇ ئىشقىيارنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى پسىخىكىسىنىڭ قۇلى بولماستىن، يازغۇچى زامانىۋى ئاڭ يۈكسەكلىكىدە ياراتقان ئىجادىي ئوبراز ئىكەنلىكىنى ئىنتايىن جايىدا دەلىللەيدۇ.

ئىشقىيار ئەنئەنىۋى مىللىي پسىخىكىنىڭ قۇلى بولماستىن، ئۇنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرغۇچى، ئۇنى زامانىۋى ئاڭ يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش تەرەپدارىدۇر. يازغۇچىنىڭ ئىشقىيار ئوبرازىنى، ئۇنىڭ بۇغا بالىسى بىلەن بولغان «قېرىنداشلىق» مۇناسىۋىتىنى، تەبىئەتنى سۆيۈش روھىنى شۇنچە ئىنچىكە، شۇنچە چوڭقۇر، شۇنچە تەپسىلىي تەسۋىرلىشىمۇ ئىشقىيار خاراكتېرىدىكى بۇ خىمىل

ماھىيەتلىك تەرەپىنى ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي پسىخىكىسىغا ھەقىقىي سادىق بولغان ھالدا توغرا، تەسىرلىك قىلىپ يورۇتۇپ بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. ئەگەر يازغۇچى ئىشقىيار خاراكتېرىدىكى بۇ ماھىيەتلىك تەرەپىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە سەل قارىغان بولسا، ئىشقىيار خاراكتېرى بۇنچە جەلپ قىلارلىق يارىتىلمىغان بولاتتى. ھەتتا ئۇ ئەنئەنىۋى مىللىي پسىخىك ئامىللار چىرماپ كەتكەن، بۈگۈن ئۈچۈن ھېچقانداق بەدىئىي ئويلاندۇرۇش قىممىتى بولمىغان ئوبرازغا ئايلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى پەلسەپە نۇقتىسىدىن ئالغاندىمۇ ئەزەلدىن پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىسى بولۇپ كەلدى. پۈتكۈل پەلسەپە تارىخىدا بۇ مۇناسىۋەت ھەققىدىكى كۆز قاراش، تەتقىقاتلار مۇھىم رول ئويناپ كەلدى. بۇ خىل قاراشلار بۈگۈنكى كۈندە دۇنياۋى خاراكتېر ئېلىپ، شەرق - غەرب ئۈچۈن ئورتاق مەسىلىگە ئايلانماقتا. بىز ئۆزىمىزنىڭ مىللىي پەلسەپە تارىخىمىزنى ۋاراقلىغان ۋاقتىمىزدا، بۇ مۇناسىۋەت تېمىسىنىڭ بىزنىڭ بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزدا ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى قانداقتۇر غەربتىن «ئېلىپ كىرىش» نىڭ مەھسۇلى بولماي، بەلكى ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئۆز تۇپرىقىمىزدا يېڭىباشتىن جانلىنىشقا، پارلاشقا باشلىغانلىقىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

ھەممىگە مەلۇمكى، غەرب ئەللىرىدە تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش، ئۆزگەرتىش غايىسى بولۇپمۇ 20 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى، سانائەت، پەن - تېخنىكىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ھەسسىلەپ ئېشىپ باردى. ئەمما بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە چەكتىن ئېشىپ كەتكەن بۇ «تەلەپ، ئارزۇ، غايە» لەرنىڭ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش قانۇنىيىتىگە ئويغۇن كەلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە، تەبىئەتنى زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ، ئىنسانىيەتكە ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى مۇتەخەسسىسلەر ئىسپاتلىماقتا. ئىنسانىيەت بۇنداق ئەھۋالدا يەنە نېمىنى ئويلىشى كېرەك؟ مۇھىتنى ئاسراش، گۈزەل تەبىئەتنىڭ ئالقاندەك قىسمىنىمۇ ۋەيران بولۇشقا يول قويماسلىق ئۇلار ئۈچۈن ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئورتاقلىققا ئايلاندى. قىسقىسى، ئىنسانلار ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە قايتىدىن ئويلىنىشقا باشلىدى. بىر قىسىم غەرب مۇتەپەككۇرلىرى 70 - يىللاردىن كېيىن نەزەرىنى شەرققە ئاغدۇرۇپ، شەرق خەلقلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىكى تەبىئەتنى سۆيۈش، ئاسراشقا دائىر پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەرگە ناھايىتى قىزىقتى. ئۇلار ئېلىمىز خەلقىنىڭ «ئاسمان - زېمىندىكى بارلىق شەيئىلەر بىر گەۋدە»، «تەڭرى بىلەن ئادەمنىڭ بىرلىكى» ئىدىيىلىرى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان تەبىئەتنى قوغداش پائالىيەتلىرىنى مەدھىيىلىدى.

ئەپسانە، رىۋايەت بىلەن يازما ئەدەبىياتىمىز زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە. يازما ئەدەبىيات بارلىققا كەلگەندىن كېيىن بۇلار ئوخشىمىغان خاراكتېردىكى مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە ئايرىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر قايسى دەۋرلەردىكى يازغۇچىلارنىڭ ئۆز ئىجادىيەتلىرىنى تېخىمۇ ئاممىباپ، تەسىرلىك يارىتىشىدا ئۇنۇملۇك رول ئويناپ كەلمەكتە.

كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ناۋائىينىڭ «سەددى ئىسكەندەر» داستانىدا شائىرنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ چىرىكلىكى، ئادالەتسىزلىكى، ئىنتىپاقسىزلىقىغا قارشى تۇرۇپ، تىنچ ئاسايىشلىقنى تەشەببۇس قىلىش ئىدىيىسى خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن

غايىۋى شاھ ئىسكەندەر رىۋايىتى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. موللا ئەلەم شەھيارنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانىدىكى ئەركىن نىكاھ، ئەركىن مۇھەببەت قارشى خەلق ئارىسىدىكى گۈل بىلەن بۇلبۇلنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسى ھەققىدىكى رىۋايەتتىن ئىجادىي پايدىلىنىش ئارقىلىق تەسىرلىك، ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بىز مۇلاھىزە قىلىۋاتقان «ئاقساق بۇغا» ئەنە شۇنداق ئىجادىيەت ئەنئەنىمىزگە ۋارىسلىق قىلغان ئەسەردۇر. ئەسەردە خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن، تۇتىم ئېتىقادىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان «بۆرە ئەپسانىسى» بىلەن تەبىئەتنى سۆيۈش، ئاسراش، قوغداشتەك ئەنئەنىۋى مىللىي پسىخىكىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بولغان «ئوغۇز رىۋايىتى» تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

ئەسەرنىڭ تەبىئەتنى سۆيۈش، قوغداش، ئاسراشقا چاقىرىش خاھىشى ئۈستىدە يۇقىرىدا ئەخلاقىي، دىنىي، پەلسەپىۋى نۇقتىدىن مۇلاھىزىلەر ئېلىپ باردۇق. بۇ خاھىشنىڭ بۈگۈنكى دۇنيادا ئوينايدىغان ئىجابىي ئەھمىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈردۇق. مەسىلىنىڭ بۇ يەردىن ساقىت قىلىۋېتىشكە زادى بولمايدىغان مۇنداق بىر تەرىپىمۇ بار. بۇ تەرەپ ئۈستىدە توختىلىشنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇشۇ خىل تېمىدىكى ئىجادىيەت ئىشلىرىدا ئەھمىيىتى بار، دەپ قارايمەن.

بىرىنچى، ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش كۈرىشىنى قانداق باھالاش مەسىلىسى.

ئادەم تەبىئەتنى قوغدايدۇ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ ھەم ئۇنىڭغا تايىنىپ ياشايدۇ. ئەمما بۇنداق دېگەنلىك ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش يولىدا ئېلىپ بارغان بارلىق پائالىيەتلىرى خاتا دېگەنلىك ئەمەس ياكى بولمىسا تەبىئەتكە چوقۇنۇش دېگەنلىكمۇ ئەمەس. ئەدەبىيات ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى تېمىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەندە، ئادەمنىڭ تەبىئەتكە نىسبەتەن ئۆزگەرتىش، بويسۇندۇرۇش پوزىتسىيىسىنى ئاددىي ھالدا ئىنكار قىلىۋەتمەسلىكى، ساپ ماسلىق مۇناسىۋىتىگە ئايلاندۇرۇپ قويماسلىقى لازىم. ئەدەبىياتتا تەنقىدلىنىدىغان، پاش قىلىنىدىغان ئۆزگەرتىش ۋە بويسۇندۇرۇش ــ ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەم تەرەققىياتى جەريانىدا تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا، ئىلغار پەن ـ تېخنىكىنىڭ كۈچى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۆزگەرتىش ۋە بويسۇندۇرۇش ئەمەس، بەلكى تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش قانۇنىيىتىگە ماس كەلمەيدىغان، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت، تەڭپۇڭلۇققا زىيان يەتكۈزۈپ، ئىنسانىيەتكە ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان «ئۆزگەرتىش» ۋە «بويسۇندۇرۇش» دۇر. شۇڭا ئەدەبىياتىمىزدا بۇ تېما تەسۋىرلەنگەندە مانا شۇنداق خاراكتېر جەھەتتىكى پەرقىنى ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىش ئىنتايىن مۇھىم. «ئاقساق بۇغا» ناملىق ئەسەردە ئالدى بىلەن دەل مۇشۇ نۇقتىغا سەل قارالغان. تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە ماس ھالدىكى ئۆزگەرتىش، بويسۇندۇرۇش بىلەن ئۇنىڭغا قارشى ھالدىكى ئۆزگەرتىش، بويسۇندۇرۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك پەرق ئېنىق تاپشۇرۇلمىغان. لوگىكىلىق نۇقتىدىن ئالغاندا، ئەسەردە ئانا يەرگە، جانلىق مەۋجۇداتلارغا، گۈل ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخلەرگە كۆيۈنۈش، ئۇلارنى سۆيۈش، ئاسراش لازىمكى، ئۇلارغا زادى «قول تەگكۈزمەسلىك» كېرەك، ئۇلارنى ئۆز «قېرىندىشى» دەك كۆرۈش لازىمكى، ئۇلارنى ھەرگىز «يات كۆرۈش» كە بولمايدۇ، ئۇنداق قىلمىغاندا،

تەبىئەتنىڭ «جازا» سىغا ئۇچراپ، ھالاك بولىدۇ، دېگەنىدەك بىر خىل قورقۇنچلۇق ۋەھىمىلىك خاھىش گەۋدىلىنىپ قالغان. ھەتتا ئەسەردە «ھايۋانات باغچىسى» دىن ئىبارەت بۇ خىل مەدەنىيەت بەلگىسىمۇ يازغۇچى تەرىپىدىن ھايۋانات، ئۇچار قۇشلارنى «ئۆز ئەركىنىگە قويۇپ بەرمىگەنلىك»، «چۈشەپ قويغانلىق»، «ياشاش ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىنغانلىق» دەپ ھېسابلىنىپ، يەككىلىك بىلەن ئىنكار قىلىنىۋېتىلگەن. پىكرىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ئەسەردىكى باغچا خىزمەتچىسىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى مىسال كەلتۈرىمىز: «مۇشۇ بىچارە ھايۋانغا نېمە كۈن مۇشۇ؟! مۇشۇلارمۇ خۇدا ياراتقان جان ئەمەسمۇ؟ خەقنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ۋە پۇل تېپىش ئۈچۈنلا بۇلارنى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىش، بالا - ۋاقىلىرىدىن، كەڭ تەبىئەتتىن مەجبۇرىي ئايرىپ، مۇشۇنداق قەپەسكە بەند قىلىۋېتىش ئۇلار (ھايۋانلارنى دېمەكچى) ئۈچۈن ئۆلۈمدىنمۇ ئارتۇقراق ئازاب ئەمەسمۇ؟»

بىز ئەلۋەتتە ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ، جانلىقلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى ئۆزئارا ماسلىقنى تەشەببۇس قىلىمىز. بىراق بۇ ماسلىق مۇناسىۋەت ھەرگىزمۇ تەبىئەتنى ئۆز قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ھالدا ئۆزگەرتىش مۇناسىۋىتىدىن ۋاز كېچىشنى بىلدۈرمەيدۇ. شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەككى، تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولغان ئۆزگەرتىش، بويسۇندۇرۇش ئىنسانىيەتكە بەخت، گۈزەللىك يارىتىشنىڭ بىر ئاساسى، ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى. شۇڭا ئىنسانىيەت زامانىۋى ئىلىم - پەن ۋاسىتىسى بىلەن تەبىئەت سىرلىرىنى ئاچىدۇ، ئۇنى ئىگىلەيدۇ، ئۆزگەرتىپ بارىدۇ. جانلىق مەۋجۇداتنى ئاسراش، ئۇلارنىڭ نەسلىنى تېخىمۇ كۆپەيتىشكە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، ئۇلارنى كۆندۈرۈپ تۈرلۈك مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇلارنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىپ، «قوغداش، ئاسراش» نىلا تەكىتلەپ، ئۇلارنى مۇتلەق «ئەركىن ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش» نى تەشەببۇس قىلىش، ئىنسانىيەتنى بىر تەرەپلىمە ھالدا ئەيىبلەش، ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش، بويسۇندۇرۇش پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئۈستىدىن قارىغۇيۇق «چىرىكلىك» دەپ شىكايەت قىلىش جەمئىيەت تەرەققىياتى نۇقتىسىدىنمۇ، بۈگۈنكى ئىنسانىيەتنىڭ كىرىزىس تۇيغۇسى ھەم بۇنىڭدىن بارلىققا كەلگەن ئۆز - ئۆزىنى سوتلاش ئېڭى نۇقتىسىدىنمۇ توغرا ئەمەس. ئەسەردە ئىشقىيار بىلەن روتا كوماندىرى ئوتتۇرىسىدا بۇغا بالىسىنى ئۆلتۈرۈپ، پولك كوماندىرىنىڭ كېسىلىگە دورا قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە تەپسىلات بېرىلگەن. بىز بۇ تەپسىلاتنى ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا ئۇنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان، ئاپتور تەرىپىدىن ئادەملەرگە قويۇلۇۋاتقان مۇنداق ئورۇنسىز سوئاللارنى ھېس قىلماي تۇرالمايمىز: «تەبىئەتتىكى جانلىق مەۋجۇداتلارغا ئىنسانپەرۋەرلىك مۇئامىلىسى نېمىشقا ماس كەلمەيدىكەن؟»، «جانلىقلار تەبىئەتنىڭ بىر ئەزاسى دەپ قارالمىدىكەن، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭمۇ تەبىئەتتە خۇددى ئادەملەردەك ياشاش ھوقۇقى بولمامدۇ؟»، «ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئەخلاق مۇناسىۋىتى ئادەم بىلەن ھايۋانات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگىمۇ باپ كەلمەس بولمامدۇ؟» دېگەنگە ئوخشاشلار.

ئىككىنچى، ئادەم بىلەن تەڭرىنىڭ بىرلىكى توغرىسىدىكى ئەنئەنىۋى پەلسەپىۋى

قاراشلارغا قانداق ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى.

بىز ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تەرەققىيات جەريانىغا نەزەر ئاغدۇرى-
دىغان بولساق، ئەدىب، مۇتەپەككۇرلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ پەلسەپىۋى، ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە
تەبىئەت، تەڭرى، ئىنسان توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىنى بىلىمىز.
ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ فارابىنىڭ فانتىزملىق پەلسەپىسىنىڭ شەرقتە قازانغان
ئۇتۇقى شۇكى، ئۇنىڭدا تەڭرى (ئىلاھ) ئىنكار قىلىنمايدۇ. بەلكى تەڭرى تەبىئەتتىن
تاشقىرى بولماي، تەبىئەت ئىچىگە سىڭگەن دېگەن قاراش ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. تەڭرى
تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدە دەپ قاراپ، تەبىئەتتىن ھالقىغان ئىلاھنىڭ بولۇشى كەسكىن
رەت قىلىنىدۇ. فارابى يەنە ئادەمنى ماددىي نۇقتىدىن تەبىئەت بىلەن قوشۇۋېتىدۇ. نە-
تىجىدە فارابىنىڭ فانتىزملىق پەلسەپىسىدە «ئادەم بىلەن تەڭرىنىڭ بىرلىكى» دەلىللىنىدۇ.

11 - ئەسىردىكى مۇتەپەككۇر يۈسۈپخاس ھاجىپمۇ ئۆزىنىڭ تەبىئەت قاراشلىرى پەلسە-
پىسىدە تەڭرىنى تەبىئەتكە زىت ئورۇنغا قويماستىن، تەبىئەت ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى
بىلەن، ئالەم گارمونىيىسى ۋە تەبىئەت قانۇنىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ
ئىزاھلىغان. ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا باشتىن - ئاخىر سىڭگەن
بۇ خىل ئىلغار پەلسەپىۋى قاراشلار ئوتتۇرا ئەسىر خۇراپاتلىقىدا، فېئودال ھاكىمىيەت-
لەقلىق، ئىلاھىيەتچىلىك قاراشلىرى ئاستىدا خورلىنىۋاتقان ئادەمنى، ئادەمنىڭ ئەقلىنى
ئۇلۇغلاش، ئۇنى ئالەم بىرلىكى قارىشى ئاساسىدا قوغداشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى.

يۇقىرىقىلاردىن ئېنىقكى، مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزدىكى ئاۋۋال «تەڭرى
بىلەن تەبىئەتنىڭ بىرلىكى» دىن «تەڭرى بىلەن ئىنساننىڭ بىرلىكى» نى يارىتىش
چۈشەنچىلىرىدە باشتىن ئاخىر بىر تەرەپتىن تەبىئەتنى ئۇلۇغلاش، سۆيۈش، قەدىرلەش
ئىدىيىسى تەشەببۇس قىلىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئادەمنىمۇ ئۇلۇغلاش، قەدىرلەش ئىدى-
يىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. تەڭرى - تەبىئەت - ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتى «ئالەم
بىرلىكى» نۇقتىئىنەزەرىنىڭ يادروسى قىلىنغان. ئەدەبىياتىمىزدا ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنى-
يىتىمىزدىكى مۇشۇنداق تەرەپلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىش زۆرۈر.
«ئاقساق بۆغا» دا ئەنئەنىۋى پەلسەپىۋى قاراشلىرىمىزدىكى يۇقىرىقىدەك تەڭرى - تەبىئەت-
ئادەم مۇناسىۋىتىدىكى ئىچكى گارمونىك بىرلىككە دىققەت قىلىنمىغانلىقتىن، ئادەملەرنى
پۈتۈنلەي ئىجتىمائىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن باھالاپ، ئۇنى تەبىئەتتىن ئايرىپ تاشلاپ،
تەبىئەتكە ئاپەت ئېلىپ كەلگۈچى تاشقى ئامىلغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. بەزى تەپسىلات-
لاردا ھەتتا ئادەملەرنىڭ ئورنى كەمسىتىلىپ، بىر تەرەپلىمە ھالدا تۆۋەنلىتىۋېتىلگەن،
تەبىئەت ئالدىدا، جانلىقلار ئالدىدا جاۋابكارلىق سەھنىسىگە چىقىرىپ قويۇلغان. ئېشقىيار
بۇ سەھنىدىكى جاۋابكارلارنىڭ بىرىدۇر.

«ئاقساق بۆغا» ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ، جانلىقلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى مۇلا-
ھىزىلىك ئەسەر بولغاچقا، مەزكۇر ماقالىدىمۇ مۇلاھىزە ئاساس قىلىندى. ئاخىرقى ھۆ-
كۈم، باھا يەنىلا ھۆرمەتلىك كىتابخانلارغا مەنسۇپ.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

# چەتئەل ئەدەبىياتىدىن

فرانسۇۋا گاركو (فرانسىيە)

## گۈل ساتقۇچى قىز

(ھېكايە)

— ئەپەندى، ئەپەندى، گۈلدىن ئازراق ئېلىڭ.

ئەر كىشى قەدىمىنى توختىتىپ، تاكى تاڭ ئاتقۇچە ئۇزۇن ئورۇندۇقتا تىك ئولتۇرۇپ چىققان گۈل ساتقۇچى قىزچاققا تىكىلدى.

— قانداق گۈل؟ — سورىدى ئۇ.

— مانا، — دېدى بىچارە قىزچاق يىرتىق جىلىتكىسىنىڭ ئىچىدىن سولىشىپ قالغان ئىككى دەستە گۈلنى ئېلىۋېتىپ، — ماگا ئوخشاش گۈل... ماكچىيىپ كەتكەن.

— بوپتۇ ئالاي.

— چۈنكى بۇنى تۈنۈگۈن ئەتىگەن ئۈزگەن.

تاتىراڭغۇ قۇياش كۆتۈرۈلۈپ، قىشتىكى كۆكۈش كۈن نۇرىغا چۆمگەن كىرىس كوچىسى ئەتىگەنلىك تۇماندا غۇۋۋالىشىپ كەتكەنىدى. ھېلىقى ئەر كىشى ئوڭ قولىنى پەلتۇسىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، ئۇششاق كۆمۈش تەڭگىدىن بىرنى ئالدى-دە، قىزچاققا ئۇزاتتى. قىزچاق پۇلنى ئالدى.

— قايسىسى ياخشىراقتۇ؟ — شۇئان سورىدى گۈل ساتقۇچى قىز.

— بولدى، ماڭا لازىم ئەمەس، ئۆزۈڭدە قالسۇن.

— رەھمەت سىزگە، ئەپەندى! — دېدى قىزچاق.

ئەر كىشى ماشىنا ئىزدەپ ماڭدى. قىزچاق كوچىنىڭ پىيادىلەر يولىدا ئېغىر پۇتلىرىنى سۆرەپ بېسىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئۇ ئون ئىككى ياشتا ئىدى. قىزچاق ساپسېرىق چاچلىرىنى ئوقەتچى قىزچاقلاردەك تۈرۈپ، پېشانىسىگە قىستۇرۇۋالغانىدى. تېۋىتىلىق يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن پەلتۇسى تىزىدىن ئاشمىغاچقا، ئۇنىڭ ئىنچىكە پاقالچاقلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قارا پايپىقى ئۇنى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان پاھىشە ئاياللارنىڭ سىياقىغا كىرگۈزۈپ قويغانىدى.

— ئەپەندى! — ۋارقىرىدى قىزچاق ئىتتىك-ئىتتىك مېڭىپ.

ئەر كىشى كەينىگە بۇرۇلۇپ، قىز يېقىنراق كەلگەندە ئۇنىڭدىن:

— نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟ — دەپ سورىدى پەس ئاۋاز بىلەن.

— بۇ، — دېدى قىزچاق قورۇنۇپ، — بۇ ئەتراپتىن ماشىنا تاپالمايسىز، ياخشىسى، مەيخانىغا بارايلى، قانداق دەيسىز؟

— مەيخانىغا؟

— ھەئە، ھازىر مەيخانىلار ئېچىلدى، مەشەدە ماشىنا كۈتكەن ئارىلىقتا ماڭا بىر پىيالە قەھۋە ئېلىپ بېرىسىڭ،

ماقۇلمۇ؟ — قىزچاقنىڭ چىرايىدا بىلىنەر-بىلىنمەس تەبەسسۇم پەيدا بولدى. ئۇ گەپ-سۆز قىلماي، گۈلنى ئويناپ تۇراتتى.

— ماقۇل، ئېلىپ بېرەي، — دېدى ئەر كىشى ئۇچۇق - يورۇقلۇق بىلەن. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى مەيخانىغا كىردى. ئۇيقۇسى ئېچىلمىغان مەيپۇرۇش ھېسابلاش ماشىنىسىنى سۇرتۇۋاتاتتى.

— سۈتلۈك قەھۋەدىن ئىككى پىيالە كەلتۈرۈڭ، — ۋارقىرىدى گۈل ساتقۇچى قىز. ئۇ ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان كۆك كۆزلىرىنى ئەر كىشىگە تىكىپ پەس ئاۋازدا قوشۇپ قويدى، — ماڭا ئوخشاش كېچىنى تالادا ئۆتكۈزسىڭىز، توڭۇپ كېتىسىز، ئۆزىڭىزمۇ بايقىغانسىز؟ تەلىيىمگە بەزى ئەپەندىلەر مېنى پات - پات كېلىپ... ئەتىگەندە... كىنو كۆرۈپ چىقىپ...

— ھە!

— راست دەۋاتىمەن، — دېدى قىز قەتئىيلىك بىلەن.

ئەركىشى ئارامسىزلىنىپ چوڭ يولغا قارىدى، ئۇ بۇ يەردە خۇددى يېپىقلىق قەلەي تۇڭنىكىدەك خىرە - شىرە كۆڭ نۇرىدا تولىمۇ مەينەت كۆرۈنەتتى.

— ئەپەندىلەرمۇ، — دېدى ئۇ غەلىتە تەلەپپۇزدا تەكرارلاپ.

— ھەئە، — دېدى گۈل ساتقۇچى قىز يەنىمۇ چۈشەندۈرۈپ، — ئەپەندى دېسىڭىز ئۇلار خۇش بولۇپ كېتىشىدۇ. مەن گۈلنى ئېلىپ بارسام، ئۇ مەن بىلەن كەپلىشىدۇ. راستىمنى ئېيتسام، كەپلىشىشكە پۇرسەت كۈتۈشنىڭ ئۆزى سودا، لېكىن كەپنىڭ ئايىغىنى چىقارمايدىغانلارمۇ چىقىپ قالىدۇ.

— نېمىشقا؟

— نېمىشقا؟ — دېدى قىز ئەر كىشىنىڭ قىياپىتىنى مەمنۇنىيەت بىلەن دوراپ.

— مەن ... —، دېدى ئەر كىشى، — مەن خالىمايمەن...

قىزچاقنىڭ يۈزىدە يەنە بىلىنەر-بىلىنمەس تەبەسسۇم پەيدا بولۇپ، شۇئانلا يوقالدى.

— چۈنكى مېنىڭ يېشىم تېخى كىچىك - تە، — دېدى ئۇ گەپنىڭ توغرىسىنى ئېيتىپ، كۆزلىرىدىن سوغۇق نۇر چاقنىتىپ، — بولمىسا باشقا ھەر خىل باھانىلەرنى تاپىدۇ، مېنى ياراتمىغانلارنى مۇشۇ مەيخانىغا باشلاپ كېلىمەن. تىرالىلىبۇس ئۆتۈپ كەتكىچە ساقلايدۇ. لېكىن مەن بىللە سىنتۇئان كوچىسىغا بارمايدىغانلار ناھايىتى ئاز... چۈنكى سىنتۇئان كوچىسىدىكى ئۆيىمىزدە يەنە بىر ئاچام بار. ئاچام مەندىن خېلىلا چوڭ، — دېدى ئۇ ئاخىرىدا سۆزىنى ئاياغلاشتۇرۇپ.

(«جۇڭگو ۋە چەت ئەل مىكرو ھېكايىلىرىدىن زوق ئېلىش لوغىتى»دىن)

مۇساجان ئەزىزى تەرجىمىسى.

سىراۋومىل مولوسېكو (پولشا)

## بىر پۇقرانىڭ تەقدىرى

(ھېكايە)

گەپنى تولا ئەگىتمەيلا قىلايلىچۇ. بۇ ۋەقە دۆلىتىمىزنىڭ چەت بىر بۇلۇڭىدا بولغان. ئۇ يەرنىڭ ھاۋارايى شەھەرنىڭكىدىن پەرقلەنمەيدۇ. تۆت پەسىلنىڭ

ئالمىششى، بوران، شامال، يامغۇر - يېشىن، كۈننىڭ چىقىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ۋاسى چوڭ شەھەرلەرنىڭكىگە ئوپمۇ-ئوخشاش. پەقەت يەرلىك دائىرىلەرنىڭ ئىجادكارلىقىلا ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدۇ، ھەتتا ئادەمنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدۇ. ئۇلار شۇ يەرنىڭ ھاۋارايى ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن مۇشۇ بولۇڭ - پۇچقاقتا بىر ھاۋارايى پونكىتى قۇرۇشنى قارار قىلغان. بۇ ئەسلىدە ھەيران قالغۇدەك چوڭ ئىشمۇ ئەمەس، كىچىككىنە بىر پارچە تۆت چاسا يەرنى ئاجرىتىپ، ئەتراپىنى ئاق سىرلانغان رىشاتكا بىلەن قورشاپ، بوش يەرنىڭ مەركىزىگە ئۆلچەش ئاپپاراتى سېلىنغان ساندۇقنى ئىنچىكە، ئۇزۇن، تۆت پۇتلۇق جاھازىنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىپلا قويغان، خالاس.

باشقۇرغۇچى خادىمنىڭ ئۆيى ھاۋارايى پونكىتىنىڭ يېنىدا بولۇپ، ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۆلچەش ئاپپاراتىغا قاراپ قويۇش، ھاۋارايىغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللار توغرىسىدا ئەيىنەن دوكلات يېزىش، يۇقىرى سورۇشتۇرۇپ قالسا ھودۇقۇپ قالماي، ھازىر جاۋاب بولۇش ئۈچۈن زۆرۈر ماتېرىياللارنى تەقلەپ قويۇشتىنلا ئىبارەت.

باشقۇرغۇچى خادىم ئىنتايىن سەممىي يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ دوكلاتىنىڭ خەتلىرى ئېنىق، رەتلىك، مەزمۇنىمۇ ھامان توغرا، ئىشەنچلىك بولاتتى. ناۋادا يامغۇر يېغىپ قالسا، ئۇ بۇ يامغۇرنى ئېھتىمالى بولغان ھەممە جەھەتلەردىن تولۇق بايان قىلمىغۇچە كۆڭلى ئارام تاپمايتتى. مەسىلەن، يامغۇرنىڭ قانداق ۋاقىتتا ياغقانلىقى، يامغۇر مىقدارىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى، قانچە ۋاقىت داۋام قىلغانلىقى قاتارلىقلارنى ئۇ كۈن چىقىپ، ھاۋا ئېچىلىپ كەتسىمۇ ھېچقانداق بوشلۇق قالدۇرماي تولۇق يازاتتى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن راستچىل ئىدى، لىللا ئىش قىلاتتى. ئۇ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۆزىنى بېقىۋاتقان كىشىلەرنىڭ تىرىشىپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۆز خىزمىتىنى ھەقلىق يوسۇندا جان - دىلى بىلەن بېرىلىپ ئىشلىشى لازىملىقىنى ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ زادى قولى بوشىمايتتى، چۈنكى بۇ يەرنىڭ ھاۋارايى ھېلىدىن ھېلىغا ئۆزگىرىپ تۇراتتى.

يازنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە بوران، شامال ئەدەپ، بوران، شامال بىلەن تەڭلا قاتتىق يامغۇر ياغاتتى. ئۇ، بوران، يامغۇر ئەھۋالىنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە ئىنچىكىلەپ خاتىرىلەپ، باش شتابقا ئۇدۇللۇق يوللاپ تۇراتتى، بوران، يامغۇر بېسىقماي داۋام قىلاتتى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ ئۆيىگە ياشانغان، تەجرىبىلىك بىر خىزمەتدىشى كېلىپ قالدى ۋە ئۇنىڭ ئىش - ھەرىكىتىگە سەپسالدى. ئۇ كېتەر چاغدا پەرۋاسىزلىق بىلەن:

— بۇرادەر، مېنىڭچە، يازغان دوكلاتىڭدا ئازدۇر - كۆپتۇر ھەسرەت - نادامەت ئامىللىرى بارمۇ - قانداق؟ — دېدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دەپ سورىدى باشقۇرغۇچى خادىم ھاڭ - تاڭ بولۇپ، — سىرتتا چېلەكتىن قۇيۇلغاندەك شارقىراپ يامغۇر يېغىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىسەنغۇ.

— شۇنداق، توغرا. ئەلۋەتتە، بۇنى ھەممە ئادەم كۆرەلەيدۇ. لېكىن - زە، سەن بۇنى چۈشەنمەيسەن، بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن سەگەك بولۇپ، ئىلمىي قارىشىمىز كېرەك، دىققەت قىل، لېكىن بۇ مەن بىلەن ئالاقىسىز ئىش، پەقەت دوستلۇق

يۈزىسىدىنلا بۇ گەپنى قىلىۋاتىمەن.

بۇ پېشقەدەم ھاۋارايى خادىمى كالىچىنى كىيىپ، بېشىنى چايقىغىنىچە چىقىپ كەتتى. ئۆينىڭ ئىچىدە باشقۇرغۇچى خادىم يالغۇز قېلىپ، دوكلات يېزىشقا كىرىشتى. ئۇ تەشۋىشلىنىپ كۆككە كۆز يۈگۈرتتى، لېكىن يەنىلا يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇ ئۇشتۇمتۇت يۇقىرى رەھبەرلىكنىڭ چاقىرتقان قەغىزىنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇيرۇق چۈشۈرگۈچى ئەڭ ئالىي رەھبەرلىك بولمىسىمۇ، لېكىن يەنىلا يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئىدى. ئاخىرى ئۇ يامغۇرلۇقىنى كۆتۈرۈپ شەھەرگە كەلدى. باشلىق ئۇنى ئازادە-كۆركەم ئۆيدە قوبۇل قىلدى. سىرتتا يېغىۋاتقان يامغۇر ئۆگزىگە تاراسلاپ چۈشۈۋاتاتتى.

— سىزنى چاقىرتىشىمىزدىكى سەۋەب، — دېدى باشلىق، — يوللىغان دوكلاتىڭىزدا بىر تەرەپلىمىلىك بار ئىكەن. بىز بۇنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتۇق. يېقىندىن بۇيان يوللىغان دوكلاتلىرىڭىزدىن قانداقتۇر بىر خىل ئۈمىدسىزلىك چىقىپ تۇرىدۇ. كۈزلۈك يىغىم يېقىنلىشىۋاتسا، سىز ھەدېسىلا يامغۇر ياغقانلىقى توغرىلىق توختىماي دوكلات يېزىۋېرىسەن، سەن ئۆز مەسئۇلىيىتىڭنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلمەمسەن؟

— ئۇنداق دېگەن بىلەن يامغۇر توختىماي يېغىپلا تۇرسا... — دېدى باشقۇرغۇچى خادىم.

— خۇپسەنلىك قىلىپ ئۆزۈڭنى مەسئۇلىيەتتىن قاچۇرما، — دېدى باشلىق تەلەتىنى بۇزۇپ ۋە ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان ھۆججەتلەرنىڭ ئۈستىگە مۇشتلاپ، — يېقىندىن بېرى يوللىغان دوكلاتلىرىڭنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە، تېنىۋالىمەن دەپ خام خىيال قىلمىسا. سەن ئۆزۈڭ بىر مۇنەۋۋەر خىزمەتچى، لېكىن تازا بېلى بوش بىر نېمىكەنسەن، ساڭا شۇنى ئېيتىپ قويايكى، بىز ھەرقانداق ئۈمىدسىزلىك خاھىشلىرىغا ھەرگىز يول قويالمايمىز.

قوبۇل قىلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھاۋارايى خادىمى يامغۇرلۇقىنى قولتۇقىغا قىستۇرغىنىچە توپتوغرا ھاۋارايى پونكىتىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ يول بويى چىلىق-چىلىق قارا تەرگە چۆمدى. ئاخىرى زۇكامداپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. لېكىن بۇنىڭ قاتتىق يامغۇر سەۋەبىدىن بولغانلىقىنى ئۇنىڭ زادىلا ئىقرار قىلغۇسى كەلمىدى.

ئەتىسى ھاۋا بىرئاز ياخشىلاندى، ئۇ يەنىلا ھاياجان ئىچىدە دەررو بىر دوكلات يازدى:

«يامغۇر پۈتۈنلەي توختىدى، شۇڭا ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، بۇ يەردە ئەزەلدىن قاتتىق يامغۇر يېغىپ باققان ئەمەس، پەقەت ئانچە-مۇنچە تامچىلاپلا يېغىپ باققان. ھازىر قۇياش نۇرى كۆزنى نەقەدەر چاقنىتىپ تۇرىدۇ-ھە!»

بەللى، قۇياش راستتىنلا بۇلۇت قاتلاملىرىنى يېرىپ چىقتى؛ ھاۋا ئېچىلىشقا باشلىدى، يەردىن ھور كۆتۈرۈلدى، باشقۇرغۇچى خادىم خۇشاللىقتىن شادىيانە مۇزىكىلارغا كەلتۈرۈپ ئىسقىرتقىنىچە ئۆز ئىشىغا كىرىشتى. چۈشتىن كېيىن يەنە سوغۇق شامال چىقىپ، ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلىدى. ئۇ زۇكامداپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، دەررو بۆلۈمىگە كىرىۋالدى. كېيىنكى دوكلاتنى يېزىش ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ مۇنداق يازدى: «قۇياش يەنىلا بۇرۇنقىدەك نۇر چېچىپ تۇرىدۇ، كوپېرنىك ئاللىقاچان

شۇنى ئىسپاتلىمامدىكى، قۇياشنىڭ پەيدىنىشى پەقەت بىرخىل يۈزەكى ھادىسە. ئەمەلىيەتتە قۇياشنىڭ نۇر چاچمايدىغان ۋاقتى يوق، پەقەت...»

ئۇ دوكلاتنى يېزىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بىردىنلا توختاپ قالدى. كۆڭ-لىدە دەككە - دۈككە پەيدا بولدى. بىرنەچچە چاقماق چېقىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەلەي سىناپ بېقىش خىيا-لىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، توغرى-سىنىلا يازدى: «سائەت 17 دە قاتتىق بوران، يامغۇر باشلاندى».

ئەتىسىمۇ بوران - چاپقۇنلۇق كۈن بولدى، ئۇ، بۇ ئەھۋالنى خەۋەر قىلدى. ئۈچىنچى كۈنى بوران - يامغۇر بېسىقتى، لېكىن مۆلدۈر يېغىشقا باشلىدى. ئۇ، بۇنىمۇ خەۋەر قىلدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپ كەتتى. تاكى پوچتى-كەش يەنە بىر پارچە چاقىرتىش خېتىنى تاپشۇرغانغا قەدەر ئۇ مۇشۇ تۇيغۇدا بول-دى. بۇ قېتىمقىسى بىۋاسىتە مەركىزدىي باشقۇرغۇچى دائىرىلەردىن كەلگەنىدى.

ئۇ شەھەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، غەم - ئەندىشىلەردىن پۈتۈنلەي خالىي بولدى. ئۇنىڭ ئۇدا بىرنەچچە كۈن مەلۇم قىلغىنى ھاۋانىڭ تامامەن ئوچۇقلۇقى، قۇياش نۇرىنىڭ كۆزنى چې-قىپ تۇرغانلىقىدىن ئىبارەت ئىدى. كۈ-تۈلمىگەندە ئۇنىڭ مەلۇماتىدا دىئالېكتى-كا ئامىللىرى بار دەپ ھېسابلىنىپ قال-دى. مەسىلەن، «قىسقا مۇددەتلىك يامغۇر گەرچە مەلۇم دەرىجىدە قىيان ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھەرقانداق قى-يىنچىلىق تونېل قازغۇچى ئەسكەرلەر بىلەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش قىسىملىرىنىڭ جەڭگىۋار روھىنى توسۇپ قالالمىغان.»

ھاۋانىڭ ئوچۇقلۇقى توغرىسىدىكى مەلۇمات بارغانسېرى كۆپەيدى. بەزىلىرى ھەتتا شېئىردىي شەكىلدە بايان قىلىندى. لېكىن تەخمىنەن ئىككى ئايدىن كېيىن، ئۇ، دائىرىلەرنى جەزمەن ئالاقزادە قىلى-ۋېتىدىغان مەلۇماتتىن بىرنى يوللىدى. ئۇنىڭدا: «شورى قۇرغۇر قاتتىق يامغۇر» دەپ باشلىنىپ، ئۇنىڭ ئاخىرى قېرىنداش بىلەن قالايمىقان ئۆچۈرۈلگەن مۇنۇ قۇر-لار بىلەن ئاخىرلاشتى: «لېكىن كەنتتىكى ھېلىقى تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىدە دۇنياغا كەلگەن بوۋاقنىڭ كېسىلىنى گەرچە ھەممىلا ئادەم ساقىيالمايدۇ، دەپ قارىغان بولسىمۇ، لېكىن سەللىمازا ساقىيىپ ياخشى بولۇپ كەتتى.»

تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئىسپاتلىدىكى، ئۇنىڭ بۇ مەلۇماتنى يازغان ۋاقتى دەل ئۇنىڭ ئىچىپ غەرق مەست بولۇۋالغان ۋا-تى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچكىنىمۇ ھاۋارايىنى ئۆلچەش ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا ئېلىنغان ھاراق ئىدى.

شۇندىن كېيىن، بۇ يەرنىڭ قۇياش نۇرى چاقناپ تۇرىدىغان ھاۋاسىمۇ كاشى-لىسىغا ئۇچرىمايدىغان بولدى. ئۇ، لورد شەھىرىدە① ياسالغان شەيتان قوڭغۇرى-قىنى كۆتۈرۈپ، ئاسماندىكى قارا بۇلۇت-نى تارقىتىۋېتىش كويىدا كەڭ دالىدا ھەريان چېپىپ يۈرگەن چېغىدا ئۈستىگە چاقماق چۈشۈپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئەسلىدە ئۇ بىر سەممىي ئادەم ئىدى.

(«تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىل 3 - سانىدىن)

رەيھان ئابابەكرى تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

---

① لورد شەھىرى—فرانسىيەنىڭ بىر شەھىرى.

# ئەدىب ۋە يول



ئابدۇ رىهىم ئۆتكۈر، ئابدۇ شۈكۈر يالقىن ۋە ئابدۇللا تالىپلار يىغىندا.



تېيىبجان ئېلىيېۋ، قەيىۇم تۇردى، ئابدۇشۈكۈر يالقىنلار ئاممىا ئارىسىدا.



سۇزۇك، مۇھەممەت رىهىم، ئابلىمىت هاجى، ئابدۇ سەمەت خېلىل، هاجى ئەخمەت، تاهىر تالىپ، جېلىللار سۆهبەتتە.



ئۆسن سۇلتۇن، زوردۇن سابىر، قەيىۇم تۇردىلار چارۋىچىلار ئارىسىدا.



قەشقەردىكى بىر تۈركۈم ياش ئەدىبلەر.




ياش ئەدىبلەر تۇرمۇش قاينىمىدا.



بىر تۈركۈم ياش ئەدىبلەر تۇرپاندا.

www.uyghurkitap.com




《塔里木》文学月刊（维吾尔文）

TARIMAMONTHLY LITERATURE jOURNAL

IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各地邮局所

1992 ـ يىل 5 ـ سان (375 ـ سان)، 42 ـ يىل نەشرى.
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 416214.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

国际统一刊号：ISSN 1002－9044　ISSN 1002 ـ 9044 خەلقئارالىق بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:

国内统一刊号：CN 65－1010／I　CN 65 ـ 1010 / I مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:

邮发代号：58－66 定 价：1.70 元　پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 66 ـ 58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 1.70 يۈەن

邮政编码：830000 پوچتا نومۇرى: